


ISSN 1002-9044
9 771002 904009 09>

1995 9

## ئەدىبلىرىمىز شەرەپ مۇنبىرىدە



مەملىكەت بويىچە 4-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان بىر قىسىم ئاپتورلار.



بېيجىڭدا 5-نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر.




90-يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار.



تۇنجى قېتىملىق «تارىم» مۇكاپاتى تارقىتىلماقتا.



جۇاڭ جۇڭۇېن ئەدەبىيات مۇكاپاتى يەنە بىر شەرەپ كەلتۈردى.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

9

1995

باش مۇھەررىر

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.**

uyghurkitap.com

## ماقالىلەر


قەييۇم تۇردى ........... شانلىق 45 يىل ........................5

مەھەممەت شاۋۇدۇن ...... «تارىم» ئىلگىرىلىمەكتە ........................12

ئەنۇەر ئابدۇرېھىم ....... «تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇياقى نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىگە نەزەر ........................25


## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەنۇەر مۇھەممەد ........ تەكلىماكان ئوغلى (ئەدەبىي ئاخبارات) ........38

نۇرمۇھەممەت توختى ...... ئۇزاقتا سوزۇلغان شېرىن چۈش (ھېكايە) ........55

جاپپار قاسىم ........... ھازىخاننىڭ ھازىسى (ھېكايە) ........68

ئالىمجان ئىسمائىل ....... تۇمانلىق شەھەر (پوۋېست) ........78

تۇرغان شاۋۇدۇن ........ توغماس (پوۋېست) ........104


## شېئىرلار


تۆمۈر داۋامەت ........... مۇبارەك قىرىق بەش يېشىڭغا «تارىم» ........4

ئىمىن ئەخمىدى .......... شېئىرلار ........32

ئادىلجان ئابدۇقادىر ...... گۈل ھەممە سۆزۈك ........34

مۇساجان يۇنۇس ......... ئۈچ شېئىر ........35

ئىبراھىم نىياز .......... ئىككى شېئىر ........36

دولقۇن روزى ........... ئانا ناخشىسى ........37

مۇھەممەتجان راشىدىن ... غەزەللەر ........70

ماخمۇتجان ئىسلام ....... ياڭرايسەن كۆيۈمدە سەن ھامان «تارىم» ........74

ئىلھام ئۆمەر ........... ئانامغا ........77

ئابابەكرى توختى ........ مۇھەررىر ئاغىنەمگە ........77

## بۇ ساندا


توختى سابىر ........... ھايات قايناملىرى ......................98

سەلەي قاسىم .......... كۆي تۆكۈلەر سەھرا قوينىدىن ...........100

ھوشۇر ئىبراھىم ........ خەلقىم .............................100

مۇھەممەد ئىمىنئەھمەد .... ئىككى شېئىر ......................101

ئېزىز ھوشۇر .......... سۆيگۈ دېگەن ئالەم ئۇچۇن قۇت ...........102

ئابلەت ئابدۇرېشىت ...... ھېكمەت سوقماقلىرى ....................103


### ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى


ئابدۇجېلىل دامولla ھاجى ......................147

دانىش ھەنەفى ...........................149


### تەرمە گۈللەر


زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت .... قومۇش كۆل (ھېكايە) ...................152


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


مېشىل خوست .......... ھۆۋلىغان ئاۋاز (ھېكايە) ..................159


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

مەسئۇل كوررېكتور: قەييۇم تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com

«تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

تۆمۈر داۋامەت

## مۇبارەك قىرىق بەش يېشىڭغا «تارىم»

كۆرمىدىڭ يىل ئېقىپتۇ تارىم دەرياسى،
ياشنىتىپ زېمىنىنىڭ گۈل-گىياھىنى.
شۇ دەريا نامىدا ياشنىغان ژۇرنال
چاقناتتىڭ دىللارنىڭ نۇر-زىياسىنى.

سەن سەنئەت گۈلزارى گۈللەرگە تولغان،
سەن ئەقىل، ئىلھامنىڭ مۇنبىرى يۈكسەك.
سەن ھېكمەت، مەنىلەر ئەينىكى گويا،
سېھرىڭگە مەھلىيا مىليونلاپ يۈرەك.

سەن مەكتەپ ئانىلىق مېھرىگە تولغان،
يېتىشتى تالانتلار سەندە تالايلاپ.
سەن ئۈملۈك كارنىيى، ئۈملۈك بايرىقى،
ئالدىڭدا كەلگۈسى كۆلمەكتە پارلاپ.

مۇبارەك قىرىق بەش يېشىڭغا بۈگۈن،
مىڭ تۈمەن يىل ئاقسۇن ئۆمرۈڭ دەرياسى.
ئەدىبلەر بىرلىشىپ كۆتۈرسۇن سېنى،
بېيىسۇن خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسى.

1995-يىل 17-ئىيۇل، ئۈرۈمچى

قەييۇم تۇردى

# شانلىق 45 يىل

— «تارىم» نىڭ 45 يېشىغا مۇبارەك

1

نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخ ئىزى ۋە پارلاق مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئەتىۋارلىق روھىي تۈۋرۈكلىرىمىزدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە «تارىم» نىڭ دۇنياغا كېلىشى كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى كىشىنى شادلاندۇرىدىغان چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە كاتتا ۋەقەلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تارىم» ـ ئانا دەريا تارىمنىڭ بۇژغۇنلانغان ئۇركىشى، ئۇنچە ـ مەرۋايىت چاچرىتىپ كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك دولقۇنى، نەرە تارتقان قۇتلۇق ساداسى.

«تارىم» جاھانغا كۆز ئېچىشى بىلەن تەڭ، تارقاق سەپنىڭ جەلپكار بايرىقى، ئىجادكارلارنىڭ بەيگە سەھنىسى، بىلىم ئىشقىۋازلىرى ئۈچۈن مەكتەپ، گۈل ـ غۇنچىلار ئۈچۈن پەرۋىشكار باغۋەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېتىلىنىش، گۈللىنىش، مۇكەممەللىشىش ۋە پاكلىنىش جەريانلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخ يۈكلىگەن بۈرچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ كەلدى، تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور بولدى.

شـۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇ بايراققا قاراپ تېگىزلەنمىگەن، بۇ بەيگە سەھنىسىدە پەرۋاز قىلمىغان، بۇ مەكتەپنىڭ بىلىم شەربىتىدىن ھـوزۇرلانمـىغـان، بـۇ باغنىڭ شېرىن ـ شېكەر مېۋىسىنى تېتىپ باقمىغان بىرمۇ كىشى بولمىسا كېرەك.

بەدىئىي ئەدەبىيات ئەزەلدىن ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ يېتىلىش خاتىرىسى، ئەڭ جانلىق مەدەنىيەت پـائالىيىتى ھەمدە تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان ئىچكى دۇنيانىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى سۈپىتىدە، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە ئۆزىگە رىغبەت ـ ئىلھام ئاتا قىلىشتەك تـەڭداشسـىز مەنىۋى يېتەكچىلىك قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەر خىل

www.uyghurkitap.com



سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنسانىيەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، بىللە ياشاپ كەلمەكتە ۋە مەڭگۈ بىللە ياشىغۇسى.

بىزنىڭ «تارىم»مۇ شۇنداق. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، مانا ئەمدى يىگىتلىك، قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم باستى. ئۇنىڭ ئەتىسى، تەھقىقكى، ئىنتايىن پارلاق. ئۇ ئەدەبىياتخۇمار ئەجداد - ئەۋلادىمىزنىڭ گۈزەل قەلب جاھاننەمەسى سۈپىتىدە ئەبەدىلئەبەد خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، مەڭگۈ بىللە ياشىغۇسى.

2

مەن «تارىم» بىلەن 1952 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولسا كېرەك، كوچادا يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنى پېشقەدەم شائىر مۆمىن سەپىرىنىڭ قولىدا تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ژۇرنالغا كۆزۈم چۈشۈش بىلەن ئىچ - ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىقىمنى خېلىغىچە باسالمايلا قالدىم، تاڭ سەھەردىكى چولپاندەك كۈلۈپ چىراي ئاچقان ژۇرنالغا، قېنىق رەڭ بىلەن نەقىشلەنگەن مۇقاۋىغا، ژۇرنالنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئېسىل ھۆسن خەتكە تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدىم. . . نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ مەن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئۆلكە دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى، رەڭگارەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات گۈلزارلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە پەيدا بولغان چولپان، يېپيېڭى سەھنە، مۇنبەر ئىدى!

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە، مەن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق»، «كۈرەش» ژۇرناللىرى بىلەن، كېيىنرەك ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ شۆبىۋەندە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تاشكەنت، ئالمۇتالاردا نەشر قىلىنغان «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىمۇ، ئەنە شۇنداق خۇشاللىققا چۆمگەن، ژۇرنال سەھىپىلىرىدىكى ئەدەبىيات چىمەنزارلىقىغا تەلپۈنگەن، بىلىم تەشنالىقىمنى قاندۇرۇش ئىستىكى بىلەن يېلىنجىغان ئىدىم.

مۆمىن سەپىرى كۆزۈمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

-ھە، ئۇكام، نېمىگە بۇنداق تىكىلىپ قالدىڭ، ژۇرنالغىمۇ؟ كۆرۈپ باقاي دېۋىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

-شۇنداق، - دېدىم مەن.

مۆمىن سەپىرى جىندەك ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۆگىنىڭكىدەك بەستلىك قامىتىنى رۇسلاپ، بوينىنى سەل سوزۇپ، بىر خىل خۇش پىيشىللىق بىلەن ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق دېدى:

-ئۇكام، ئەتە ئۆكتەبىر بايرىمىنىڭ ئۈچ يىللىقى، 1 - ئۆكتەبىر دېگىنە! سەن بولساڭ ئارىمىزدا يېشىڭ كىچىك، ئايىغىڭ تېتىك، قۇلىقىڭ يۇمشاق، قەلىمىڭ چىرايلىق يىگىت. مۇنۇ شېئىرنى قاچچىدە يەر ئىسلاھاتى كۇرسى تام گېزىتىگە كۆچۈرۈۋېتەمسەن؟

مۆمىن سەپىرى شۇ گەپنى دېگەچ، سىزىقسىز - ئۇزۇنچاق كەسمە قەغەزگە قومدەك ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن بىر - بىرىگە نىقتاپ يېزىلغان بىر شېئىرنى ماڭا سۇندى. بۇ، شائىرنىڭ كېيىنكى

چاقلاردا توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قىزىل تاڭ» ناملىق ئۇزۇن شېئىرى ئىدى.

مۆمىن سەيپىرى «قىزىل تاڭ»نى ماڭا سۇنۇۋېتىپ، بۇ شېئىرنى بالدۇرراق «تارىم»غا ئەۋەتىپ بېرەلمىگىنىگە ئەپسۇسلانغاندەك قىلدى. قارىغاندا، شائىرنىڭ چىرايلىق يېزىلغان بۇ لىرىكىنى ئاۋۋال ئاشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلغۇسى باردەك قىلاتتى.

بىز شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدىن كوچاغا كېلىپ، بۇ كورسقا قاتنىشىۋاتقان بىر توپ ساۋاقداشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۆمىن سەيپىرى شۇ كەمنىڭ ئۆزىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىر ئىدى. بەدىئىي ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان ۋە ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ، ئىجادىيەتتە ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە سىناپ «مەشىق» قىلىپ يۈرۈۋاتقانلار بولسا، ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، گۈللۈكتىكى كېپىنەكتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. مەن ئادەتتە يەر ئىسلاھاتى كورسى تام گېزىتىگە ياردەملىشىپ، ئاپتورلارنىڭ ماقالە، تەسىرات ۋە ئەدەبىي پارچىلىرىنى ھۆسن خەت بىلەن كۆچۈرۈشۈپ بېرىدىغان خالىس كاتىپ بولغاچقا، تۈزۈت قىلمايلا «قىزىل تاڭ»نى قولۇمغا ئېلىپ، قىزغىنلىق بىلەن:

- بولىدۇ، بۇ شېئىرنى ھازىرلا كۆچۈرۈپ تام گېزىتىگە چاپلىۋېتەي، - دېدىم ۋە بىر خىل قىزىقىش، تەلپۈنۈش نەزەرى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى ژۇرنالغا قاراپ قويدۇم.

مۆمىن سەيپىرى مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، ئاخىرى ژۇرنالنى ماڭا سۇندى:

- بوپتۇ ئۇكا، كۆرگۈڭ بولسا، ئاۋۋال سەن كۆرۈپ باققىن، - دېدى ئۇ، قىيمىغاندەك بىر خىل ھالەتتە ژۇرنالنى ماڭا بېرىۋېتىپ، - مەنمۇ تېخى بۇ ژۇرنالنى بايىلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىرىدىن ئارىيەت ئېلىۋېدىم. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى دولقۇنلىرى ئىچىدە ناھىيە، رايون، يېزىلاردا يۆتكىلىپ يۈرگەچكە، مەن بۇ ژۇرنالنى، ژۇرنال مېنى تاپالماي بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى دېگىنە. ئىلگىرى ئەدەبىيات بەزى سىياسىي، ئىجتىمائىي ژۇرناللارنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئەدەبىيات بەتلىرىگە قاپسىلىپ قالغاچقا، قەلەمدانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنە تولىمۇ تار بولۇپ قالغان. قاچان ئۆزىمىزنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي ژۇرنىلى نەشر قىلىنار دەپ ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى قەلەمكەش دوستلارنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى، «تارىم» چىقتى.

شائىرنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان «تارىم»غا بولغان مۇھەببىتىمۇ چەكسىز ئىدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم «تارىم»نى ماڭا تونۇشتۇردى، شۇنداقلا شائىرانە قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياجانلىق قەلبىنىمۇ نامايان قىلدى. «تارىم» دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ئاشۇ مىنۇتلار مەن ئۈچۈن شائىر مۆمىن سەيپىرى بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ، ئۆزئارا قەدىرلىشىپ ئۆتكەن 45 يىللىق ھايات سەپىرىمىزدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.

## 3

ھەممىگە ئايانكى، بەدىئىي ئەدەبىيات چوڭقۇر تارىخىي، پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بىر خىل تىرەن مەنىلىك مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ ئەقىدە - ئەخلاق، روھىي قىياپەت ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزگىچە خاس شەكىل بىلەن ھەم جانلىق، ھەم ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلىك

تۇرمۇشتىكى ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئوخشىمىغان تىپىك ھالەتلىرىنى نـايـامان قىلىپ، «ئۆزىنى تونۇتۇش»، «ئۆزىنى يېڭىلاش» ۋە «ئۆز - ئۆزىگە رىغبەت - ئىلھام ئاتا قىلىش»تەك بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. روناق تاپقان، گۈللەنگەن ۋە ئىلمىيلەشكەن ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، مەدەنىيىتى، ئىستېتىكلىق ساپاسى ۋە ئىلغارلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئوينايدىغان رولى ۋە كۆرسىتىدىغان تەسىر كۈچىنى باشقا بىرەر نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرۈش بەكمۇ قىيىن.

45 يىل...

«تارىم» بېسىپ ئۆتكەن 45 يىل 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك تارىخىنىڭ ئالاھىدە ۋەزىنگە ئىگە بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنى ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىـجتىـمائىي ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت - تۇرمۇش مەنبەسى ئاساسىدىكى پارتلاش خاراكتېرلىق ئىنتىلىش، ئەتراپلىق ئىزلىنىش، روناق تېپىپ گۈللىنىش، بەزىدە چېكىنىش - خاراب بولۇش ۋە يـەنە يېڭىباشتىن ئۆز قانۇنىيىتى ئىزىغا چۈشۈپ قايتا گۈللىنىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ 45 يىللىق سەپىرىنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، تارىختا تەكرارلانمايدىغان ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى پاكىت.

50 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ «تارىم» ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ۋە ئەدەبىيات پېشۋالىرى سەيپىدىن ئەزىزى، زۇنۇن قادىرى، ئىبراھىم تۇردى، نىمشېھىت ئارمىيە ئېـلى سايرامى، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق ئىز باسقان بىر ئەۋلاد باشلامچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقى، تارىخىي تەرەققىيات، ئىـجتىمائىي تەرەققىيات ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ روھىي - پسىخىكىسىدىكى غايەت زور يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئەينى دەۋر ئۈچۈن زۆرۈر ۋە قىممەتلىك بولغان زور بىر تۈركۈم ئاممىۋى ئەدەبىيات دۇردانىلىرى ھەم ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىنىڭ ياشناپ - گۈللىنىشى ئۈچۈن يول ئاچتى، ئاساس ياراتتى. كېيىنكى چاغلاردا گۈللەنگەن ئۇيغۇر پروزىسى، شېئىرىيىتى ۋە دراما - كىنو ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ئەنئەنىسىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە تۈرتكىسىدىن باشقا، ئەدەبىيات پېشۋالىرىمىزنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن ئاشۇ جاپالىق ئەمگىكى ۋە قىممەتلىك تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

رومان - پوۋېست ئىجادىيىتى مۇشۇ 45 يىللىق ئەدەبىيات تارىخىنىڭ كېيىنكى 20 يىلىدا ئەڭ گۈللەنگەن، روناق تاپقان، ئۈمىدكە تولغان ساھەلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى پوۋېستنى 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تۇنجى رومانىنى 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇچراتقان ۋە ئۇنى ئەدەبىيات تارىخى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك كاتتا ئىش دەپ قارىغان ئىدۇق. شۇنىڭدىن بۇيانقى 20 يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر پروزىسىدا گويا يامغۇردىن كېيىن غۇچچىدە كۆتۈرۈلۈپ چىـققان باھار نوتىلىرىدەك، زور بىر تۈركۈم رومان يازىدىغان يازغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئەدەبىيات سېپىمىزنىڭ قىياپىتىنى، ساپاسىنى ۋە سالمىقىنى بىردىنلا يېڭىلىۋەتتى.

مەلۇمكى، رومان ـ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەتراپلىق بىلىم، كۈچلۈك بەدىئىي دىت، مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى ۋە يىڭنە چېكىپ قۇدۇق قازغاندەك جاپالىق ئەجىر ـ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئىجادىيەت جەريانى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يەنە بىر مىللەت بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى، ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ھەمدە مىللەتنىڭ غايە، ئېتىقاد، ئىدىيە، ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك ـ رەزىللىك قارىشى، مۇھىت ـ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مىللىي پسىخىكىسى قاتارلىقلار نامايان بولىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بەلگە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلگەن رومانچىلىق ساھەمىزنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بولغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، خېۋىر تۆمۈر، ئەيسا يۈسۈپ، ئابدۇللا تالىپ، تۇردى سامساق، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، ئايشەم ئەخمەت، ئابلا ئەخمىدى، سەمەت دۇگايلى، مالىك كېۋىر، توختى ئايۇپ، قاھار جېلىل، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇللا ساۋۇت، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، پەرھات جىلان، ئابلىكىم سابىر قاتارلىق 20 نەچچە يازغۇچى مۇشۇ 20 يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىزگە 40 قا يېقىن رومان تەقدىم قىلىپ، تارىختىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۆز يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرىدىن زوقلىنىش، ھوزۇرلىنىش ۋە ئىپتىخارلىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتا ئۇلۇغ تارىخىي خىزمەت كۆرسەتتى.

250 دىن ئارتۇق پوۋېست ۋە 100 دىن ئارتۇق ھېكايە توپلىمىنى خەلققە تەقدىم قىلغان باشلامچى يازغۇچىلىرىمىزدىن زۇنۇن قادىرى، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابلىمىت مەسئۇدى، ئەخەت ھاشىم، ئىمىنجان ئىكرام، ئابلىمىت سابىر، سېيىت زۇنۇن ھەمدە مەھەممەت باغراش، مەمتىمىن ھوشۇر، ئابلىمىت ھاجى، ئالىمجان ئىسمائىل، سۇلتان ھاشىم، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، مەمتىمىن شىپە، ماخمۇت مەھەممەت، تەلئەت ناسىرى، غەيرەت ئابدۇللا، نۇرمۇھەممەت توختى، تۇرسۇن ياسىن، مەھەممەت شاھنىياز، ئېزىز ساۋۇت، ئىسمائىل ئېلى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، دىلبەر قەييۇم قاتارلىق يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن پروزىمىزنىڭ تارىخىي سەھنىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ، پروزىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «تارىم» نىڭ سەھىپىسىدە ئەزەلدىن جۇلالىنىپ نۇرلانغان، گۈللەنگەن رەڭدار ساھەلەردىن بىرى. ئۇ، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ بىر قەدەر پۇختا ۋە مۇكەممەللىكى، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئالاھىدە كەڭلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە كۆزگە تاشلىنىپ جەۋلان قىلىۋاتقان 2500 كىشىلىك ئىجادىيەت قوشۇنى ئىچىدە تەخمىنەن 2000 غا يېقىن شائىرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان 20 نەچچە ئەدەبىي ۋە يېرىم ئەدەبىي ژۇرنالدا شېئىرى ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ بىر مىسالى. «تارىم» نىڭ 45 يىللىق سەھىپىسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تارىم» گۈلزارلىقىنى جۇلالىتىپ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگىچە خاس رەڭ قوشۇپ كەلگەن تۆمۈر داۋامەت، ئەزىزۇۋ قاسىم، روزى ھوشۇر قاتارلىق رەھبەرلەردىن باشقا، ھەر خىل تارىخىي مەزگىللەردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مول مېۋە بەرگەن، ئۇزاقتىن بۇيان

بۇ ساھەدە تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ گەۋدىلىك تۆھپە يارىتىپ كېلىۋاتقان ۋە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئىجادكارلاردىن ئەھمەد زىيائى، ئىمىن تۇرسۇن، شۇكۇر يالقىن، كېۋىر نىياز، رەھمىتۇللا جارى، نۇرمۇھەممەت ئېركى، سۇزۇك، ئابدۇۋەلى خەلپەت، جاببار ئەمەت، مەھەممەت رېھىم، غەنىزات غەيۇرانى، مۆمىن سەپىرى، مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، ئابدۇسالام توختى، تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن، پەتتارجان مۇھەممىدى، ئابدۇشۇكۇر مەتتىمىن، مەخمۇت زەيدى، ئابدۇسەمەت خېلىل، مەمتىلى زۇنۇن، مەھەممەت شاۋدۇن، سادىن سادىرى، ئابدۇرۇسول ئۆمەر، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، قۇربان بارات، مەھەممەتجان راشىدىن، تۇرغان شاۋدۇن، شاكىرجان مۇسا، بوغدا ئابدۇللا، مامۇت زايىت، ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، ئىمىن ئەخمىدى، تۇرسۇن نىياز، ئارسلان، ئوسمانجان ساۋۇت، سەلەي قاسىم، روزى سايىت، ئابلىز ئۆمەر، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، تاھىر تالىپ، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابلەت ئابدۇللا، ياسىن زىلال، تۇرسۇنئاي يۇنۇس، بېلىقىز سادىق، ئابدۇساتتار ناسىرى، مۇختەر مەخسۇت، مۇسا ئەھەد، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق شائىرلارنىڭ شەرەپلىك ئىجادىيەت ئىزلىرى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن جاسارىتى ۋە مۇبارەك ناملىرىنى ئۇچرىتىپ، «تارىم» بېسىپ ئۆتكەن 45 يىلنىڭ شان- شەرىپىدىن ئىختىيارسىز ئىپتىخارلىنىمىز.

ئەدەبىي تەنقىد ــ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇ پۇختا ئېستېتىك تەھلىل، مۇئەييەن بەدىئىي ئەسەر توغرىسىدىكى ئۆزگىچە ھېسسىيات ۋە تەسىراتنى ئاساس قىلىپ، يازغۇچىلىق قىممىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەنلا تەنقىد ئوبيېكتى بولالايدىغان يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىگە باھا بېرىپ، ئومۇمىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. «تارىم» ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدا زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىدچى - ئوبزورچىلار بىلەن زىچ باغلاندى. روزى قاسىم، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلەت ئۆمەر، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، سىدىق ھاجى روزى، ماخمۇتجان ئىسلام، ئابلىمىت ئىسمايىل، ھېزىم قاسىم ۋە ئازاد سۇلتان قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە مەزگىللەردە «تارىم» نىڭ تەرەققىياتى يولىدا بەلگىلىك رول ئويناپ، «تارىم» ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئىلمىي تەلەپ ۋە تارىخىي ئىزچىللىقى ئاساسىدا يۈكسىلىش ئۈچۈن نەرە تارتىپ يول ئېچىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى قانات يايدۇرۇش - چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. زور بىر تۈركۈم ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاۋلاپ كەسپىلىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە باشلامچىلىق قىلدى. بۇ، گۈللىنىۋاتقان بىر ئەدەبىيات ئۈچۈن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يېڭى روھىي ھالەت؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ھەم ئوبدان باشلىنىشى.

4

«تارىم»نىڭ 45 يىلى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىش، گۈللىنىش ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يىللىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تەجرىبە - ساۋاقلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئۇزاق يىل داۋام قىلغان سولچىل دوگمىچىلىق ۋە چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتى ۋە تەسىرىدە ئەدەبىيات خېلى بىر مەزگىل ئۆز قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن چەتنەپ كەتتى، نەزەرىيەۋى

تەپەككۇرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت دېموكراتىيىسى ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالدى؛ تېمىدا چەكلەنگەن رايونلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قاتلاملىقى، كۆپ قۇرۇلمىلىقى ۋە كۆپ خىل ئىقتىدارلىق بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمىدى؛ ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى، ئېستېتىك رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولى دېگەنلەر يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سىياسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئۆلچىمىدىكى تەربىيە رولىلا قېپقالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى يازغۇچىلار ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا، خەلققە يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي دىتى، ۋىجدانى ۋە ئىجادكارلىق روھىغا تايىنىپ، خېلى ۋەزنى بار بەزى ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئاشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا زامان تامغىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى.

مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، مېنىڭچە، «تارىم» سەھىپىلىرىنىڭ بىر مەزگىل ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە بۇ ئانا ژۇرنالنىڭ بىر مەزگىل نەشىر قىلىنىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقى ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاپىتى يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، «تارىم» يەنە تەقەززا بولغان ئۆز كىتابخانلىرى بىلەن قايتا دىدارلاشتى. ئەدەبىيات ئۆز قانۇنىيىتىگە قايتتى، ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بىز يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدا ئاشۇ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلنى كۆزدە تۇتۇشقا ھەقلىقمىز.

نۆۋەتتە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ئارقىسىدا ئەدەبىياتنىڭ بۇرچى ۋە قىممىتىدە ئۆزگىرىش بولماقتا. ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرلىرى يېڭىلىنىپ ۋە قوبۇل قىلىنىپ، يېڭىدىن - يېڭى ئەدەبىيات ئېقىملىرى پەيدا بولماقتا؛ جەمئىيەت رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە يازغۇچىلارمۇ ھەقلىق يوسۇندا بىر خىل تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. بۇنى بەزىلەر «يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ پارچىلىنىشى، ئاينىشى، پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشى» دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە، ئەدەبىياتتا پەيدا بولغان بىر مەزگىللىك ئۈمىدسىزلىك، ئاڭگىراش ۋە پارچىلىنىش ئەمەلىيەتتە كرىزىس تۈسىنى ئالغان يۈزەكى ھادىسە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ماھىيەت ئەمەس.

جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ئېقىمى گۈزەل، ئىجابىي ۋە پارلاق. ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ئىقتىسادىي رىقابەت، مەدەنىيەتتىكى تاللىنىش - شاللىنىش ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئەدەبىيات دەۋر بىلەن تۇرمۇش كەيپىياتى ھەققىدىكى تارىخ ئىكەن، ھېچكىم ئۆزىنى بۇ تارىخىي جەرياننىڭ سىرتىدا قويالمايدۇ. «بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانىيەتنى كۆپرەك مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشتا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىغا باغلىق» (ئېينىشتېين)، «تارىم»مۇ شۇنداق، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى غايەت زور دولقۇن ۋە جەريانلارنى ئىپادىلەش، يېڭى تۇرمۇش قاينىمىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان زامانىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇش ۋە يېڭى، پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ ئىنتىلىش - بىزنىڭ سۆيۈملۈك «تارىم»نىڭ داغدام يولى.

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# «تارىم» ئىلگىرىلىمەكتە

## — «تارىم» بېسىپ ئۆتكەن 45 يىلغا نەزەر

«تارىم» بۈگۈن 45 يىللىق ئۇزاق بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ، يېڭى جۇڭگو، يېڭى زاماننىڭ 45 باھارىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىللارنىڭ خىلمۇ خىل جۇدۇن - چاپقۇنلىرىدا پىشىپ تاۋلىنىپ، بۈگۈن تازا قورامىغا يەتكەن بىر ئەر بولۇپ يېتىلىشتى. باشقىچە ئېيتقاندا، يۇمران كۆچەتلىك دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەرەپ - تەرەپكە شاخ ئايرىپ باراقسانلىشىپ، سانجاق - سانجاق مېۋىگە تولغان بولۇق مېۋىلىك دەرەخكە ئايلاندى. بۇ كاتتا دەرەخقە مەيلى قايسى تەرەپتىن نەزەر سالماڭ، زوقىڭىز كېلىدۇ، قولىڭىزنى قايسى تەرەپتىن سوزسىڭىز مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر ئالقىنىڭىزغا تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭغا تەھسىن ئېيلەپ ئىچ - ئىچىڭىزدىن سۆيۈنۈپ، بارىكاللا ئېيتقۇڭىز، قۇچاق يەتكۈسىز يوغان غوللىرىنى قۇچاقلىغۇڭىز، شاخ - يوپۇرماقلىرىنى پۇرىغىڭىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ شېرىن مېۋىلىرى ئاغزىڭىزنى چاك ئېتىپ، لېۋىڭىزنى تامشىتىپ، سەزگۈلىرىڭىزگە لەززەت، تېنىڭىزگە ھوزۇر، قەلبىڭىزگە زوق بېغىشلايدۇ؛ ئىزگۈ ئارمانلىرىڭىزغا ئارمان، دەرمانىڭىزغا دەرمان قوشىدۇ. بۈگۈن ئاشۇ «تارىم» ئانىدىن تۇغۇلغان، تۆرىلىپ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈن.

«تارىم»نىڭ تۇنجى سانى 1951 - يىل 31 - ئاۋغۇستتا، يەنى دۇنيانىڭ شەرقىدە يېڭى جۇڭگو ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ 22 ئايدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىپ دۇنياغا كۆز ئاچقان. بۇ ژۇرنالنىڭ مەيدانغا كېلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا كاتتا ئىش بولدى. ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ زېمىندا تاڭ چولپىنىدەك پارلاپ، يېڭى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت، شىنجاڭنىڭ ئىچكى - سىرتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى، كەڭ جامائەتچىلىك قىزغىن ئالقىشلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ۋاڭ جېن ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دەپ بېغىشلىما

يېزىپ بەردى. غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى كې جوڭچېڭ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن ئالقىشلاپ، «بىزنىڭ ئۈمىد» دېگەن تېمىدا تەبرىك سۆزى يېزىپ بەردى («شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»نىڭ 1951 - يىللىق 1 - سانىغا قاراڭ).

بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يېڭى بىر يول، شانلىق ئۇزۇن مۇساپىنىڭ باشلىنىشى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەدەبىي ژۇرنال يوق بولۇپ كەلگەن كۆتۈرەم تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ژۇرنالچىلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ يېڭى دەۋرى، يېڭى تارىخى باشلاندى. بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي يۈكسەكلىككە قەدەم قويۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈك، شوتا بولۇپ، ئۇنى يېڭى زېمىن، كەڭتاشا سورۇن، ئازادە مۇنبەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ژۇرنال سەھىپىسى يېڭى ئېچىلغان يوغان دەرۋازىدەك كۆپلىگەن كىشىلەرنى چىللاپ، ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى قوينىغا ئالدى، باغرىغا باستى. ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدا تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «جۇ زوڭسىلىڭغا»، ئابلىز نازىرىنىڭ «ستالىن - ماۋزېدۇڭ»، زۇنۇن قادىرىنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى توغرىلىق»، كېۋىر نىيازنىڭ «مەمەت چورۇق» دېگەن شېئىر ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. «تارىم»نىڭ ئارقا - ئارقىدىن چىققان سانلىرى كىشىلەرنى يېڭى - يېڭى ئاپتورلار، يېڭى - يېڭى ئەسەرلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى بارغانسېرى كەڭ ئەدەبىيات دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. «تارىم» 1967 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە يەتتە يىل توختىتىۋېتىلىپ قايتا نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا قەدەر كلاسسىك ئەدەبىيات، ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىي تەرجىمە، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەمدە دراماتورگىيە قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى بولۇپ كەلدى. «تارىم» ئاشۇ ئەگرى - توقاي ئۇزۇن جەريانىدا كىچىكتىن چوڭىيىپ، سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى بارا - بارا ئۆسۈپ، ئەمەلىيەت ۋە رىقابەت داۋامىدا ئۆز - ئۆزىنى پەيدىنپەي كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خاس ئىجادىي ئەسەرلەر بېسىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىي ژۇرنالغا، ئانا ژۇرنالغا ئايلاندى. بۇ يىل 8 - سانىغا قەدەر بۇ ژۇرنال 45 يىللىق مۇساپىنى تاماملاپ، 414 سان چىقتى.

شېبە يازغۇچىسى گوجىنەن «تارىم»نىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان «تەبرىك ۋە ئۈمىد» دېگەن ماقالىسىدە «تارىم - ئارزۇلۇق ئوغۇل» دېگەن ئىكەن. شۇ بويىچە ئېيتقاندا، «تارىم» 45 يىللىق ئۆمرىدە جەمئىيەتكە، خەلققە، ۋەتەنگە 414 ئارزۇلۇق ئوغۇل تەقدىم قىلدى؛ 414 ئەقىل بۇلىقى، 414 ئۈنچە - مەرۋايىت كانى، 414 چاھار باغ بەرپا قىلىپ بەردى.

«تارىم» 45 يىل مابەينىدە جەمئىيىتىمىزگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا، مىللىتىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ 45 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، توغرا باھالىشىمىز، ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشىمىز، تەنتەنە قىلىشىمىز تامامەن ھەقلىق.

1. «تارىم» ئەدىبلەر مەكتىپى بولدى. ئۇ 45 يىل جەريانىدا كۆپلىگەن ئىجادىيەت مايسىلىرى

www.uyghurkitap.com

ۋە تالانت ئىگىلىرىنى بايقاپ، قولىمۇ قول يېتەكلەپ پەرۋىش قىلىپ، جان كۆيدۈرۈپ تەربىيىلەپ، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن زور بىر قوشۇن يېتىشتۈرۈپ بەردى.

بىر مىللەتنىڭ خان - پادىشاھى بولمىسىمۇ بولىدۇكى، يازغۇچىسى بولمىسا بولمايدۇ. يازغۇچى مىللەت روھىنىڭ چىراغچىسى، خەلق قەلبىنىڭ جاكارچىسى، دەۋرنىڭ سىگنالچىسى ۋە بارابانچىسى. ياخشى تەربىيىلەنگەن خىل يازغۇچىلار قوشۇنى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان ۋاقىتتا «بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا» (ياسىن خۇدابەردىنىڭ «تارىم»نىڭ 1986 - يىللىق 2 - سانىدىكى «دەۋرانغا باق» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ) ئاپتور بار ئىدى. 45 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئاپتورلار 2000 - 3000 غا يېتىپ، زور قوشۇن ھاسىل قىلدى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، ياشلار بۇ قوشۇندا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قوشۇن ئۇزاق مۇددەت تەربىيىلەنگەن، خېلى يۇقىرى سەۋىيە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە 200 - 300گە يېقىن تالانتلىق ئاپتور ۋە ئون نەچچە كەسپىي يازغۇچىنى سەركە قىلغان ھالدا ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان ئاجىز، تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن پروزا ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ، ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئەدەبىي ھاياتى باشتىن - ئاياغ «تارىم» بىلەن باغلانغان. بۇ قوشۇن 80 - يىللاردىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن يېڭى - يېڭى ئۇتۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇرۇن سىرلىق كۆرۈنگەن بىر مۇنچە قورغانلارنى دادىل ئىگىلەپ، پوۋېست، رومان ئىجادىيىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مول مەھسۇلات ياراتتى. ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا پوۋېست، رومان ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى.

2. «تارىم» ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنبىرى بولدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن ھازىرغا قەدەر خەلقىمىز ئاجايىپ زور، بىر - بىرىدىن چوڭقۇر تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندىكى ھەر بىر قەدەم ئىنتايىن زور جاپا - مۇشەققەت، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان. بۇ جەرياندا پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلار، تەرەققىياتلار، ئۆزگىرىشلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. تۇرمۇشتىكى گاداي، تۇرغۇن، بېكىنمە، بۇرۇختۇم ھالەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا، كۆز قارىشىدا، ئىدىيە-ھېسسىياتىدا، تەپەككۇرى ۋە ئېڭىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئادەملەر ئۆز قىممىتى، رولى ۋە تەقدىرىنى يېڭىباشتىن تونۇپ، يېڭى زامانغا، يېڭى دۇنياغا يۈزلەندى. ئادەملەرنىڭ ساپاسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، زامانىۋى ئادەملەرگە ئايلىنىشقا باشلىدى. مانا بۇ تولىمۇ نازۇك، چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئىنتايىن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش. ئاپتورلىرىمىز تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مانا مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنى، مانا مۇشۇ زور ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر روھىغا باي، رېئال ئەھمىيىتى چوڭقۇر، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدىغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى ۋە

چوڭقۇرلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىمۇ بىر نەچچە بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر مۇنچە ئەسەرلەردە چەت ئەلنىڭ ئىلغار، پايدىلىق، ساغلام نەرسىلىرى ئىجادىي قوبۇل قىلىنىپ، بەدىئىي جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. تېما، ئۇسلۇب، ژانىر كۆپ خىللاشتى.

تارىختىن بۇيانقى داڭلىق ئەسەرلەر دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەنلىكى، چىنلىقتا سادىق بولغانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. يازغۇچىلىرىمىز ئىجاد قىلغان ئەنە شۇنداق بىر مۇنچە ئەسەرلەر «تارىم»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاممىنىڭ ئالقىشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، تېگىشلىك شۆھرەت قازاندى، خەلقىمىز بۇنداق ئەسەرلەردىن سۆيۈنىدۇ، ئۇلارنى زوق، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. «توي»، «غۇنچەم»، «چىنىقىش»، «قىزىل بايراق»، «پىچاق»، «تېرىم بويلاپ»، «نان»، «چولپان»، «كۆمۈش يوللار»، «يەر - ئانا»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ئالدىدا»، «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «بەش تال ئوق»، «زەرەپشان بويىدا»، «ئىنژېنېر ئېلىمنىڭ ھېكايىسى»، «بوغدا ئاتا»، «چۆل ئوغلى»، «يۇرت تەسىراتى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «شارلار تېغى»، «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ»، «دولان ياشلىرى»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئالتاي لىرىكىسى»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «تۇزان قەسىدىسى»، «چەۋەنداز»، «مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى»، «كىچىك لەقۋا»، «ساۋاب»، «ئاقساق بۇغا»، «سەپداش»، «ساۋاقداشلار»، «ستۇدېنتلار»، «چىن مۇھەببەت»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوخشاشمىغان تەقدىر»، «ئىجارە ھەققى»، «توققۇز پارچە سۈرەت»، «چىمەن قىرغاق»، «دەريا ۋە بولاق»، «پارچىلار»، «مۇئەللىم - جاپاكەش ئىنسان»، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا»، «بەردىم جاۋاب»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن كەپلىرىم»، «تاڭ ئاتقاندا»، «يۈرەك لىرىكىسى»، «سېنىڭ تويۇڭ - مېنىڭ ياشلىقىم»، «يالقۇنتاغ غەزىپى»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «باھار تەنتەنىسى»، «قۇم باسقان دېڭىز»، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ»، «سەھرالىقلار»، «بۇ چۈش ئەمەس»، «قىزىق ئىشلار»، «تۆت قولاق»، «كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ»، «مەن - كېرەمباي»، «تۈگىمەس تۇساقلار»، «سەھرا نەزمىلىرى»، «ئانا»، «دالىدا قار، قەلبىمدە باھار»، «سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ»، «ئاسىگۈلنىڭ ھېكايىسى»، «سىرلىق يېشىل نۇر»، «ئاق يولۋاس»، «گۆش يېمەيدىغان بالا»، «ئۆچمەس يۇلتۇز»، «خەلقىمنىڭ قەلبىدىكى ئادەم»، «ئانا تىل ئىشقىدا»، «ئەزىز پارتىيەم»، «قارلىق تاغدا»، «تالانت، ئادەم، كېلىچەك»، «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، «گىرىمسەن سىمالار»، «سالام سېنىڭ چوغدەك تېگىڭغا»، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، «ئانا تاغلار»، «ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ»، «مەڭگۈلۈك ھەمراھ»، «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى»، «مەڭگۈلۈك ياشلىق»، «ئىلھامغا باي كېچىلەر»، «ژېناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم»، «رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «ئوربىتا»، «ئوخشاشمىغان تەقدىر»، «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «سېرىق سەبدە»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»، «ئارمىيە قىزى»، «نېفىتلىكتە تۇغۇلغان ناخشىلار»، «قورتلاپ كەتكەن كۆل»، «شەھلا كۆز»، «شەبنەم يالتىرىغان كېچە»، «ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر»، «بەدەل»، «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»، «قىسمەت»، «قۇملۇقتىكى ئاتەش»، «سەپەر قىيامىلىرى»، «‹مۇساپىرلار قاۋىقى›دا»، «خاسىيەتلىك قار»، «بۆشۈك»، «ئىنساب»، «ئۇيقۇغا كەتكەن كىروران گۈزىلى»، «يۈرەكتاغ»، «يالىلداپ تۇرغان مېتاللار» قاتارلىق پوۋېست - ھېكايە، شېئىر - داستانلار ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

ھەر خىل باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە نەمۇنە سۈپىتىدە تاللىنىپ مۇكاپاتلانغان ياكى ياخشى ئۇنۇم قازىنىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇلار «تارىم»نىڭ شەرىپى!

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىيۈەنجاڭى، شائىر تۆمۈر داۋامەت «تارىم»غا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ ۋە زور ئۈمىد بىلدۈرۈپ، «تارىم»دىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى كۆرگىلى بولسۇن، دېگەن ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر «تارىم»نىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردۇر.

3. «تارىم» ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆۋرۈكى ۋە رۇجىكى بولدى. «تارىم» مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ كۆۋرۈك بولۇپ، مىللەتلەر ئارا ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىگە چەت ئەل ۋە ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيەت يولى، تەجرىبىلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز چۈي يۈەن، لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيى، لۇشۈن، گومورۇ، ئەي چىڭ، ساۋيۈي، لاۋشې، جاۋشۇلى، ۋېي ۋېي، ماپېڭ، خې جىڭجىڭ، يەنچىڭ، جاڭ جىڭمىڭ، تەن جېن، گو شياۋچۇەن، شاۋسەن، گاۋ يۈيباۋ، ۋاڭ مېڭ قاتارلىق كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ھەنزۇ يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ، شۇنداقلا بالزاك، بايرون، مۇپاسسان، تولستوي، پۇشكىن، گېيوتې، چېخوۋ، گوگول، گوركى، ماياكوۋسكى، شولوخوۋ قاتارلىق چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپ «تارىم» ئارقىلىق تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «تارىم»دا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر خەنزۇ، قازاق قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر تىلىغا ھەمدە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا تونۇشتۇرۇلدى؛ مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يىراقتىكىنى قويۇپ، 90 - يىللاردىن بۇيانقىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، «سەپەر خاتىرىلىرى»، «ئىنژېنېر ئېلىنىڭ ھېكايىسى»، «بۇلۇڭ كوچىدىكى غەلىتىلىك»، «خىرە دېرىزە»، «قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى»، «‹مۇساپىرلار قاۋىقى›دا»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك»، «كوي مەھەللىنىڭ بالىلىرى»، «غۇر - غۇر شامال»، «تۇرمۇش قاينىمىدا»، «ئاھ، جىگدە چېچىكى»، «يېڭى قوشنام»، «شۇم ئېغىز»، «كونا گىلەم»، «قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى»، «شەبنەم يالتىرىغان كېچە»، «خورلۇق»، «تۈگىمەس ئىشلار»، «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، «ئەرۋاھ»، «سەپەر قىياملىرى»، «شائىر-تىنىم تاپماس ئادەم»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «گۇربىتا»، «ئاينۇرى»، «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»، «ۋېناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىجادىيەت قوشۇنى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلىرى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان كۆرەك مۇنبىرى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىلىق ئەڭ ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولمىسا، دېگەن ھەر قانداق كىشى، مەيلى ئۇ جۇڭگولۇق ياكى چەت ئەللىك بولسۇن، «تارىم» ژۇرنىلىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوستلارنىڭ «تارىم»غا قىزىقىشىنىڭ ئېشىشى، مېنىڭچە، بۇ سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولمىسا كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە چەت ئەللەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان ماقالىلەردە «تارىم» ئاساسلىق مەنبە قىلىنغان.

4. «تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقى بولدى. «تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقى بولۇپ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان لەپىلدەپ كەلمەكتە. بۇ بايراق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامالللىرىدا تېخىمۇ لەپىلدىمەكتە، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، بارغانسېرى ئىلگىرىلىمەكتە.

سان ـ ئىشەنچلىك پاكىت، ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مەلۇمات؛ چىنلىق ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئىپادىسى. «تارىم»دا 1951 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان 31 يىلدا «سىناق»، «تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزلار» قاتارلىق بىر نەچچە پوۋېست، 1982 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا 51 پوۋېست، 532 ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنغان. 1989 - يىلدىن 1995-يىل 8 - سانغىچە 71 پوۋېست، 382 ھېكايە، 55 ئەدەبىي ئاخبارات، 229 پارچە ھەر خىل نەزەرىيىۋى، ئىلمىي ماقالە - ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. روشەنكى، ئەدەبىياتىمىزدا 80- يىللاردا بىر ئۆرلەش بولۇپ، پروزا ئىجادىيىتى، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بۇرۇنقىدىن ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدىغان يېڭى بالداقتا كۆتۈرۈلدى. 90 - يىللاردا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بويىچە 80 - يىللاردىكىدىن تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، بەش يىلدا ئىجاد قىلىنغان يىرىك ئەسەرلەر 80 - يىللاردىكىنىڭ ئومۇمىي نىسبىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ھەر ساندا بىردىن-ئىككىگىچە پوۋېست بېرىلگەندىن تاشقىرى، ژۇرنالنىڭ بەزى سانى مەخسۇس پوۋېست سانى قىلىپ چىقىرىلدى. 1993 - يىللىق 12 - ساندا ئۈچ پوۋېست ۋە مەخسۇس پوۋېست ئىجادىيىتى مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالىلەر بېرىلدى.

90 - يىللار ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى. ھازىر ئۇنىڭ بەش يىلى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بەش يىل «تارىم» يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن يىللار بولدى. «تارىم»نىڭ بۇ يىللاردىكى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) «تارىم» تەشكىلاتچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خىراجەت قىس، قىيىنچىلىق كۆپ شارائىتتىمۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەشەببۇسكار بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 1991 - يىلدىن 1994 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، شۈكۈر يالقىن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، ئەلقەم ئەختەم ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، مەھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق مەخسۇس شەخسلەر تېما قىلىنغان توققۇز مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، توققۇز ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە تۆھپىلىرى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەندى. بۇ يىغىنلاردا 37 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. 1800 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى. ل. مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يولداش ماۋزېدوڭنىڭ 1956 - يىلى 8 - ئاۋغۇست كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن بەرگەن ش N0000 نومۇرلۇق شەرەپ خاتىرەنامىسى ئاشكارا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جامائەتچىلىك بۇ شەرەپ خاتىرەنامىنىڭ مەزمۇنىدىن

uyghurkitap.com



تولۇق خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندى. شەرەپ خاتىرەنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «تەكشۈرۈشىمىزچە، يولداش ل. مۇتەللىپ ئىنقىلابىي كۆرەش جەريانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇلۇغ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى جەمئىيەتتە ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىنقىلابىي خادىملاردىن ھالاك بولغانلارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا نەپىقە بەرگەندىن باشقا مەزكۇر گۇۋاھنامە بىلەن خاتىرىلەنسۇن») («تارىم» 1993 - يىل 11 - سان). يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەستىقى يولىيۇرۇقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ل. مۇتەللىپ تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى يېڭى بالداققا كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدىيىۋى ئاساس بولدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىيۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد بۇ يىغىنغا ئاتاپ مۇھىم بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ل. مۇتەللىپ تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە تارىخىي يوسۇندا توغرا باھا بېرىش، بەزى مۈجمەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تارىم» 1992 - يىلدىن باشلاپ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قاراماي، بېيجىڭ ۋە غۇلجىدا 4-، 5 -، 6 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى پائالىيىتى ۋە 1-، 2 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلاتچىلىق، باشلامچىلىق رولىنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇردى. 1993 - يىلى ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى بىلەن تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بۇ پائالىيەتنى يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. يىغىنغا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ئىسمائىل ئەھمەد كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە بۇ پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 44 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە پايتەختىمىز بېيجىڭدا خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش... بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيىتىنى نامايان قىلدى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنى بىر قېتىم كۆرەك قىلدى» («تارىم» 1994 - يىل 1 - سان).

(2) «تارىم» ژۇرنىلى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىلمۇ خىل يوللار بىلەن ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈردى، ئاپتورلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. «تارىم» ژۇرنىلى تەشەببۇسكار ۋە باشلامچى بولۇپ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئارقىلىق 1990 - يىلى 17 - ماي كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق 17 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەش بەزمىسى، 1991 - يىلى 15-ئاۋغۇستتىن 17 - ئاۋغۇستقىچە تۇرپاندا جۇڭگو تۇرپان قەلەمكەشلەر يىغىنى، 1993 - يىلى 21 - دېكابر

ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشائىرە ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتلەرگە 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەش بەزمىسى بىلەن ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى.

(3) «تارىم» يۇقىرىغا تايىنىۋېلىش، كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن خالىي بولۇپ، تىرىشىپ، ئىزلىنىپ، ئاپتورلار بىلەن ئۇچرىشىش، ئاپتورلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش، يېتەكلەش، تەربىيىلەش ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتتى. 1990 ـ يىلى ئۆكتەبىر «تارىم» نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن خەلق تىياتىرىدا 1000 كىشىلىك چوڭ يىغىن ۋە 400 كىشىلىك ئاپتورلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزدى. 1994 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن «تارىم»نىڭ 400 سان چىققانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، كۆپچىلىكنى «تارىم»نىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش، قوللاش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتتى. ئىلى، مايتاغ، قەشقەر، بورتالا، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر نەچچە يۈز ئاپتورنى يېتەكلىدى.

(4) بارلىق خىزمەتلەردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ژۇرنال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، ئاساسىي قاتلامغا، يېزا ـ قىشلاقلارغا يۈزلەندۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. 1992 ـ يىل 2 ـ سان شىنجاڭ نېفىتلىكىگە، 1992 ـ يىل 10 ـ سان دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 43 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مايتاغ كان رايونىغا، 1993 ـ يىل 10 ـ سان دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 44 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلى تۇلپار بايرىمىغا بېغىشلاپ مەخسۇس سان قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ ئۈچ سان ژۇرنالدا 116 ئاپتورنىڭ دەۋر روھىغا باي، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى قايناق رېئال تۇرمۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرى مەركەزلىك ئېلان قىلىندى. 1991 ـ يىل 1 ـ ساندىن باشلاپ بورتالا، قۇمۇل، قاراماي، مايتاغ قاتارلىق جايلارغا سەككىز قېتىم «گۈلىستاندىن گۈلدەستە» دېگەن مەخسۇس سەھىپە چىقىرىپ بېرىلىپ، 81 ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىندى.

(5) ياشلار ـ «تارىم» ئاپتورلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى. ئىجادىيەت مايسىلىرى ۋە ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتەكلەش، ياش ئاپتورلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش «تارىم» خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. يېتەكچى ئىدىيىدىن تارتىپ ئەسەر تاللاش، ئۇيۇشتۇرۇش، ئاپتورلار خىزمىتىنى ئىشلەش، ئالاقىلىشىش، ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا قەدەر ياش ئاپتورلار خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1991 ـ يىلى مارتتا ۋە 1993 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىككى قېتىم نۇقتىلىق ھالدا مەخسۇس ياش ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1991 ـ يىل 8 ـ ساندىن باشلاپ مەخسۇس ياش ئاپتورلار ئۈچۈن چىقىرىلغان «ئۈمىد چېچەكلىرى» سەھىپىسى ھازىرغىچە كىتابخانلار بىلەن 13 قېتىم يۈز كۆرۈشتى. بۇ سەھىپىدە 62 ياش ئاپتورنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلىرى نۇقتىلىق، مەركەزلىك تونۇشتۇرۇلدى. 1990 ـ يىل 1 ـ ساندىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي

www.uyghurkitap.com



جەمەتتىن بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلاردىن تۇردىھاجى غوپۇر، قەيسەر مىجىت قاتارلىق ئون نەچچە ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇلار سۈرىتى بىلەن تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ياشلار ئارىسىدا تەسىرى چوڭ بولدى.

ياشلارنى كۆپرەك ئىمكانىيەتتىن بەھرىمەن قىلىش ۋە كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس 30 ياشتىن تۆۋەن ياشلار ئوبيېكت قىلىنغان «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتى يولغا قويۇلۇپ، 11 ياش ئاپتور مۇكاپاتلاندى. «تارىم» مۇكاپاتى، خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى قاتارلىقلاردىمۇ ياشلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەندى ۋە ياشلار نۇقتا قىلىندى. 1993 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق «تارىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۆت ئاپتورنىڭ ئۈچى ياش ئاپتور بولدى. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش شەكلى بىلەن 520 نەپەر ياش ھەۋەسكار تەربىيىلەندى. بۇلاردىن 273 كۇرسانتنىڭ 58 ھېكايە، 20 نەسىر، 408 شېئىرى بولۇپ جەمئىي 486 پارچە ئەسىرى ژۇرنالدا تاللاپ ئېلان قىلىندى. ياش ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشتە بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. قىسمەن ھەۋەسكارلار كۇرستا ئوقۇش داۋامىدا بايقىلىپ، قەدەممۇ قەدەم يېتەكلەش ئارقىسىدا رەسمىي ئاپتورلار سېپىگە قېتىلدى ۋە خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى.

ياش ئاپتورلار خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە ئەگىشىپ، ياش ئاپتورلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «تارىم»دا ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆپەيدى. ئارىلاپ تەكشۈرۈشىمىزگە قارىغاندا، 1991 ـ يىلى توققۇز پۈۋېست، 183 ئاپتورنىڭ شېئىرى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە پۈۋېستنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، شېئىر ئاپتورلىرىنىڭ 90 پىرسەنتىنى دېگۈدەك ياشلار ئىگىلىگەن. 1992 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان سەككىز پۈۋېستنىڭ ئۈچىنى، شېئىر ئاپتورلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ياشلار ئىگىلىگەن. 90 ـ يىللاردىن بويان ئەسئەت ئىمەت، ئەسئەت سۇلايمان، قەيسەر مىجىت، تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر، ئابلىمىت ئىمىن، غەيرەت غوپۇر، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن روزى، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، ئابابەكرى توختى، مەھەممەت كامال، زۆھرەگۇل ئابدۇۋايىت، ئادىلجان تۇنىياز، ئابلىز ئوسمان، نۇرگۇل يۇنۇس، ئابدۇجېلىل ئابدۇخېۋىر، ئەسقەر ياسىن، مۇسا ئەھەد، باھارگۇل ساۋۇت، پەرھات ئېلىياس، ئابلىكىم مەھەممەت، ئابدۇۋەلى قادىر، ئەنۋەر مۇھەممەت، ئەكبەرنىياز پەتتارى، ئۆمەر رەجەپ، ئايبېك ئۆمەر، ئەركىن مەھەممەت كامالى، ئالتۇنگۇل رەجەپ قاتارلىق كۆپلىگەن ياش ئاپتورلار ئىجادىيەت سېپىگە قېتىلىپ، خېلى ئوبدان مېۋە بەرمەكتە.

(6) ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي مۇقام سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تۈپ ماھىيىتىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ يۆنىلىشنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۇزاقتىن بويان ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. ژۇرنال خىزمىتىدە ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە كۆپ خىللاشتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ساغلام، كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىندى. رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دەۋر روھىغا باي، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە روھ بىلەن كىشىلەرنى

ئىلھاملاندۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە كەڭ ئورۇن بېرىلدى. يۇقىرىدا ئاتاپ كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تېما، ژانىر، ئۇسلۇب، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ژۇرنال سەھىپىسى جانلاندۇرۇلدى ۋە بېيىتىلدى. تۇرمۇش ۋە ئاپتور، ئۈمىد چېچەكلىرى، ئاپتور ۋە ئەسەر، ئەسەر ۋە باھا، گىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا، نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، كىتابخانىلار نەزەرىدە، دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر، كىتابخانىلاردىن خەت، كۆز قاراش ۋە باھا، ئىجادىيەت مۇساپىسىدە، ئىجادىيەت مۇنبىرىدە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر، جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە، خاتىرە ۋە ئەسلىمە، ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە، ئەدىب ۋە تۇرمۇش، ئەدىب ۋە يول، قېرىنداش ژۇرناللار سەھىپىسىدە، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، گۈلىستاندىن گۈلدەستە، داڭلىق ئەسەرلەردىن لەززەت، يۇمۇر ۋە چاقچاق، ئالقىش ۋە ئۈمىد، ئەدەبىيات ۋە ئىسلاھات، تەكلىپ ۋە تەشەببۇس قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق سەھىپە يېڭىدىن ئېچىلىپ، بۇرۇنقى بىر نەچچە خىللا سەھىپە بىلەن چەكلىنىپ كەلگەن ھالەت ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئارقىلىق ژۇرنال سەھىپىسى كۆپ خىللىشىپ، رەڭدارلىشىپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلدى.

(7) ژۇرنال سەھىپىلىرىدىكى 1990 - يىلدىن بۇيانقى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدىكى نەتىجە ئالاھىدە زور بولدى. مەلۇمكى، ئەدەبىي ئاخبارات رېئال تۇرمۇشنى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى چىنلىق بىلەن تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ژانىر. 80 - يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدە ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى جانلىنىپ، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىپ، كۆپرەك غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ۋە ئالقىشلانغان ژانىر بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئەدەبىي ئاخباراتنى تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا، ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۆپرەك ئىجاد قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق بىزدە ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى، ئانچە - مۇنچە يېزىلغانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولىمۇ ئاجىز ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. 90- يىللاردىن بۇيان ئاپتورلار ئارىسىدا ئەدەبىي ئاخبارات قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. نەتىجىدە بۇرۇن «تارىم»دا يىلدا بىر نەچچىلا ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنىپ كەلگەن بولسا، 90 - يىللاردىن باشلاپ «تارىم» سەھىپىلىرىدە ئەدەبىي ئاخبارات خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1990 - يىلدىن ھازىرغىچە «تارىم»دا «مەڭگۈلۈك ياشلىق» (مۇشۇ تېمىدا ئۈچ قىسىملىق چاتما ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىندى)، «ئۈزۈلمەس ئېقىن»، «قىز چىقىرىش»، «يېشىللىقتا ئەسىر قەلب»، «چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك»، «ئوت ناخشىسى»، «يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار»، «زېمىن ۋە شەربەت»، «تالانت، ئادەم، كېلىچەك»، «كېلىچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «دۆڭكۆۋرۈكتىكى كىشىلەر»، «ئانا تىل ئىشقىدا»، «جەننەتكە ئەڭ يېقىن جايدا»، «خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئادەم»، «ۋېناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم»، «تاللىق رىۋايىتى»، «رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار»، «دولان ئوغلانى»، «ئىلىم كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز»، «ئېتىقاد شۇنداق تۇغۇلىدۇ»، «تەكلىماكان ئوغلى»، «ھايات ۋە بۇرچ» قاتارلىق 50 نەچچە ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىندى، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلاردا غايەت زور ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمان شەخسلەر، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ياشلار ۋە كارخانىچىلارنىڭ كىشىنى

ھاياجانلاندۇرىدىغان تەسىرلىك ئوبرازى يارىتىلدى. بۇ ئەسەرلەر تېمىسىنىڭ بىر قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، كۈچلۈك دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەنلىكى ۋە چىنلىقتا سادىقلىقى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭىلىقلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ، خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى نەتىجە، 90 - يىللاردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى.

(8) ژۇرنال سەھىپىلىرىدىكى 90 - يىللاردىكى يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئوبزورچىلىقتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك جانلىنىش بولۇپ. يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. ئوبزورلار كۆپ خىللىشىش، كۆپ قاتلاملىق بولۇشقا يۈزلەندى. مەزمۇن جەھەتتىن ئىلمىيلىكى، دەلىللىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى، يېتەكچى ئەھمىيىتى بىر قەدەر كۈچلۈك، سالمىقى ۋە يېڭىلىقى بار، كۆز قاراش ۋە مەسىلىلەر يېڭى - يېڭى نۇقتىلاردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن، بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە ئىگە؛ كۆلەم جەھەتتىن ئىخچام، شەكىل جەھەتتىن دورامچىلىق ۋە تەقلىدچىلىكتىن خالى، ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش يولى بىلەن ئەركىن - ئازادە يېزىلغان ئوبزورلار كۆپەيدى. ھەر بىر سان ئوبزورسىز چىقمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئوبزورچىلىقتىكى كىشىنى خۇش قىلىدىغان گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك شۇ بولدىكى، نۇرغۇن ياشلار ئوبزورچىلىق سېپىگە قېتىلىپ، بۇ قوشۇنغا يېڭى كەيپىيات، يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئوبزورچىلىق ئىستىلى ساپ، پوزىتسىيىسى ئىلمىي، بايرىقى روشەن، كۆز قارىشى يېڭى، خاھىشى ساغلام بولدى. ئوبزورچىلىقتا غەرەز ئارىلاشتۇرۇپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، پۈتۈنلەي ئىنكاس قىلىشتەك چاكىنىلىقتىن ساقلاندى. بۇ ئوبزورلاردا ئىجادىيەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر، ئىزلىنىش يولىدىكى يېڭى قەدەم، يېڭى بىخلار، يېڭى نەتىجىلەر ۋاقتىدا بايقىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇلار ئەسەرلەرگە يېقىن - يىراقلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلماي، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى. مەسىلىلەرنى ئىلمىي پوزىتسىيە، كۆيۈنۈش روھى بىلەن دوستانە ئاساستا سەممىي كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يىللاردا ئازاد سۇلتان، ئەخمەتجان قۇربان، ئابدۇللا مەتقۇربان، خەلچەم رېشىت، ئەكبەر قادىر، يالقۇن روزى، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، مەتتۇرسۇن ئېلى، ئىبراھىم ئىزاقى، يارمۇھەممەت تاھىر، ئابلىكىم ئابدۇراخمان، غەيرەت ئابدۇراخمان، مۇسا ئەھەد، ۋەلى كېرىم، مۇھەممەت تۇرسۇن جاپپار، تۇرسۇن مۇھەممەت ھۈسەيىن، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى، گۈلجامال مەتتىمىن، ئەنۋەر ھاشىم، ئابدۇرۇپ پولات، ئەركىن ئەمەت، ئالىمجان ھاشىر، مۇختار مەخسۇت، زۇنۇن تاھىر، غەيرەتجان ئوسمان، ئەزىز ھېيت، غېنى ئەبەيدۇللا، ئايگۈل ئەمەت، ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى، ئەنۋەر ھوشۇر قاتارلىق ياش ئوبزورچىلار ئوبزورچىلىق سەھنىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

(9) بۇ يىللاردا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىمىز يېتەكچى خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئاپتورلارنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەردى. 1990 - يىلدىن باشلاپ تەھرىر بۆلۈم نامىدىن «ئۈمىد چېچەكلىرى پورەكلىسۇن» (1991 - يىل 8 - سان)، «ياشلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدى» (يۇقىرىقى ساندا)، «شانلىق مۇساپە، يېڭى سەھىپە» (1990 - يىل 10 - سان)، «ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، نوتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى» (1991 - يىل 1- سان)، «يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەيلى» (1992 - يىل 2 - سان)، «دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى» (1991 - يىل 4 - سان) قاتارلىق ماقالىلەرنى

ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە قاراتمىلىقى، دەلىللىكى بولغان ھالدا بەزى كۆز قاراشلار ۋە مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ژۇرنالنىڭ ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ - ئۈمىدى ئىپادىلەندى. بۇ ئارقىلىق ئاپتورلار ئىجادىيەت ئىدىيىسى جەھەتتىن يېتەكلەندى، ژۇرنال بىلەن ئاپتورلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، ئالاقە كۈچەيتىلدى.

(10) بۇ يىللاردا ژۇرنىلىمىز يەنە پېشقەدەم ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەرشىدىن تاتلىق، جاببار ئەمەت، ئابدۇللا تالىپ، مۆمىن سەپىرى، مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، مالىك كېۋىر، ئابدۇسالام توختى قاتارلىق پېشقەدەم ئاپتورلاردىن 30 غا يېقىن كىشى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تونۇشتۇرۇلدى. ئەجداتلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ياد ئېتىلدى. نىمشېھىت ئارمىيە داموللا ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى، تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنالنىڭ 1992 - يىل 2 - سانىدا ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «ۋەتەننىڭ سادىق كۈيچىسى» دېگەن ماقالىسى بېرىلدى. ئەخمەت زىيائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنالنىڭ 1993- يىل 3 - سانىدا شائىرنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى نۇقتىلىق ئېلان قىلىندى.

(11) «تارىم» 90 - يىللاردىن بۇيان ئۈچ قېتىم ئۆز نامىدىن مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىپ، 24 ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى مۇكاپاتلىدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 3 - قېتىملىق «تارىم» مۇكاپاتى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزمەكچى.

«تارىم» بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، خەلقىنىڭ ۋە دەۋرىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشقا تىرىشماقتا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا. ساپ ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تراژى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە كېمىيىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ «تارىم» خەلق ئارىسىدا يەنىلا مۇقىم، بىر قەدەر يۇقىرى تارقىلىش نىسبىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«تارىم»نىڭ ھەر بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى، ھەر بىر ئۇتۇقى ۋە شان - شەرىپى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

«تارىم»نىڭ تونجى سانى نەشر قىلىنغاندا، يولداش ۋاڭ جېن ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. 1986 - يىلى «تارىم»نىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلىگەندە سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ئالاھىدە بېغىشلىما يېزىپ بەردى. يولداش تۆمۈر داۋامەت يەنە «سەنئەت گۈلى» دېگەن تېمىدا شېئىر يېزىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل «〈تارىم〉 تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا پورەكلەپ ئېچىلسۇن» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. تەبرىكلەش يىغىنىغا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرى ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى.

1990 - يىلى «تارىم»نىڭ 40 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەنگەندە يەنە سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، بادەي، فېڭ داجېن، ئۇلاتايېۋ، ئىسمائىل مەخسۇت قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، «تارىم» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت

www.uyghurkitap.com



تەبرىكلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى.

1994 - يىلى 28 - فېۋرال تۆمۈر داۋامەت تولىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كېلىپ، «تارىم»نىڭ بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەتلىرى ۋە يازغۇچىلارنى يوقلىدى. ئۇلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. «تارىم»نىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇردى.

بۇ يىل 22 - يانۋار (يەكشەنبە) رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەتلىرى، مۇھەررىرلىرى ۋە يازغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. رەھبەرلىرىمىز «تارىم»نىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمىشە كۆڭۈل بۆلۈپ، «تارىم»غا غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدى. مانا بۇلار «تارىم»نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شان - شەرىپى. بۇلار بىزگە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ «تارىم»دىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى، «تارىم»نىڭ ئورنى، تەسىرى، ئابرويى، ئېتىبارى، قەدىر - قىممىتىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

پېشقەدەم خەنزۇ شائىرى ليۇ شياۋۋۇ «تارىم»نىڭ 300 سان چىققانلىقىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئاھ، «تارىم» سەن بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز،
تۇرىسەن گەۋدەڭنى تىرەپ پەلەككە.
مۇنبەتسەن، تېپىلماس تەڭدىشىڭ سېنىڭ،
بايلىقنىڭ بابىدا سەن ئۈزۈك يەككە.

«تارىم» بارغانسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى ئەسىرگە باشلاپ، تېخىمۇ پارلاق داغدام يول ئاچقۇسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# «تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىگە نەزەر

بىز «تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىلىرىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە يېڭى چولپانلارنىڭ كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز.

بۇ يىللاردا يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر «تارىم» سەھىپىلىرى ئارقىلىق بىزگە «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستىنى ۋە «هاراق توغرىسىدا هېكايە»، «كونا - يېڭى ئىشلار»، «بۇ چۇش ئەمەس»، «سارالڭ»، «ئايخان»، «بورۇت ماجراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «‹مۇساپىرلار قاۋىقى›دا»، «ئۆلۈككە خەت»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز» قاتارلىق ئون نەچچە هېكايىسىنى تەقدىم قىلىپ، ئۆزگىچە بەدىئىي ماهارىتى بىلەن كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەمتىمىن هوشۇرنىڭ هېكايىلىرى ئىلى خەلقىنىڭ قىزىقچى، چاقچاقچى، هەزىلكەش بولۇشتەك پسىخىك ئالاهىدىلىكى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. ئۇ قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە تەپسىلاتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ماهىر يازغۇچى. ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق تىلى ۋە مەزمۇنغا باي كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەر ۋە چاكىنىلىقلارنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلاپ، گۈزەل شەيئىلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇهەببىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىر قارىسا ئىجابىي پېرسوناژغا، بىر قارىسا سەلبىي پېرسوناژغا ئوخشايدىغان ئەسەر قەهرىمانلىرى سۈنئىيلىكتىن، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتىن، ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن، قېلىپبازلىقتىن خالىي بولۇپ، كىتابخانلارغا شۇ قەدەر چىن، يېقىملىق هەم يېقىن تۇيۇلىدۇ. بىزگە خۇددى ئارىمىزدا يۈرۈپ قىزىقارلىق هېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ پېرسوناژلار بىلەن ئۇچراشقان كىتابخانلارنى ئىختىيارسىز كۈلكە قىستايدۇ. بۇ هەرگىزمۇ مەنىسىز كۈلكە ئەمەس، ئاچچىق مەسخىرىمۇ، قايىللىقىمۇ سىڭگەن كەتكەن بۇ كۈلكە، ئەمەلىيەتتە، يازغۇچى هاسىل قىلغان يۇقىرى ئېستېتىك ئۈنۈمنىڭ مۇقەررەر مەهسۇلى. قىسقىسى، مەمتىمىن هوشۇر تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ هېكايىلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن ئېستېتىك خاهىشمۇ كۆپ قاتلاملىققا ئىگە. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى بۇ ئالاهىدىلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئۆزگىچە بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغان.

www.uyghurkitap.com



بۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە يەنە بىر يېڭى يۇلتۇز چاقناپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى روشەن نامايان قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «ئېھ، ھايات»، «ھاڭگىرت كۆلى»، «يىلتىز» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە «رەڭدار قويۇن»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوربىتا» قاتارلىق پوۋېستلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلب تورىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان بۇ ئىقتىدارلىق ئىجادكار ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ھەم باي كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق نومۇس، ئىنساب، ئەخلاق ۋە ۋاپا نىقابى ئاستىدىكى ئەخلاقسىزلىق، تەڭسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، ئىنسابسىزلىق ھەم نومۇسسىزلىقنى؛ ئائىلە، نىكاھ پەردىسىنىڭ كەينىدىكى ئېغىر سۈكۈتنى، يوشۇرۇن ئازابنى؛ شۇنىڭدەك قان تېمىپ تۇرغان خەنجەرنىڭ يېنىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان سۆيگۈ گۈلخانىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىت بىلەن يۈرەكلىك يورۇتۇپ بېرىپ، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ياراتتى. شۇڭلاشقا يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ھېكايە ـ پوۋېستلىرى ناھايىتى تېزلا شۆھرەت قازىنىپ، كىتابخانلار قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان «ئېھ، توپىلىق يول»، «خىيال ۋە سايە»، «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە»، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن بىر نەچچە ئەدەبىي ئاخباراتى مۇشۇ يىللاردا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، تالانتلىق ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلدى.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئىنسان تەبىئىتىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئاجايىپ سىرلارنى، قويۇق چاڭ ـ توزان ئاستىدا چاقناپ تۇرغان گۈزەل قەلبلەرنى، پۇل ھەم مال-مۈلۈكتىن يۈكسەك تۇرىدىغان مەنىۋى بايلىقنى، روھىي ئەركىنلىكنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن روشەن يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خوراپاتلىق، نامراتلىق ۋە چىرىكلىك بورىنى ۋاقىتسىز نابۇت قىلىۋاتقان، زەخمىلەندۈرۈۋاتقان يۇمران گۈل ـ چېچەكلەرگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى تەسىرلىك ھەم جانلىق ئىپادىلەپ بەردى.

يازغۇچى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىشى، خىمىيە ۋە كۆمۈر سانائىتىگە بېغىشلانغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەجرى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۆۋەپپەقىيەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس غەم ـ ئەندىشە، خۇشاللىق، مەنپەئەت، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخانلارغا دەۋرنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرەك ساداسىنى يەتكۈزدى.

كىتابخانلار بۇ يىللاردا «تارىم» سەھىپىلىرى ئارقىلىق يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «گۈزەل ۋادا»، «توت قولاق»، «ئاقساق بوغما»، «ياۋا ئەتىرگۈل»، «يۈرەكتاغ» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ ئىقتىدارلىق ئەدىبنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاسىتىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مىللەتنىڭ ئېتىقادى، روھى، ئەنئەنىسى، تارىخى، تەقدىرى ھەم كەلگۈسى ئۈستىدە ئازاب بىلەن ئويلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە دادىل ئىزلىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

بىز باغراش ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتسەك، بۇ تىرىشچان ئىجادكارنىڭ قىممەتلىك ئىزلىنىش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى دادىل يېڭىلاپ، ئۆزىگە خاس

يېڭى يول ئاچقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە چۇش، ئەسلىمە، خىيال قاتارلىقلار ئارقىلىق زامان، ماكان چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلانغانلىقى، ئۇ كېيىنكى يىللاردا تەسۋىرلىگەن بەزى پېرسوناژلار سىرلىق تۇسكە، سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ مىللەت، ئىنسانىيەت، ئالەم، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ۋە مىللىي روھ ئۇستىدىكى ئىزلىنىشلىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق سەھرادىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ مۇشۇ يىللاردا دۇنياغا كەلدى. ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ قويۇق پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرىدىغان بۇ ئىستېداتلىق يازغۇچىمىز تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ئوبرازى تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپلىرىغا چۈشمىگەچكە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش زورمۇ زور بوياپ كۆرسىتىلمىگەچكە، كۆپ ھاللاردا قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ كېلىپ - چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن كۆپ قاتلاملىق ئېستېتىك خاھىش كىتابخانلارنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلدى.

«ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «يېڭى قوشنا»، «ئاجايىپ كەسىپ»، «شەپقەتچى»، «ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ»، «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك»، «ئۇزاقتا سوزۇلغان شېرىن چۇش» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «رەڭگا - رەڭ ئالۋاستىلار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ۋە «چۆل ئوغلى»، «شەھلا كۆز» قاتارلىق پوۋېستلىرى بىلەن «تارىم» گۈلزارلىقىنى جۇلالاندۇرغان تالانتلىق يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىن ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ ئانا تەبىئەتتەك ساپ ھەم گۈزەل سۈرىتى نامايان بولسا، تۇرمۇش كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن بەزى ئەسەرلىرىدىن كۈچلۈك تەنقىدىي روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى تېما، تەپسىلات، ۋەقەلىك تاللاشتا، مۇبالىغىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا، ئېستېتىك خاھىشنى ئەسەرنىڭ قات - قېتىغا سىڭدۈرۈۋېتىشكە، تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەرنى ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ قامچىلاشتا، كىتابخانلارنىڭ رايىنى، پسىخىكىسىنى، ھەۋىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر يازغۇچى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانلار تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ كەلدى.

بۇ يىللاردا ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل، توختى ئايۇپ، سەمەت دۇگايلى، ئالىمجان ئىسمائىل، ئابدۇللا ساۋۇت، زۇنۇن تاھىر، جالالىدىن بەھرام، نۇر روزى، تۇرسۇنجان ئەمەت، مەمتىمىن ئابدۇۋەلى، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، قاسىم سىدىق، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، پەرھاد جىلان، زۇلپىقار، قادىر ئارسلان، مەمتىمىن شىپە، ئابدۇرۇپ پولات، مەتتۇرسۇن سۇلايمان، ماخمۇت مۇھەممەت، غەيرەت ئاسىم، مۇھەممەت ئىمىن، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مەمتېلى زۇنۇن، سۇلتان ھاشىم، تۇرسۇن لېتىپ، ئېزىز ساۋۇت، سەلەي قاسىم، ئىدرىس بارات، ئابلىمىت سابىر، ئابلىمىت ھاجى، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن، غەيرەت ئابدۇللا، ياسىنجان ئۆمەر، ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى، جاپپار قاسىم، ئابدۇكېرىم ھاشىم، ئەكبەر غۇلام، ئىسمائىل ئىلى، سىدىق تۇرسۇن، تۇرسۇن ياسىن، ئىمىن راشىدىن، ئابدۇۋەلى قادىر، ھېلىمنىياز قادىر، ئەخمەت مۇساق، غوپۇر قادىر، ئابدۇقادىر سادىر، تاشمۇھەممەت بەكرى، مەمتىمىن

www.uyghurkitap.com

نۇردۇن، ھەسەن ئەخمەت، ئايمۇھەممەت ساھىب قاتارلىق قەلەمكەشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ سەرخىل ياكى بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى ئەسەرلىرى بىلەن «تارىم» سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزدى. «تارىم» سەھىپىلىرىدىكى بۇ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى توختى ئايۇپنىڭ «مۇڭگۈز»، «بۆشۈك»؛ زۇنۇن تاھىرنىڭ «پەتىچى»، «ئەلچىلىك»، «بويتاق»، «كېمىچى»؛ سەمەت دۇگايلىنىڭ «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە»، «بەدەل»، «يەتتە تىللا»؛ ئەخمەت تۇردىنىڭ «خەير - خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان»؛ ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «قانلىق قىرغاق»، «قىسمەت»؛ جالالىدىن بەھرامنىڭ «قۇملۇقتىكى ئاتەش»؛ ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يىغلىما، قىز»، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»؛ نۇر روزىنىڭ «قوقاس»؛ تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ «ئىشتىھالىق كېسەل»؛ مەمتىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ «ساقال ھەققىدە پاراڭ»؛ ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «داۋانلىق يوللار»؛ قاسىم سىدىقنىڭ «خىلۋەتتىكى چوغلۇق»؛ زۇلپىقارنىڭ «بىسى يانغان شەمشەر»؛ پەرھاد جىلاننىڭ «پۇل»؛ قادىر ئارسلاننىڭ «مېنى ئايىغىن، قىزىم»؛ مەمتىلى زۇنۇننىڭ «قوش مەسچىت»؛ غەيرەت ئاسىمنىڭ «كونا گىلەم»؛ مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ «سەركە»؛ مەمتىمىن نۇردۇننىڭ «ھاشىم تۇماق»؛ تاشمۇھەممەت بەكرىنىڭ «يالغۇز تۇرنا»؛ ھەسەن ئەخمەتنىڭ «خورلۇقتىن كېيىن»؛ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختىنىڭ «تۇخشاش ئانا» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان بۇ مۇنەۋۋەر ھېكايە، پوۋېستلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى، ئاپتورلىرىمىزنىڭ سەرخىللىقىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ يىللاردا تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم تۇردى، ئابدۇراخمان قاھار، خېۋىر تۆمۈر، مالىك كېۋىر، سېيىت زۇنۇن، ئابلا ئەخمىدى قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزمۇ «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۆزلىرىنىڭ سەر خىل مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىجادىيەتچىلەر سېپىدە باشلامچىلىق، تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىدى.

مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇ مەزگىلدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «ئەينەك» سەھىپىسى ئاستىدا بىر تۈركۈم ساتىرىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلىدى. بىر قانچە خىل ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ شانلىق تارىخىي تۆھپىلىرى بىر قەدەر روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن «بوغدا ئاتا» ناملىق پوۋېستىمۇ مۇشۇ يىللاردا «تارىم» سەھىپىلىرى ئارقىلىق كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

كىشىنى تېخىمۇ شادلاندۇرىدىغىنى شۇكى، كېيىنكى يىللاردا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىدە بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ياش ئاپتورلارنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى ياكى بىر قەدەر يۇقىرى ھېكايە، پوۋېستلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىشەنچلىك، يارامىلىق ئىز باسارلىرى يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بەردى. بۇ يىللاردا زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىتنىڭ «ئاققان يۇلتۇز»، «تۇغۇلغان كۈن»، «كەلگىندى»، «قومۇش كۆل» قاتارلىق ھېكايىلىرى؛ ئەنۋەر مۇھەممەتنىڭ «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»، «بىزنىڭ ھاكىم» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرى؛ ئەسئەت سۇلايماننىڭ «شەبنەم يالتىرىغان كېچە»، «ئۇيقۇغا كەتكەن كروران گۈزىلى» قاتارلىق ھېكايە،

پوۋېستلىرى؛ تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇرنىڭ «خازانلىق يول»، «قۇتلۇق كېچە» «يامغۇرلۇق بوران» قاتارلىق ھېكايىلىرى؛ پەرھات ئىلياسنىڭ «ئارمانلار يىلىنجايدۇ» ناملىق پوۋېستى؛ ئادالەت ھەبىبۇللانىڭ «يالىلداپ تۇرغان مېتاللار» ناملىق پوۋېستى؛ باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «بەدەل» ناملىق پوۋېستى؛ ئەسئەت ئەمەتنىڭ «قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى» ناملىق ھېكايىسى ۋە ئەسقەر ياسىننىڭ «نامرات كېراكەش» ناملىق ھېكايىسى كىتابخانلار ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، بۇ ئۈمىدلىك ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلدى.

«تارىم» ژۇرنىلى بۇ يىللاردا يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئىزلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە ھېكايە-پوۋېستلارغىمۇ ئۆز سەھىپىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بەردى. ئارسلاننىڭ «ئۇيۇقتىكى سۈرەتلەر» ناملىق پوۋېستى، پەرھات تۇرسۇننىڭ «مۇزلىغان دېرىزە»، «ھالاكەت» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى ۋە غاپپار تەۋەككۇلنىڭ «ھايات كومېدىيىسى» ناملىق پوۋېستى ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى دادىل يېڭىلاش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەچكە، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ ئىزلىنىش روھي ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلىك.

بۇ يىللاردا ئانا ژۇرنال - «تارىم»نىڭ ئىللىق قوينىدا بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئەدەبىي ئاخباراتچىلار، بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى، نەسىرچىلەر، مەسەلچىلەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى تۈر - ژانىرلىرى بويىچە ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى.

بىز «تارىم» نىڭ كېيىنكى يىللاردىكى سانلىرىغا نەزەر تاشلىساق، ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئىگىلىگەن سەھىپىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي ئاخباراتچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقانلىقىنى روشەن ھېس قىلىمىز. قەيسەر مىجىتنىڭ «مەڭگۈلۈك ياشلىق» (ئۈچ قىسىم)، «ھايات ۋە بۇرچ»؛ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار»؛ توختى ئايۇپنىڭ «كېلىچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»؛ دىلدارنىڭ «ۋېناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم»؛ ئابلىز ئوسماننىڭ «ئۈزۈلمەس ئېقىن»، «ھايات، ئادەم، كېلىچەك»، «ئوت ناخشىسى»؛ ئەركىن روزىنىڭ «دۆڭكۆۋرۈكتىكى كىشىلەر»، «يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار»؛ ئەنۋەر مۇھەممەتنىڭ «تەكلىماكان ئوغلى»؛ راخمانجان روسۇلنىڭ «يېشىللىقتا ئەسىر قەلب» ۋە ئابلىكىم مۇھەممەتنىڭ «ئانا تىل ئىشقىدا» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرى كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە بىر قەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ يىللاردا مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، «تارىم» گۈلزارلىقىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخماننىڭ «ئاپا، مەن كىم بىلەن ئوينايمەن»، «ئازاب»، «كۆز يېشى» قاتارلىق بالىلار ھېكايىلىرى؛ ئەخمەتجان قۇرباننىڭ «يالغانچى تۇسۇق»، «چېقىمچى سېغىزخان»، «چوغلۇق ۋە ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى»، «كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» قاتارلىق بالىلار چۆچەكلىرى، سۇلتان ھاشىمنىڭ «يىلانلىق قورۇق»، «تىرىلگەن مۇردا» قاتارلىق يىرىك فانتازىيىلىك ئەسەرلىرى؛ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېستى؛ تاشمۇھەممەت بەكرىنىڭ «يالغۇز تۇرنا» ناملىق ھېكايىسى؛ يارمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ «گۆش يېمەيدىغان بالا» ناملىق ھېكايىسى؛ رۇقىيە تۇردۇشنىڭ «مەن دۆت ئەمەس» ناملىق ھېكايىسى؛ ئەخەت ھاشىم، مەمەت روزى يارقىن، ئابابەكرى

www.uyghurkitap.com

ئەمەت، ئېلى زاھىت قاتارلىقلارنىڭ بالىلارغا ئاتاپ يازغان قىرىقتارلىق مەسەل، چۆچەكلىرى؛ شۇنىڭدەك مۇھەممەت شاھنىياز، ھوشۇر ئەخمەت، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن قاتارلىقلارنىڭ تىلى چۈچۈك بالىلار ھېكايىلىرى كىتابخانلار تەرىپىدىن، بولۇپمۇ كىچىك دوستلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. بىز «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان نەسرىي ئەسەرلەرنى ئىنچىكە كۆزەتسەك، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ژانىرلار بويىچە خېلى گەۋدىلىك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىمۇ خېلى جانلاندى. بۇ جانلىنىشنى ئەخمەت ئىمىن، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەنەيتۇللا قۇربان، ياسىن ئىمىن، ئەركىن نۇر، ئوسمان قاۋۇل، قەيسەر مىجىت، ئەرشىدىن قادىر، ئابدۇۋەلى كېرىم، جۈرئەت سەيپۇللا قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ «تارىم» سەھىپىلىرىدە چاقناپ تۇرغان «سەن مېنىڭ چۈشۈم»، «تەكلىماكان»، «يۇرۇڭقاش»، «قاراقۇرۇم»، «ئاچقۇچ»، «كۈيچى موماي»، «ئەما»، «ئانامغا خاتىرە»، «دېڭىز ناخشىسى»، «ئەپيۈنگۈل»، «دوزاختىن قوغلانغان ئادەم»، «خىيال دېڭىزىدىن چەشمىلەر»، «تەپەككۇر دەرىخىدە پىشقان مېۋىلەر»، «ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن» قاتارلىق مۇنەۋۋەر نەسرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نەسرلەرنىڭ ئۇسلۇبى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلى ھەر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەسرلەرگە ئۆز سەھىپىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ، نەسرچىلىكىمىز باغچىسىدا بارچە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

بەزى ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزغا چەت ئەللەرنىڭ نەسر ئىجادىيىتىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى دادىللىق بىلەن ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى قاتماللىقنى، بىر خىللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، نەسرچىلىكىمىزنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە، ئەركىن تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى. «تارىم» ئۇلارنىڭ بۇنداق قىممەتلىك ئىزلىنىش روھىغا داۋاملىق ئىلھام بېرىدۇ.

«تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىدە ئايال ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇبادا خالىدە ئىسرائىل، دىلبەر قەييۇم، زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىت، تۇرسۇنئاي يۇنۇس، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، غەلىبە مۇھەممەت، ئادالەت ھەبىبۇللا، باھارگۈل ساۋۇت، بېلىقىز سادىق، ھۆرنىسا تۇردى، دىلدار، ئارزۇگۈل بىلال، ئايگۈل مۆيدىن، ئامانگۈل مامۇت، ماھىگۈل پەخرىدىن، ئالتۇنگۈل رەجەپ، رۇقىيە تۇردۇش قاتارلىق ئاپتورلار «تارىم» ژۇرنىلىنى سۆيەتلىك ياكى بىر قەدەر سۆيەتلىك بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇرمىغان بولسا، «تارىم»مۇ بۈگۈنكىدەك ئىلگىرىلىيەلمىگەن بولاتتى.

خۇلاسىلىگەندە، «تارىم»نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىدە كۆرۈلگەن يېڭىلىقلار ئىقتىدارلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن ئانا ژۇرنال - «تارىم»نى باشتىن - ئاخىر قىزغىن قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭلاشقا «تارىم» گۈلزارلىقى كۈندىن - كۈنگە رەڭدارلىشىپ، ھۆسنىگە تولۇپ، خەلقىمىزنىڭ روھىي ئالىمىگە ئۈزلۈكسىز خۇش پۇراق تارقىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

لېكىن بىز ئەدەبىياتقا ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات، ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ھەم رىقابەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلساق، يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، چەت ئەللەر بىلەن ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا بىز ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك جەۋھەرلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈكىنى، شۇڭلاشقا قانائەتلىنىپ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا، كونا دەسمايىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

راستىنى ئېيتقاندا، «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلىۋاتقان بەزى ھېكايە - پوۋېستلار قاتماللىق، ئەندىزىچىلىك، قېلىپبازلىق، تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىللەتلەردىن تاھازىرغىچە قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئوخشاش بىر تېمىنى بىھۇدە تەكرارلاشقا ئامراق بەزى ئاپتورلىرىمىز تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە كەڭلىك، رەڭدارلىق ھەم چوڭقۇرلۇققا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىيالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كىتابخانلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. ئادەتتىكى، ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز نىكاھ، ئائىلە، مۇھەببەت نىزالىرى ئەزمىلىك بىلەن قايتا - قايتا چاينالغان نەسرىي ئەسەرلەر «تارىم»نىڭ نوپۇزىنى تېخىمۇ يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

«تارىم»دا ئېلان قىلىنغان بەزى ئەدەبىي ئاخباراتلار تەپسىلىي خەۋەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر كىتابخانلارنى دىگەندەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. بەزى ئەدەبىي ئاخباراتلاردا چىنلىق پرىنسىپىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمەي، خالىغانچە ۋەقەلىك توقۇپ چىقىرىلغان ياكى شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بىھۇدە كۆپتۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئاخباراتقا تېخىمۇ ئېغىر تەلەپ قويۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ مۇھىم ژانىرىنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭچە، بىزنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاچقۇچلۇق مەسىلە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، ھارماي ئىزلىنىش، مۇستەقىل ئىجاد قىلىش ۋە تىنىمسىز يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. باشقىلار ئاچقان يولدا، كونا يولدا، تار يولدا مېڭىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئاپتورنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ يولىدا قىلچە ئىككىلەنمەي ماڭالىغان، ئىنسانلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشقا جۈرئەت قىلالىغان، مىللەتنىڭ روھىغا ھەقىقىي تۇردە ياندىشالىغان، تىرىشىپ بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۈرەلىگەن يازغۇچى ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

«تارىم» نىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان مۇنەۋۋەر نەسرىي ئەسەرلەر ئۆچمەس تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تۆھپىسىنى روشەن نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ياراتقان تۆھپىلەر گويا كىچىك - كىچىك چوققىلارغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر چوققا ئەدەبىيات دۇنياسىدىن پەقەت ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇننىلا ئالالايدۇ. بىر چوققا يەنە بىر چوققىنىڭ ئورنىنى تارتىۋالالمايدۇ. شۇڭا تالانت ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسىدىغان، پېشىدىن تارتىدىغان، دىلىغا ئازار بېرىدىغان ناچار قىلىقلارنى چەكلەپ، جاپاكەش ئەدىبلەرنىڭ يولىغا پاياندار سېلىش بىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىمىز ھەم يۈكسەك بۇرچىمىز. بىز بۇ بۇرچىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالىساق، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولىدۇ، «تارىم» گۈلزارلىقى تېخىمۇ ھۆسنىگە تولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىمىن ئەخمىدى

# شېئىرلار

## قىزارغان ئۇپۇق

(باللادا)

چايكا قانتىدا بوزغۇن تامچىسى،
دولقۇن قىرغاقلارنى ئويغىتىپ ئۆتەر.
قۇياش دەستىسىدە تاڭنىڭ قامچىسى
بىزدىن ئويقۇ كۈتمەي، ئويغىنىش كۈتەر.
مەن دېڭىز بويىدا تۇرىمەن، يەلكەن
بىردەم كۆكنى، بىردەم بېلىقنى سۆيەر.
غايىب بىر يۈرەك بىلەن ئېزىلگەن يەلكەم،
يۈرەك-باغرىم كۆيەر، ۋۇجۇدۇم كۆيەر.

تېلېفون ئۇردۇم مەن، تارىمدا ئۈنۈم،
كەلدى بىرلىرىنىڭ ئەسنەك ئاۋازى.
ئەجەبمۇ ۋاقىتسىز بۇزۇلدى چۈشۈم،
ئاڭلاندى ئەركەمنىڭ يېقىملىق نازى.
چۈشەندىم، ئۇ يەردە قاراڭغۇ ئىمىش،
بار ئىمىش ۋاقىتتا ئىككى سائەت پەرق.
بۇ چاغ، ھاجەتمۇ چۈشەكەپ يېتىش،
بولۇپ كەتتىم خىياللارغا غەرق.
چۆرەمدە كائىنات سالىدۇ چۇقان،
ئۆمۈرلۈك بەيگىدە چېپىۋاتقان خەق.
قەلبىمنى چۇلغىدى ئەجەب ھاياجان،
ئاستىمدىكى دىيار ئەمەسمىدى شەرق؟

كېيىن تاڭ ئاتسىمۇ، كېيىن كۈن پاتار،
ھازىر پۈتمىگەن ئىش، پۈتىدۇ كەچتە.
بۈگۈن ئۆتۈپ كەتسە، ئەتە تاڭ ئاتار
بىر يىل ئون ئىككى ئاي، بىر ئاي تۆت ھەپتە...

دەر ئىدىم خۇدانىڭ بەرگەن كۈنى كۆپ،
نە قىلاي، تاڭ بىلەن ئۈزۈمگە ياندى.
بىراق، جاننى خۇدا بەرمەيتتى تۆكۈپ،
ھايات بىرلا قېتىم، تەكرارلانمايتتى.
تۇغۇلۇش مەيلى ئۇ، ئىلگىرى-كېيىن،
ئەقىل ۋە پاراسەت يەردىن كېلىدۇ.
روھ غەپلەتتە قالسا، تەنمۇ بىر تىمىن،
بىزگە بەخت ھەر كۆڭلۈك تەردىن كېلىدۇ.
بىر ئەلدە ئەقىلنى تاپقان تۇرۇپ تەڭ،
بولامدۇ ئۇنىڭدا ئىككى سائەت پەرق؟
تېلېفوننى تاشلىدىم، توۋلىدىم: ئەتتەڭ!
بىز تۇرغان بۇ زېمىن ئەمەسمىدى شەرق...

مەن دېڭىز بويىدا، ئاپئاق بىر يەلكەن
گاھ يېشىل سۇنى، گاھ ئاسماننى سۆيەر.
كىم ئويغاق ۋە كىملەر ئويقۇدا بۇ دەم،
يۈرەك-باغرىم كۆيەر، ۋۇجۇدۇم كۆيەر.

## تۇغۇلمىغان ئوخشايمەن

نېمە دەپ ئۆتكۈزەي تۇغۇلغان كۈننى،
قايسى بىر تۆھپەمگە ياندۇرىمەن شام.
ئانام جىن چىراغدا بەزلەيدۇ تۈننى،
ماڭا ھومايغانچە قارايدۇ تۆت تام.
سۆڭەك ئاق داستىخان يۈزىدە ئەپسۇس،
ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەتتى ئەجەب.
پۇشايمان ياشلىرىم ئېقىشقا خىجىل،
تىزىلغان تائاملار كەتتى ئېسەدەپ.
شىرەنىڭ ئۈستىدە كونا كالېندار
باھار سەلكىنىدە قالدى يېپىلىپ.
كۆرۈنگەندەك بولدى كۆزلىرىمگە دار،
چىقتىم بوسۇغىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ.

ئانام ئوقۇمىغان دادامنى شۇنداق،
تۇغۇلغان كۈنۈمنى يېزىپ قويمىغان.
لېكىن مېنىڭدەك بىر ئوغلى بولغانغا
پەخىرلەنگەن ھەردەم، قاراپ تويمىغان.
چوڭ بولدۇم، ئەللىك يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
ئانامنىڭ يۈزىدە يىللار بەلگىسى.
مېنى ئۇزاتقاندا سۆزلىگەن دادام:
- ئەمدى ساڭا قالدى ئۆينىڭ كەلگۈسى...
سەپسالدىم ئېغىلغا، قېرىغان ئۆكۈز
چىشلىرى تۆكۈلگەن، يېيەلمەيدۇ يەم.
بولۇڭدا قىڭغايغان كونا چىغىرىق،
قانىتى سۇنغان چاق، تانىسىدا نەم.
قوناقنىڭ شېخىدا ئۆرتىنىپ دىلى،
نومۇستىن يېرىلىپ كېتىپتۇ ئوچاق.
تاپقاننىڭ ھەممىسى ماڭا كېتىپتۇ،
جاپاكەش دادامنىڭ ساقىلىدا ئاق.
ئۇلارمۇ تۇغۇلغان بولغىيدى بىر كۈن،
باردۇر ئۇلاردىمۇ شۇ كۈنگە ئارمان.
چۈشەندىم، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى
يا يامغۇر، يا بوران ئىچىدە قالغان...
مەن تۇغۇلغان كۈن دەپ قايسى كۈننى دەي،
سېنى راست مەن تۇغقان دەلەرمۇ ئانام.
ناۋادا بالام يوق سېنىڭدەك دېسە،
بولمامدۇ ئۆمرۈمگە تىرىكلىك ھارام.

نېمە دەپ ئۆتكۈزەي تۇغۇلغان كۈننى،
زادى مەن قايسى كۈن تۇغۇلغاندىمەن؟
راست تۇغۇلغان بولسام ئىزلىرىم قېنى،
ئانامغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن...

## مۇقەددەس دەريا

*ھىندى دىنىدىكى نەچچە مىليون ئادەم ئىبلىس ئېلىپ قاچقان جامدىن تۆكۈلگەن ھاياتلىق سۈيىدە يۇيۇنۇپ ئۆمۈر ئۇزارتىش ئۈچۈن، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم «مۇقەددەس دەريا»غا سەكرەپ، «روھ يەڭگۈشلەش» مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ...*

(گېزىتتىن)

مەن ئىبلىس قولىدىن تالاشمايمەن جام،
ھاياتلىق سۈيىنى قىلمايمەن تەمە.
ماڭا ئەمەس بۇندا ھېچبىر نەرسە كەم،
ئۇزۇن ياشاشمۇ ھەم ئەمەس مۇئەممە.
بۇ دۇنيادا تەقدىر دېگەن نەرسە يوق،
ئىشتىكەنمەن قىسمەتنى ئىككى قولدا دەپ.
بىلمەمەن ئەزەلدىن ئۆمۈر ئاتقان ئوق،
تەگمىسە نىشانغا ئۇمۇ قۇرۇق گەپ.
ئۈچ يىلدا بىر قېتىم زەمزەمدە ئۈزۈپ،
يېڭى بىر روھ تېپىش بىزنىڭ ئۆيگە يات.
ئەگەر شۇنداق بولسا ئۈچ يىلنى كۈتۈپ
كىملەردە خۇشاللىق، كىملەردە پەرياد؟
يوقالسۇن ئالەمدىن ياشاش غەۋغاسى،
ئەقلىمدە پارلايدۇ نۇرانە قۇياش.
قەدەم-قەدەملەردە چېلىش ئىزناسى،
كۆڭلۈمگە ھەر دائىم بىر ھايات يولداش.
دېمەك مەن مۇقەددەس دەريا ئاقتۇرۇپ
مىنۇت-سېكۇنتلارنى بەرمەيمەن بىكار.
بەختىمگە ئەركىمدىن پىلانلار قۇرۇپ،
روھىمنى يەڭگۈشلەپ قىلىمەن شىكار.

www.uyghurkitap.com

بىر قەترە ياشتىمۇ بىر پۈتۈن ئالەم،
بىر گۈلخان تەپتىدە قىيىنىلىش پەيدا.
بىر تامچە تەردىمۇ مىليون ئادەم،
بىر دولقۇن ھۆسنىگە مىڭ دېڭىز شەيدا.
يايلاقلار مەن ئۈچۈن ھاياتلىق سۈيى،
ئېتىزلار مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.
زاۋۇتلار مەن ئۈچۈن ئېتىقاد كۈيى،
سەھنىلەر قەلبىمدە جاكا قىلىدۇ.
كەل ئەركەم، بىر كۈندە يىلنىڭ تەمى بار،
قەيەردە يۈكسىلىش، ئاشۇ يەردە جام.

باتۇرنىڭ ھەر سۆزدە نومۇس-ئارى بار،
ئۇ دەريا، ئۇ ئەنھار، ئەبەدىلىك مۇقام.
ئاڭلىسام دولقۇنلار شاللايدىكەن قۇم،
تارىمنىڭ بورىنى شاللايدۇ بىزنى.
يەنە ئۈچ يىل كۈتۈپ بولمايلى جۇنۇن،
قالدۇرۇپ كېتەيلى كۆمۈلمەس ئىزنى.
ئىشەنچىم ئۈچ يىل ھەم تۈگەيدۇ پاتلا،
ئەۋلادلار باغلايدۇ ئەتىگە ھەۋەس.
بىر سۆزۈم بار ساڭا، ئېسىڭدە ساقلا
بىز ئۈچۈن ھەر كۈننىڭ ئۆزى مۇقەددەس.

ئادىلجان ئابدۇقادىر

## گۈل ھەممە سۆزۈك

### پەرۋاسىز سۆيگۈ

كۆزلىرىڭ تىنىق سۇ، سۆزلىرىڭ نەشتەر،
مەڭزىڭدە نۇر ئوينار، سەن شۇنچە سەبىي.
قاشلىرىڭ ھەم ھىلال ھەم ئالماس خەنجەر،
ئەي جانان جاللاتمۇ سەن ياكى پەرى؟

يۈكۈنسەم كۆز يۇمۇپ ئۆتتۈڭ نەزەرسىز،
ئىشقىمغا جاۋابمۇ بىلدۈرمىدىڭ ھەم.
مېھرىڭگە باش قويسام ئۇنە تارتىڭ ئەنسىز،
كۈتكىنىم ئەكسىچە تاش يۈتتۈم شۇدەم.

ئېزىدۇ يۈرەكنى دەھشەتلىك ھەسرەت
خىياللار ئىزىدىن چېپىلدايدۇ قان.
تولغاندىم پەرۋاسىز سۆيگۈ دەردىدە،
شۇ ئۇھنىڭ كەينىدە نېمە باركىن تاڭ؟

### شائىر سىرى

بەلكىم راستتۇر كۆيۈكلىكى ۋە ياكى
قالغانىكىن گۈلنى كۆيلەپ ئۇ كۆنۈپ.
كۆڭگەن شۇنداق يامان ئىكەن، ھەتتاكى
كەتسىڭىزمۇ سىز شائىردىن يۈز ئۆرۈپ.

شۇ كۆيلەشتىن توختىماس ئۇ ئۆلمىسە،
(توختىسا گۈل ئۇنى يۈزسىز دېمەسمۇ؟)

ئاغرىنىدىڭىز شائىر گۈلنى كۆيلىسە،
ئاھ، كۆيلەتكەن گۈل ئۆزىڭىز ئەمەسمۇ؟

### ئانا يۇرت بىر گۈلسەن ئەسلىدىن ئۆزۈڭ

كۆز ئېچىپ ئالەمگە تۆرەلگەندە مەن،
جىلۋىدار كۆرۈندى گۈل كەبى كۆزۈڭ.
نەقىشلىك بۆشۈككە بۆلەنگەندە مەن،
بېشىمغا ئاۋايلاپ پوسما كەيگۈزدۈڭ.
ئويناقلاپ تالاغا يۈگۈرگەندە مەن
غۇنچىدە گۈل ئىكەن كەڭ دالا-تۈزۈڭ.
ئانامدىن ئانا تىل ئۆگەنگەندە مەن،
«گۈلدەستە، گۈلنەپشە...» گۈل ھەممە سۆزۈڭ.
كۆرىمەن چېھرىڭنى گۈلچېھرى يۈزۈڭ،
ئانا يۇرت بىر گۈلسەن ئەسلىدىن ئۆزۈڭ.
ئارزۇلۇق قىزىڭنى گۈل دەپ ئاتىدىڭ،
مېھرىگۈل، چېھرىگۈل، قەلبىگۈل... ئۇلار.
تۇكچىسىز ھەتتاكى بىر نان يېمىدىڭ،
(گۈلسىز نان ھارامكى، ئۆزۈڭ گۈلخۇمار،)
گۈل-نەقىش بېزەتكەن ئايۋان-سارىيىڭ،
تەڭلىمات ۋە گىلەم،
ئۆيمۇ بىر گۈلزار.
شۇمۇسەن، باھاردا گۈلدەك ياشىدىڭ،

زۇغۇيلار باغرىنى ئەيلىدىڭ خۇنبار.
كۆرسەن چېھرىڭنى گۈلچېھرى يۈزۈڭ،
ئانا يۇرت بىر گۈلسەن ئەسلىدىن ئۆزۈڭ.

پارقىراق بىسلاردا چاراقلاپ يۇلتۇز،
مۇز تاغلار كۆكسىدىن قويۇلۇپ زەمزەم.
ئاستانە باغلاردا ئېچىلىپ نورۇز،
رەڭلەردە ئۆزگىچە رەڭلىنىپ ئۆلكەم.
كۆز ئالدىم ئاجايىپ ئۇز ۋە شۇنچە ئۇز،
شامالار سۆيگۈسى ئېھ، مەيىنگىنەم.
گوياكى بىغۇبار لەۋلەردە ئۇغۇز،
يالتىرار قىزىل گۈل بەرگىدە شەبنەم.

كۆرسەن چېھرىڭنى، گۈلچېھرى يۈزۈڭ،
ئانا يۇرت بىر گۈلسەن ئەسلىدىن ئۆزۈڭ.

تەلمۈرۈپ كۆزۈڭدىن ئىلغايدۇ كۆزۈم
ئۆپۈقنىڭ قارىچۇقى-گۈلگۈن لەيلىنى.
مەجنۇندەك خىياللار تۇرۇم ۋە تۇرۇم،
تاڭ ساباھ غىدىقلار كۆڭۈل مەيلىنى.
ئاھ، مانا جان پىدا كۆز بىلەن كۆردۈم،
گۈلباھار لىۋىنى، نىگار ۋەسلىنى.
«ئېچىلار بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم»
سەترىلەر تارقىتىپ ئاتەش ھىدىنى.
كۆرسەن چېھرىڭنى، گۈلچېھرى يۈزۈڭ،
ئانا يۇرت بىر گۈلسەن ئەسلىدىن ئۆزۈڭ.

مۇساجان يۇنۇس

# مەن تاپىمەن قوياش ئۆيۈڭنى

## مەن تاپىمەن قوياش ئۆيۈڭنى

ئاي!
نېمىشقا يىغلايسەن بۇق-بۇق،
قېرىندىشىڭ قالدىمۇ ئۆلۈپ.
دەريا!
نىچۈن ئاقىسەن مۇڭلۇق،
كېتىپتىمۇ نىگارىڭ كۆيۈپ.
يۇلتۇز!
نىچۈن كۆزلىرىڭ خىرە،
كىملەر سېنىڭ دىلىڭنى چەگدى.
كۆلكەڭ يوقمۇ ئەي سەلكىن، بىزە،
ساڭا كىمنىڭ نەس كۆزى تەگدى.
ئورمان!
سېنىڭ قۇشلىرىڭ قېنى،
ئىست ساڭا ئوغرى تەگدىمۇ؟
ئاھ! گۈللەرنىڭ يوقمۇ ھېچ جېنى،
ئۇنى يەللەر تارتىپ ئەگدىمۇ؟
تاغلار!
نىچۈن كۆزلىرىڭدە ياش،
كىم باغرىڭنى قىلدى زەردىگۈش.
دۈگدەيگىنىڭ نېمىسى ئەي تاش،
كىم گەجگەڭگە ئۇردى پولات مۇشت.
يىراقتا كۆي ياڭراتقان بالا
توختاتقىنا مىسكىن كۆيۈڭنى.
قاراۋەرمە ھومىيىپ دۇنيا،
بىلمەپتىمەن ئەسكى خۇيۇڭنى.
يايراۋەرسۇن باغرى تاش رەنا،
مەن تاپىمەن،
قوياش ئۆيۈڭنى.

## چاناقلاردىن ئاقتى چوغلار ياش بولۇپ

بولۇتلاردەك يىغلىمايمەن ئېسەدەپ،
قېتىپ كەتتى يۈرەك ئۇيۇل تاش بولۇپ.
كۆزۈم تونۇر،
گۈلخان يانار كۈۋەجەپ،
چاناقلاردىن ئاقار چوغلار ياش بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

سۈلغۇن نىگاھ ھۇشسىزلاندى دەممۇ دەم،
كۆزلىرىمنىڭ ساھىلىدا ئوت يۇتۇپ.
كىرپىكلىرىم يولاتمىدى تامچە نەم،
تومانلارنى زىناقلىرىم ھۇركۇتۇپ.

ئىت ھۇۋلىشى تۇرار كۈيدەك ئاڭلىنىپ،
مەپتۇن ئەمەس كۆڭۈل ئاجىز كۈيگە.
تۈيغۇم كۆلەر زەر قۇياشقا قاقلىنىپ،
باغرىم تەشنا سۆزۈك بۇلاق سۈيگە.

ئەقلىم ياشاش ئۈچۈن قالقان ھەم ياراق،
سىرداش دوستۇم قەھرى يامان شۇۋىرغان.
ئېسىپ قويدى ئۇ بويىنۇمغا قوڭغۇراق،
قېچىپ يۈرەر سايەمدىنمۇ غەم-پىغان.

مەن يىغامنى بولۇتلارغا ئۆتۈندۈم،
قېتىپ كەتتى يۈرەك ئۈيۈل تاش بولۇپ.
يىغلاپ ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئۆتۈندۈم،
چاناقلاردىن ئاقتى چوغلار ياش بولۇپ.

## شېھىت بولغان ئۆمرۈم قەدرى ئۆتۈلدى

چۈشلىرىمنىڭ قاينىمىغا چۆمۈلدۈم،
ئېڭىم ئېچرە ئىزگۇ ھېسلار قويۇلدى.
رىئاللىقنىڭ بوزغۇنىغا كۆمۈلدۈم،
دۇنيا گويا سېھرىگەردەك تۇيۇلدى.

ئەللەي ئەتتى ئىللىق ماۋا پەپىلەپ،
دىمىغىمغا گۈلنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى.
مەڭدەپ قوپۇپ مېڭىپ باقتىم تەمتىلەپ،
كۆز ئالدىمدا سېپىل، توساق قورۇلدى.

جۇتلار بىلەن مۇڭلۇلداشتىم، سىرداشتىم،
كۆز ياشلىرىم يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى.
كەتتى ئاچچىق، ئاتلىق كەچمىش چىرمىشىپ،
چىرايلاردىن قارا نىقاپ سۆكۈلدى.

قاراپ قالدىم كائىناتقا يېتىرقاپ،
دىللىرىمغا جاھان ئىشقى پۈكۈلدى.
باقتىم، ئاقتىم مەن جاھانغا ئېچىرقاپ،
شېھىت بولغان ئۆمرۈم قەدرى ئۆتۈلدى.

## راستمۇ؟

ئاخشامقى سەلكىنلەرنىڭ تىنىقلىرى،
پاھ، سېنى سۆيۈپ ئالدىم دەيدۇ، راستمۇ؟
كۆكتىكى تولۇن ئايمۇ كۈلۈپ-كۈلۈپ،
چېھرىڭنى كۆرۈپ قالدىم دەيدۇ، راستمۇ؟

شوخ ئېقىن كۆزلىرىمگە ئۇز شىۋىرلاپ،
ئاھ سېنى چۆشەپ چىقتىم دەيدۇ، راستمۇ؟
گۈللەرمۇ شىركەيپىلىك جۆيلۈشىدە،
ھىدىڭنى كۆشەپ چىقتىم دەيدۇ، راستمۇ؟

قۇشلارمۇ ئارامىدا ئۇخلىيالماي،
كۈيىڭنى يادلىۋالدىم دەيدۇ، راستمۇ؟
دەريانىڭ دولقۇنلىرى دەۋرەپ قوپۇپ،
سېنى شاھ سايلىۋالدىم دەيدۇ، راستمۇ؟

ياق جېنىم، كۆسۈرلىشىپ ھەممە سېنى،
پىقىرگە كۆيۈپ قالدى دەيدۇ، راستمۇ؟
مېنىڭمۇ ساڭا ئاشىق بولغىنىمنى
مەشۇقۇڭ تۇيۇپ قالدى دەيدۇ، راستمۇ؟

ئىبراھىم نىياز

# ئىككى شېئىر

## غايىبلىق

ئويلىمىغان ئېھتىمال سەنمۇ،
سۆيۈشۈڭنى مېنى ھېچقاچان.
چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن مېنىڭ،
سېنىڭ بىلەن تۇتۇشۇم جاھان.

بولغىنىدەك ھەركىمدە ئارمان،
كۆيگەنىدىم باشقا بىرىگە.
تۇۋا، تەقدىر مېنى ئەكىلىپ،
قىلىپ قويدى سەن بىلەن بىرگە.

بىز ھېچقاچان تونۇشمىساقمۇ،
مۇشكۈلنى تەڭ ئالدۇق يەلكىگە.
بەخت قۇشى قوندى ماڭا دەپ
باشلاپ كىردىم سېنى كۆلبىگە.

شۇنداق قىلىپ تۇتتۇق بىز جاھان،
باغرىمىزنى كۆرسەتتۇق يېرىپ.
كۆزىمىزدىن تۆكۈلەر سۆيگۈ،
يەر قويىنىغا كەتسەكمۇ كىرىپ.

## بەخت تىلەش

لەۋلىرىڭگە بىر شېئىر يازالمىدىم دىلبىرىم،
بۇ ھەسرەتكە، پىراقتا قاچانغىچە چىدايمەن.
ئىلكىمدەبار مال-دۇنيا تالاي كۆزنى قاراتقان،
ئەمما ئۇشبۇ جاھاندا مۇھەببەتكە گادايمەن.

لەۋلىرىڭگە بىر شېئىر يازالمىدىم دىلبىرىم،
قالغاندىمەن نە ئۈچۈن شائىر دېگەن ئاتاقتا.
ئۆزۈڭ تاپقان ئەسلىدە ماڭا ھەممە بالانى،
كۈندە ئون رەت تەلمۈرۈپ مەن ياندۇرغان چىراغقا.

لەۋلىرىڭگە بىر شېئىر يازالمىدىم دىلبىرىم،
بۇ ھەسرەتنىڭ دەشتىدە ھالسىرىدىم، يىقىلدىم.
تىنىقلىرى قوشۇلغان ئاشىقلارغا تەلمۈرۈپ،
دوقمۇشلاردىن دوقمۇشقا تېنەپ يۈردۈم، قىقىلدىم.

لەۋلىرىڭگە بىر شېئىر يازالمىدىم دىلبىرىم،
يازالمىغان شېئىرىمنى ئۆزۈڭ يېزىپ ئالساڭچۇ.
شېئىر دېگەن پەرىشتە، شېئىر دېگەن مۆجىزە،
ۋۇجۇدلارنى ئىللىتقان شائىر بولۇپ قالساڭچۇ!

دولقۇن روزى

# ئانا ناخشىسى

تىلغا ئالسام سېنى ئانىجان،
يېنىپ كېتەر باغرىمدا گۈلخان.
چاقناپ تۇرغان چېچەكلەر گويا
تومۇرۇمدا ئۇرغۇپ تۇرغان قان.

سەن قەلبىمگە قويۇپ قويغان كۈي
قانات، مەڭگۈ شادلىق، غۇرۇرغا.
ئىزلىرىمدا قالدۇ جەننەت،
كۆڭلۈمدە ئىلاھىي نۇرغا . . .

ئەللەيلىرىڭ بەختىم مەرغۇلى،
ئانىسەن ناخشىلىرىمنىڭ.
سەن شېئىرغا ئايلانغان يۈرەك،
ئۇلۇغسەن شېئىرلىرىمنىڭ.



ئەنۋەر مۇھەممەد

# تەكلىماكان ئوغلى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## سۈرلۈك ئادەم

بۇ يىل توپتوغرا 45 ياشقا كىردىڭىز. مەزمۇت قەددىڭىز سەل ئېگىلىشكە، يۇمىلاق بېشىڭىز بىلىم بايلىقلىرىغا تولۇپ يېتۈك ئالىملارغا خاس سالاپەتتە پارقىراشقا باشلىدى. پاراسەت ۋە ئىلىم نۇرىدىن جىلۋە بېرىدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىڭىز قەدىمكى زېمىن — تەكلىماكاندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىڭىزنىڭ بۈركۈت كەبى ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ نەسلىنى تارتقاچقىمۇ ھازىرغىچە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقاتماي مىللىتىڭىز ۋە ئانا تىلىڭىزغا بولغان مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن گۆھىرىنى تىنماي سەرپ قىلىۋاتىدۇ. تېگى- تېگىدىن پاكىزلىق، نۇرانىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىڭىز ئەگرى - توقاي ۋە مول مەزمۇنلۇق ھاياتىڭىزنىڭ بەدىلىگە قىرانىغا يەتكەن ئەرلەرگە خاس تەمكىن، جۇشقۇن ھالەتتە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

سىز كۈندىلىك ئادىتىڭىز بويىچە ھەر كۈنى سەھەر تۇرىسىز، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويۇنلا ئەمەلىيلەشكەن بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوماق ئوغلىڭىزنى، نۇرغۇن مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇپمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان تىرىشچان ئايالىڭىزنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزگە تەئەللۇق ئىشلارنى زېرىكمەي قىلىسىز، خىزمەت ۋاقتى توشقاندىن كېيىن ئاتا كەسپى بولغان ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىڭىزنى ئۆزىڭىز جۇغلىغان مول بىلىم، راۋان نۇتۇق ۋە ئوقۇغۇچىلار ئەيمىنىدىغان سالاپىتىڭىز بىلەن ئەستايىدىل ئورۇندايسىز. ئۆيدە مېھرىبان ئاتا، ياخشى ئەر بولسىڭىز، سىنىپتا ھەممە قايىل بولىدىغان نوپۇز ئىگىسى، كۆيۈمچان ئۇستاز بولىسىز. دەرس يوق چاغلاردا 15 - بىنادىكى قەدىناس ئىشخانىڭىزدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، قەدىرلىك ئۇستازىڭىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئولتۇرغان مۇقەددەس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھاۋا سوغۇق كۈنلىرى پۇتىڭىزنى ئەدىيال بىلەن چۈمكەپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇجمەل مەسىلىلەرگە تەپەككۇر قورالىڭىز بىلەن



مۇجۇم قىلىشقا باشلايسىز. يېڭى قاراشلىرىڭىزنى تېزدىن خاتىرىلىۋېلىشقا تۇتۇش قىلىسىز، قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەن ھامان ئورنىڭىزدىن دەرھال تۇرۇپ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ تەپەككۇر يۈرگۈزىسىز، ماتېرىيال ئاختۇرىسىز، نۇرغۇن ئىزلىنىشلەر ئارقىلىق ناھايىتى تەستە پۈتكەن ئىلمىي ماقالىلىرىڭىزنى تولۇقلايسىز. ماقالىڭىزنىڭ نۇقسانسىز ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن ئۇنى ئىملا قائىدىسى بويىچە چىرايلىق كۆچۈرۈپ، شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللارغا يوللاش پارىڭىزنى يولغا سالغاندەك يولغا سالىسىز. ئاندىن پوختىدىن چىققاندەك بولۇپ بۈيۈك روھىي لەززەتتىن بەھرىمەن بولىسىز. ئىلھامىڭىز تۇتۇپ كەتسە ئولتۇرۇپلا بىرەر پارچە شېئىر ياكى نەسرىي يېزىۋېتىسىز.

قول يازمىلىرىڭىز مەتبۇئاتتا كۆرۈلگەندە سىز ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈۋېتىپ، ماقالىلىرىڭىزدىكى ئۆزگىچە قاراشلارغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ماقالىلىرىڭىزدىكى پاساھەتلىك تىل، پاكىتلىك مۇلاھىزىلەرنىڭ كىتابخانلارغا قانداق ياخشى تەسىرات بېرىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ ئۆز ئەمگىكىڭىزدىن سۆيۈنىسىز، زوقلىنىسىز. بىراق بۇ ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ بوۋىڭىز مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ يولىنى تۇتقان داڭلىق تىلشۇناسلارنىڭ مۆجىزىلىك ئەمگىكى ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەسلىكىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ، قانائەت تۇمانلىرىنى قەلب خانىڭىزدىن قوغلاپ تەپەككۇرىڭىزنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىپ باشقا تېمىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىسىز. نۆۋەتتە كەلگەندە تىلىمىز بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان ئەدەبىيات، تەرجىمە مەسىلىلىرىگىمۇ باش قاتۇرىسىز.

20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئەنە شۇنداق ئىشلەپ ئۆتكۈزدىڭىز. بۇ جەرياندا 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەر ئېلان قىلدىڭىز، تاللانغانلىرىنى «كور خېرىدار»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» توپلىمىغا كىرگۈزدىڭىز. ئۇستازىڭىز خەمىت تۆمۈر بىلەن بىرلىكتە «چاغاتاي تىلى»، «مۇھاكىمە تۇل لۇغاتەيىن»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» قاتارلىق يىرىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردىڭىز. ئۇندىن باشقا ئۆزىڭىز يالغۇز ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» نى مۇكەممەل قىلىپ يېزىپ چىقتىڭىز. تۆككەن تەرىڭىز بەدىلىگە كەسىپداشلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارىغا ھەمدە ،ەركەز ۋە شىنجاڭدا تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدە غوللۇق خادىملاردىن بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشتىڭىز. 1991-يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندىڭىز. 1992-يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىڭىز ۋە «جۇڭگودىكى يۇقىرى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا ياش پروفېسسورلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدىڭىز.

سىز قېرىلىققا ماڭغانسېرى بۇرۇنقى نەتىجىلىرىڭىزنى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق دەپ ھېسابلاپ ھازىرقى ۋاقىتنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان، مېڭىلماقچى بولغان يوللىرىڭىزنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنى، ئۈستىڭىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە ئىرادە يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇغانسېرى تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىز. تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تولا ئويلاش ۋەجىدىن قوشۇمىڭىزغا قورۇق چۈشۈپ، چىرايىڭىز تېخىمۇ تۈرگۈنلەشتى، سۇر-ھەيۋىڭىزمۇ ئاشتى. بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ كىبىر-تەمەننادىن كەلگەن سۇر-ھەيۋە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىگە خاس سالاپەتنىڭ نامايەندىسى. بۇ سالاپەت سىزنىڭ ھەقلىق يوسۇندا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭىز ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىۋاتقان قابىلىيىتىڭىزدىن كەلدى.

بىلىم قانچە كۆپ بولسا، روھىي بايلىقمۇ شۇنچە مول بولىدۇ، ئەگەر روھىي بايلىق تولۇپ تېشىپ ئۇنى نامايان قىلىدىغان قابىلىيەت بولمىسا ئۇ كىشىنىڭ سالاپىتىمۇ خۇنۇكلىشىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، سىز

www.uyghurkitap.com



ئۇ خىلدىكى بىچارىلىككە يول قويمىدىڭىز. شۇڭا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەمەلىيىتىڭىزدە ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۇسۇلىڭىزنى، نۇتۇق ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتىڭىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ماڭدىڭىز. قايسى سىنىپقا كىرسىڭىز ياكى قايسىبىر مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشسىڭىز بۇ قابىلىيەتلىرىڭىزنى تولۇق نامايان قىلىپ زور ئىناۋەتكە نائىل بولدىڭىز. لېكىن سىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزگە تەمەننا قويمىدىڭىز. كۆز ئالدىڭىزغا دائىم كېلىدىغىنى مىللەتكە جان كۆيدۈرۈشتە سىزدىن ئالدىغا كەتكەن پېشقەدەملەر بولدى. ئۇلار سىزگە ئىلھام بەردى، رىقابەت ئېڭى ئاتا قىلدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۆز ئىشىڭىزغا نىسبەتەن تەۋرەنمەس بىر ئېتىقاد پەيدا قىلدى. سىز شۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇستازلارنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، پېشقەدەملەرگە ئەگىشىپ، ئۆزىڭىزگە قەدەمداش كىشىلەرگە رىقابەت ئېلان قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە تىل تەتقىقاتىنىڭ پارلاق مەنزىلىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتىسىز. سىز قارىماققا ماشىنا ئادەمدەك تىنىمسىز ئىشلەيدىغان، چىرايىڭىزمۇ سەل سۇرلۇك ئادەم بولسىڭىزمۇ لېكىن قەلبىڭىز باھاردەك ئىللىق، مۇھەببەت، نەپرەتكە قادىر بولالايدىغان ئوت يۈرەك ئادەم. ئادىمىيلىككە خاس قەدىرلىنىش ئىستىكىڭىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئوغلانىغا خاس مەردانىلىقىڭىزدىن چىققان يۈرەك سادايىڭىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىڭىزنىڭ سەمەرىسى بولغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا بېغىشلاپ يازغان مۇنۇ شېئىرىڭىزدا ئەكس ئەتتى:

رەئۇپ دەرلەر ئاتىم مېنىڭ،
كاشغەردىن زاتىم مېنىڭ.
چىراغقا شەيدا پەرۋانە نېمە،
ئىلىمگە پىدا ھاياتىم مېنىڭ.

## شائىرچاق، ئۆتۈكچى، ئامبارچى

مەن 1950 - يىلى 1 - نويابىردا قەشقەر شەھىرى، يۇمۇلاقشە كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىم. ئاتام تاشپولات ئەھمەد ھاجى بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان پېشقەدەم مائارىپچى ئىدى. ئانام ھەجەرخان سابىت تەۋرۈك جاي ئوپالنىڭ بولاقسۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېھقان ئايال ئىدى. لېكىن ئاتامغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇش جەريانىدا ئانامۇ ئىلىمنىڭ قەدرىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، بىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى.

مەن ئالتە ياش چېغىمدىلا ئاتام ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان شامالباغ باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدۇم. ئاتام كىتاب ۋە سازغا خۇشتار ئادەم ئىدى. تاشكەنتتە چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى» قاتارلىق ژۇرناللارنى ئوقۇپ بېرەتتى. مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق مىللىي ئاقارتىش قەھرىمانلىرىنىڭ قان بىلەن پۈتۈلگەن پاجىئەلىك تارىخىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ مەردانە ئىش - ئىزلىرىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەپ مېنى ۋە باشقا ئاكا- ئۇكىلىرىمنى ئازاد زامانىنىڭ قوينىدا تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

1960 - يىلى مەن قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم. مەن شۇ مەزگىلدىمۇ دەرستىن سىرتقى چاغلاردا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچى - باغۋەنلەرنى، پىئونېرلارنى، كىتابنى مەدھىيىلەيدىغان كىچىك شېئىرلارنى، قىسقا نەسرلەرنى يېزىپ تۇراتتىم. بۇلار مەكتەپ تام

كىرىشتىگە چىقىرىلىپ ساۋاقداشلار ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئەدەبىيات مۇئەللىملىرى «سەندە ئەدەبىيات تالانتى بار ئىكەن، سەن توختىماي يازساڭ بولغىدەك» دەپ ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. مەن ھەممە پەندە ئەلا ئوقۇدۇم، بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا ناھايىتى ئۇستا ئىدىم. تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە تاللاپ قوبۇل قىلىشتا ماتېماتىكىدىن يۈز نومۇر ئېلىپ، ئومۇمىي نومۇردا ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى بولغانىدىم.

1963 - يىلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. بۇ يەردىمۇ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا چېنىقىشنى ۋە كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇ چاغدىكى قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىزگە ئوقۇتقۇچى بولغانلارنىڭ ساپاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىمى كەڭ بولۇپ خىمىيە، فىزىكا دېگەندەك دەرسلەرنىمۇ شۇنداق قىزىقارلىق ئۆتەتتى. بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ئىلمىي، جانلىق بولۇپ دەرسنى ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل مۇشائىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت مەشقىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى كۇرژوكلار پائالىيىتىمۇ شۇنداق قايناق، مول ئىدى. مەن شۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىمنى ساۋاقداشلارغا ئوقۇپ بېرەتتىم، مۇئەللىملەردىن پىكىر ئالاتتىم، «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتىپ تۇراتتىم. شۇ چاغلاردا تېخى بەزى كىچىك ھېكايىلارنى سىناق قىلىپ يېزىپ باققانىدىم. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىجادىيەتلىرىم تەپەككۇرۇمنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مېنى تەڭتۇشلىرىمدىن بۇرۇنراق مەنىۋى يېتىلىشكە ئىگە قىلغانىكەن.

1966 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. دەسلەپتە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يېرىم يىل كېچىكتۈرۈلىدىكەن دېگەندە بوش ۋاقىت تاپسامىلا داۋاملىق ئۆگىنىش قىلغانىدىم. ئەمما بۇ ئىنقىلاب تېخىمۇ ئەدەپ، ھەممە ياق ئالتوڭ لاڭ بولۇپ كەتتى. «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار تۈركۈم - تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى. ئارزۇ - ئارمانلار كۆپۈككە ئايلاندى. مەن سەل تېگىرقاپ بۇ ۋەزىيەتمۇ ۋاقىتلىق دېگەن ئويدا تۇشمۇتۇشتا بولۇۋاتقان ھەر خىل ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتىم. بىراق كېيىنچە ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بارا - بارا ئىككى تەرەپ كالتەك - چوماق، نەيزە - مىلتىق كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆز ئارا ئۇرۇشىدىغان ئەلەم كۈرىشى ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. دادام مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ: «سەن مۇنداق ئىنقىلابقا قاتناشما، خالىساڭ ئۆيدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇر، زېرىكسەڭ ئۇستا تېپىپ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قوي» دېدى. مەن ھۈنەر ئۆگىنىش يولىنى تاللىۋالدىم. بۇرۇن بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم موزدوزلۇقنى ئۆگىنىپ دۇكان ئايرىپ چىققانىدى، مەن ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىردىم. ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن باللار ئۆتۈكى ۋە ئايالچە ئۆتۈكلەرنى چىرايلىق تىكىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

1969 - يىلى 7 - ئايلاردا مەركەزنىڭ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئېلىشى لازىم» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، يېزىغا چېنىقىشقا چۈشتۈم ۋە يېزىنىڭ كوللېكتىپ موزدوزلۇق كارخانىسىغا كىرىپ ئىشلىدىم. بىرەر ئاي بولمايلا بەزىلەر مېنى رەھبەرلىككە ئىشتىن قېچىپ سايىغا كىرىۋالدى دەپ مەلۇم قىلىپ، ئۇ يەردىنمۇ قىستاپ چىقىرىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

1969 - يىلىنىڭ ئاخىرى تازا قىش مەزگىلىدە ئۆستەڭ چېپىشقا ھەيدەلدىم. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۆز ئىشىمغا بەكمۇ بېرىلىپ كېتىپ، كىچىكلىكىمگە باقماي ھەر يوغان تاشلارنى كۆتۈرۈپ ھالىمدىن كەتتىم. بىر ئايدىن ئارتۇق مۇشەققەت داۋامىدا تېخىمۇ ئورۇقلاپ ۋىجىكلەپ كەتتىم. تېخىمۇ يامان بولغىنى سىيرىق ئەت يىرتىلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولدۇم، دەردىنى ئۆزۈن تارتتىم، بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەلگەن يىلىلا ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تەستە ساقايدىم.

1970 - يىلى 18- ئاپرېلدا دادام زىققا كېسىلى بىلەن ئوشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى، دادام خېلى ئىلگىرىلا ئاغرىقچان ئادەم ئىدى، دېمى پات - پات سىقىلىپ تۇراتتى. ئاپەتلىك يىللارنىڭ كۆلپەتلىرى ئۇنىڭ دېمىنى تېخىمۇ سىقىپ ئەجەلدىن بۇرۇن كۆز يۇمۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ مېنىڭ دوختۇر بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلاتتى، مەنمۇ شۇنداق نىيەتتە ئىدىم، بىراق ئۇ ئارزۇ ئىشقا ئېشىشتىن ئىلگىرىلا دادام بۇ ئالەمدىن كەتتى. بۇ ماڭا تۇيۇقسىز ھەم قاتتىق كەلگەن بىر زەربە بولدى، خېلىغىچە ئېسىمگە كېلەلمىدىم.

1970 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەن بىلىمنى قەدىرلەشنى بىلمىدىغان بىر باشلىقنىڭ شاپائىتىدە ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلدىم، خىزمەت دوكلاتى يازدىم. جاپادىن قۇتۇلۇپ، دۇمبەم ئاپتاپ كۆرىدىغان بولدى دەپ ئويلىسام، بىر مەزگىلدىن كېيىن يېزا رەھبەرلىكى چاتىقى تولا يەنە بىر ئىشنى - ئاشلىق ئامبىرىغا مەسئۇل بولۇشنى زىممەمگە ئارتىپ قويدى. بۇ ئىش نېمىلا بولمىسۇن تاش توشۇشقا قارىغاندا يېنىك ئىدى. يەنە كېلىپ جىق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولاتتى. بىراق، يىل ئاخىرىدا ھېسابتىن تۆك ئۆنۈپ قالسا، ئادەم بۇنىڭدىن ئاسان قۇتۇلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ئاساستا دادىل ئىشلەۋەردىم. ۋەزىپەم بويىچە ئامبارنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە ئامباردىكى بۇغداي، قوناقنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلاتتىم. ئۇ چاغدا تۈگمەندىكى ئاشلىقلار ناھايىتى بېسىق بولاتتى، شۇ ۋەجىدىن تۈگمەندە دائىم تۈنەپ قالاتتىم.

1971 - يىلى قەشقەرگە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئادەم كەلدى. مەن بىلەن تەڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 1966 - يىلىدىن كېيىن توي قىلىپ بىر نەچچە بالىلىقمۇ بولغان. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغىچە ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كېلىپ ئاشۇنداق رىيازەت چېكىپ يۈرگەن بولغاچقا، ئۆزۈمنى دەرھال مەلۇم قىلىپ تەشكىلدىن تەستىقلاشنى سورۇدۇم. بىراق ھېلىقى شاپائەتچى باشلىق بۇ يەردىن ئاللىقاچان يۆتكىلىپ كەتكەن، گېپىمنى قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۇلار مائارىپ ئىدارىسىگە «ئۇنىڭ ھېسابى بار، بۇ يىلچە ئوقۇشقا بارمىسۇن» دەپ مەلۇم قىلىپ، ئوقۇشقا بارغۇزمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە مەن ئالدىرىغاندا خاتا ھالدا باشقا بىر تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كىرىپ قېلىپ دوختۇرلار تەكشۈرگەندە يۈرىكىم ھودۇقۇش، ھاياجان ۋە جىددىيلىكتىن بەك سېلىپ كېتىپ، نەتىجىدە يۈرىكىدە چاتاق بار، قان بېسىمى يۇقىرى دەپ قارىلىپ ساغلاملىق ئۆلچىمىدىن ئۆتەلمىدىم، بۇ ئىشلار ماڭا ناھايىتى ئەلەم بولدى، ئەمما چۈشكۈنلىشىپ كەتمىدىم. ئامباردا ياخشى ئىشلەپ ئوقۇش پۇرسىتىنى داۋاملىق كۈتتۈم.

ئىككىنچى يىلى مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. شۇ قاتاردا ئۈرۈمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىمۇ بار ئىدى، دوختۇرلۇقتا ئوقۇش پۇرسىتىمۇ كەلگەنىدى. ئەمما مەن ئۆتكەن يىلقى نىيىتىمدىن يانماي بېيجىڭدا ئوقۇيمەن دەپلا يۈرەتتىم.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يەنە ئادەم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. دېگەندەك، ئۇلار ئاخىرى كەلدى. ھەممە سىناق، ئۆتكەللەردىن ياخشى ئۆتتۈم. ئامبارنىڭ ھېساباتىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ بولدۇم. تەشكىل مېنىڭ ئاشلىققا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى كۆرۈپ بېيجىڭغا بېرىپ ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 1972 - يىلى سېنتەبىردە يۇرتداشلار، قېرىنداشلار بىلەن خوشلىشىپ چەكسىز شادلىق ۋە قىزغىن ئۈمىدلەرگە تولۇپ، باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە بەش يىل ئاۋۋال ۋاقىتسىز ئۈزۈلۈپ قالغان ئوقۇش، ئۆگىنىش يولۇمنى قايتا تېپىپ يېڭى «ئۇزۇن سەپەر»گە ئاتلاندىم.

## تۇتاش ئەقىدە

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1972 - يىلى 2 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پايتەخت دەرۋازىسى - بېيجىڭ ۋوكزالىغا ساق - سالامەت چۈشتۇق. شەھەر ئۆزىنىڭ شۇنچە گۈزەل سىماسى بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ۋوكزالنىڭ ئۇدۇلىدىكى پوچتىخانا بىناسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان قىزىل بايراقلار مەيىن شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. بىنا چۆرىسىدىكى رەڭگا رەڭ چىراغلار گاھ ئۆچۈپ، گاھ يېنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. تيەنئەنمېننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە شادلىقتىن ھاياجىنىمىزنى باسالماي قالدۇق. شۇ چاغدا بىزگە بېيجىڭدىكى ھەممىلا نەرسە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئۆزىمىزنى ھەر دائىم ۋەتەننىڭ بۇ يۈرىكىدە قىن - قىنىمىزغا سىغماي قېلىۋاتقان، ئۇنىڭ كەڭرى گۈلزارلىقىدا ئەركىن سەيلى قىلىۋاتقان ھالەتتە سېزەتتۇق.

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگىنىمىزدە تەخمىنەن يۈز قەدەم نېرىدىكى چوڭ تام دوسكىغا سىزىلغان، قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ تۇرغان داغدام يولدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ رەڭلىك سىزما رەسىمىنى كۆرۈپ ئىنتايىن زوقلاندۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا گۈللۈك دوپپا، پۇتىغا قىزىل ئۆتۈك كىيگەن بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ تەبەسسۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بىر كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلاندۇق.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ قورۇسى بوك - باراقسان، سىنىپ ۋە ياتاقلار ئازادە، كۇتۇپخانىدىكى جاھازىلار شۇ چاغقا نىسبەتەن خېلى زامانىۋى ئىدى. بۇ مەكتەپتە 1951 - يىلدىن تارتىپ رەسمىي ئوقۇش باشلانغان بولۇپ بىز كەلگۈچە ئارىلىقتا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىر نەچچە ئون مىڭغا يېتىپتىكەن. ماۋجۇشىمۇ 1957 - يىلى 28 - ئىيۇن مەكتەپنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىپتىكەن. جوۋ ئېنلەيمۇ كۆپ قېتىم مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتىكەن.

مانا شۇ قەدىناس مەكتەپتە بىز ئۈچ يىل ئوقۇدۇق. سىنىپلاردا دەرس ئاڭلايتتۇق، قىرائەتخانىدا تەكرار قىلاتتۇق. سەھەر - ئەتىگەنلىرى چىمەنزار باغلارغا شۇڭغۇيتتۇقتە ياش قارىغاي، سايىۋەن دەرەخلەر ئاستىدا دەرسىمىزنى گويا ناتىقلاردەك تەكەللۇمىمىزنى كەلتۈرۈپ ئۈنلۈك ئوقۇيتتۇق يا بولمىسا كۆزلىرىمىزنى يۇمۇپ ئىخلاس بىلەن «قىرائەت» قىلاتتۇق، مانا مۇشۇنداق پەيزى گۈلزارلىققا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمىزدىن ئالەمچە شادلىنىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتۇق. مېنىڭ جەمئىي 13 ساۋاقدىشىم بار ئىدى. بۇلاردىن ھازىر ساۋاقدىشىم لېتىپ توختى ئامېرىكىدا سەككىز يىل ئوقۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئالتايشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى نامايىتى پارلاق، ساۋاقدىشىم خالىدە ئىسرائىل ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتتىكى تالانتىنى بىردىنلا نامايان قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدا ئۆزگىچە پۇرىقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ھازىرقى زامان ئايال ئاپتورلىرىنىڭ سەركەردىسىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا ساۋاقداشلىرىممۇ غوللۇق تىل - يېزىق خادىمى ياكى قابىلىيەتلىك ئەمەلدار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشۋاتىدۇ.

مەن ئۇلارغا ھەر ۋاقىت نۇسرەت ۋە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيمەن!

بىز ئەنە شۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردا گەرچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەنسەكمۇ، ئەمما ئىشچى - دېھقاندىن ئۆگىنىمىز، ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز دەپ بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلارغا بېرىپ ئەمگەك قىلىش بىلەنمۇ كۆپ ۋاقتىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتكەنىدى. بىزنىڭ ئەسلى كەسپىمىز تەرجىمانلىق بولۇپ، ئۆگىنىدىغىنىمىز ئاساسەن خەنزۇ تىلى ئىدى. شۇ چاغدا خەمىت ئەپەندىم بىزگە تەرجىمىدىن دەرس بېرەتتى. خەمىتكام 1954 - يىلدىن بېرى مىللەتلەر تىلى فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىقتىدارلىق تىلچى، ھەقىقىي ئالىمغا خاس پەزىلەتكە ئىگە كىشى ئىدى. بىز بىلەن تەڭ ئەمگەككە چىققان چاغلاردا ئەڭ جاپالىق ئىشنى ئۆزى قىلاتتى، ئۇ بىزگە دائىم بىلىم دېگەن ھامان ئەسقاتىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار، سىلەرنى چوقۇم نەشرىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزىمەن دەيتتى. بۇنداق دېگىنى سىلەرنى تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدە نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيمەن دېگىنى ئىدى. ئۇ مۇشۇ گەپ بىلەن مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا ماڭدى دەپ تەنقىدلەنگەنىدى.

خەمىتكاممۇ دەسلەپ ئەدەبىياتقا ئامراق ئىكەن. كېيىن تىلشۇناسلىققا بېرىلىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئانا تىلىغا مېھرى ئىنتايىن كۈچلۈك، قىلغان ئىشىغا مۇئەككەل بولالايدىغان تەلەپچان ئۇستاز ئىدى. ياراتقان تۆھپىسى چوڭ بولسىمۇ ئۆزىنى ھەرگىز چوڭ تۇتمايتتى. ئۈچ يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى نامايىتى چوڭ بولدى.

1975 - يىلى ئىيۇلدا ئەلا نەتىجىدە ئوقۇش پۈتتۈردۈم. بۇ ۋاقىتتا خەمىتكام مېنىڭ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشۇمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەن بۇنى ئاشۇ جاپاكەش ئۇستازنىڭ قابىلىيىتىمگە، ئىستىقبالىمغا ئىشەنگەنلىكى دەپ بىلىپ، زور غايە ۋە ئىپتىخارلىق ئىلكىدە باغۋەنلەر سېپىگە قوشۇلدۇم. بۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئورتاق كەسپىي غايە ئاساسىدىكى ئۇستاز، شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. ئانا تىل ئوقۇتۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتى يولىدىكى سەبداشلىق سەپىرىمىز رەسمىي باشلاندى.

مەن خىزمەتكە چىقىشتىن ئاۋۋال تەتىلدە ئايرىلغىلى تۆت يىل بولغان ئەزىز دىيارىمغا بېرىپ، تۇپرىقىغا يۈزۈمنى سۈرتۈپ، سېغىنىپ كەتكەن ئانىلارغا ئېغىز تېگىپ، قان - قېرىنداش، ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ئېيتىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا كەسپىمنى رەسمىي قولۇمغا ئالدىم. ئىشلىرىمغا خەمىتكام يېقىندىن ياردەمدە بولدى. دەسلەپتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانما، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، كېيىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆتتۈم، بۇمۇ ئاساسەن خەمىتكامنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغانىدى. خەمىتكام ئۇ مەزگىللەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش

بىلەن بىر ۋاقىتتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى تەتقىقاتنىمۇ ئاللىقاچان بىر يەرگە ئاپارغان، 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇنى رەسمىي بىر دەرس قىلىپ ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ بۇ ساھەدىكى ئوقۇتۇش ھەم تەتقىقاتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەڭ كۈچ چىقىرىپ بولالمىغاچقا، مېنى تايانچلىقتا، ئىز باسارلىقتا تەربىيىلىمەكچى ۋە مۇشۇ ساھەدە ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزمەكچى بولدى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا جەھەتتىن ئەرەب، پارس تىل ئامىللىرى كۆپرەك ئارىلاشقان، يەنە كېلىپ يېزىقىمۇ مۇرەككەپ بىر تىل بولغاچقا، ئىگىلەش خېلىلا تەس ئىدى. يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ تىلغا تەئەللۇق بولغان بىلەن ئۇنى سىستېمىلىق ئۆگەنگۈچىلەر ۋەتەنتىق قىلغۇچىلار مەيلى دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، سانىمۇ ئاز، سۈپىتىمۇ ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مەن 600 يىلدىن ئارتۇق كېسەل تارتقان ۋە ھېلىھەم يەكلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ ئانا تىلنى چوقۇم مۇكەممەل ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈممۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغاچقا، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېقىش ئىستىكىم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

1978 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بىر تەرەپتىن، دەرس ئۆتۈپ بىر تەرەپتىن، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىدا ئەرەبچە ئۆگەندىم. 1984 ـ يىلى ئاپرېلدىن 1985 ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە ئىراققا بېرىپ جۇڭگو ـ ئىراق مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا ئۆگەنگەنلىرىمنى تېخىمۇ پىششىقلىۋالدىم. 1986 ـ يىلى لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئىككى يىل پارسچە ئۆگەندىم. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قارىماققا ناھايىتى سىرلىق، مۇستەھكەم كۆرۈنگەن قورغانلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىككە، نەپىسلىككە تولغان ئوردا ـ قەسىرلىرىدە بىمالال يۈرەلەيدىغان بولدۇم. خەمىتكام بىلەن كىتاب تۈزۈش جەريانىدا بىلىملىرىمنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈۋالدىم. تۈزۈلىدىغان كىتابتا ئېيتىلماقچى بولغان مەسىلىدە ئەگەر ئىككىمىزنىڭ پىكرىدە ئىختىلاپ كۆرۈلسە، خەمىتكام مەن ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزلىنىپ باقاي دەيتتى، ئارتۇق تالاشمايتتى. ئەمما مەن ئۆزۈم ئۇزاق ئويلاپ ئىشەنچلىك دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان قاراشلىرىمدىن ئوڭايلا ۋاز كەچمەيتتىم، تاكى خەمىتكام چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلمىغۇچە بولدى قىلمايتتىم. مەن سەل قىزىققان، خەمىتكام ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەر ئىشنى پەم، ئەقىل، تاكتىكا بىلەن قىلاتتى. بىز بىرەر مەسىلىنى بەك تالىشىپ كەتكەندىمۇ قېيداپ يۈرمەيتتۇق. چۈنكى بىزدىكى ئورتاق ئەقىدە ئىلىم ئۈستىدىكى بۇنداق تالاش ـ تارتىشلارنىڭ نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئۇستاز، شاگىرت ئوتتۇرىسىدا رەنج ـ ئاداۋەتنىڭ قەتئىي بولماسلىقىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنىڭ ۋە يىگىرمە بەشىنچى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئا، ئە نىڭ ئې ئى غا ئۆزگىرىش ـ ئۆزگەرمەسلىكىنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن تىل پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ چىقتىم. «چاغاتاي تىلى»نى مۇناسىپ نام بىلەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدىم. مەن بۇ يېڭى پىكىر، يېڭى تەشەببۇسلارنىڭ ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن. چۈنكى يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىمنىڭ تىل ھەقىقىتىگە زور دەرىجىدە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىلمىي ۋە رېئال ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن مەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتتىم، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىۋېلىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىمۇ تاشلاپ قويمىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىمدىلا چاغاتاي خانلىقى، موغۇل خانلىقى ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ناۋايىنىڭ نام شەرىپىنى كۆپ ئاڭلايتتىم، بەزى شېئىرلىرىنى ياد بىلەتتىم. كېيىن ئۇنىڭ «مۇھاكىمە تول لۇغەتەيىن» دېگەن مۇھىم كىتابىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغان نەزمىلىرىنى ئوقۇش، تەھلىل قىلىش داۋامىدا ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىم بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تىلىدىكى پاساھەت ۋە ئىستىلىستىكا بايلىقى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. 60 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 60 پارچە كىتاب يازغانلىقى ئادەمدە شۇنداق بىر ئۆلمەس ئەقىدە، يۈكسەك ئىرادە پەيدا قىلاتتى.

1992 - يىلى 27 - ئىيۇن كەچقۇرۇن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان قەدىرلىك ئۇستاز خەمىت تۆمۈرنى ۋە ئايالى نۇرنىسا خانىمنى ئانا يۇرتقا ئۇزىتىش ئولتۇرۇشى بولدى. ئولتۇرۇشتا خەمىتكامنىڭ «ياش ئىدۇق بۇ پايتەختكە بېيجىڭغا كەلگەن چاغدا بىز» دېگەن غەزىلىدىن تەسىرلىنىپ يازغان مۇنۇ غەزىلىمنى سورۇندا ئوقۇدۇم:

ياش ئىدۇق، بەڭباش ئىدۇق بېيجىڭغا كەلگەن چاغدا بىز،
بۇرنىمىزدىن پۇراپلا تۇراتتى ئانا سۈتىمىز.
ياش ئىدۇق، ساددا ئىدۇق، يەمۇ پاراسەتتە كىچىك،
ئويلىغان ئۇچۇشنى، بىلمەيتتۇق قەيەرگە چۈشىمىز.
باش بولۇپ ئۇستاز خەمىت، نۇرنىسا خانىم شۇ چاغ،
سىيلىغان مېھرى بىلەن، كەلگىن بالام دەپ باشىمىز.
بەردى ئۇلار ئەجرى قىلىپ ئىلمۇ ھېكمەتتىن دەرس،
كۆرسىتىپ ئىرپان يولىن دېدى مانا ئىقبالىڭىز.
بولدى ئۇستاز تەلىمى ھەرقاچان دەستۇر گويا،
ئۇچرىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش قورالىمىز.
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى ئۆمۈر نەچچە ئون يىللار ئەنە،
ئانا يۇرت، ئەزىز دىيار، يىراقتا ئاتا - ئانىمىز.
يوق پۇشايمان شۇندىمۇ ياڭرار كۆڭۈلدىن بىر سادا،
مېھرىبان ئۇستاز بىلەن ئۆتكەن ھاياتقا رازى بىز.
ھە بۈگۈن ئۇستاز چىقىپتۇ يۇرتقا يۆتكەلمەك بولۇپ،
ئايرىلىش ئەجەبمۇ تەسكەن، ئۇھ چېكەر دىل تارىمىز.
قەلبىمىزنىڭ تۆرىگە شۇ تاپ مىسلى تارىم دولقۇنى،
كۆڭلىمىزنىڭ تۆرىدە مېھمان غېيۇر ئۇبرازىڭىز.
قەلبىمىزدە مىڭ پىكىر، مىليون پىكىر ئۆركەش ياسار،
جەملىسەك بىر جۈملىگە مۇنداق بولۇر دۇئايىمىز.

نەدە بولسىڭىز ئى، ئۇستاز بولغاي سالامەت تېنىڭىز،
تەڭرىتاغدەك بېجىرىم ئۇزۇن بولغاي ئۆمرىڭىز.
بۇ بىزنىڭ ئارمانىمىز، ئىرادىمىز، مۇرادىمىز!

شېئىرىم ھەممەيلەنگە تەسىر قىلدى. قارىسام نۇرنىسا خانىم كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاپتۇ، خەمىتكامنىڭ كۆز چاناقلىرىدىمۇ مەرۋايىتتەك ياش يالتىراپ كېتىپتۇ. شۇ مىنۇتتا مەن پىراقتىن سۆكۈتكە چۆمۈپ: قەدىرلىك ئۇستاز، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چالا قالغان ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرىمەن، ئىزىڭىزنى باسىمەن، ئەقىدىڭىز يەردە قالمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرى بۇندىن 1000 يىل بۇرۇن دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە تونۇش مۆجىزىلىك ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ياراتتى. ئۇندىن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئەلىشىر ناۋايى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەڭ گۈللەنگەن باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇندىن تۆت يېرىم ئەسىر كېيىن ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەڭ يېڭى تىلشۇناسلىق بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكا تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە ياراتتى. مەن مۇشۇ شەخسلەرنى بەكرەك چۈشىنىمەن ھەم ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئەقىدىسىنى ئۆزۈمگە ئۇدۇم ھېسابلايمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەۋلادى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇرىتى، خەمىت تۆمۈرنىڭ شاگىرتى دەپ تونۇش ئارقىلىق ئانا تىلغا ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئەدەبىياتىمىزغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىمەن. بۇ مۇھەببەت، بۇ ئەقىدە ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىدۇ.

## بوۋىلار روھى قورۇنمىسۇن

سىز بوۋىلىرىڭىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلدىڭىز ۋە بۇ روھنى شاگىرتلىرىڭىزغا سىڭدۈردىڭىز.

1994 - يىلى 29 - دېكابىردا مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ ھەيۋەتلىك زالىدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى تۈزگەن قامۇس — «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. سىز تۈركىي تىل مەدەنىيەت فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىقتىدارلىق ھەيئەتلەر ۋە سىزگە ئىخلاس قىلىدىغان بىر قانچە غوللۇق شاگىرتىڭىز بىلەن بىرلىكتە بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن كەلگەن ئىدىڭىز. زالدا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق ئادەم پەستىكى سەھنىدە ئاڭلىنىۋاتقان مۇقام مۇزىكىلىرىنى تىڭشىغاچ چوڭقۇر ھېس - ھاياجانغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. ھەر بىرەيلەننىڭ قولىدا ئىشىكتىن كىرىشىگىلا تارقىتىپ بېرىلگەن بىر كىچىك خەرىتە تۇراتتى. بۇ خەرىتە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يەنە بىر مۆجىزىلىك ئەمگىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسىيا، ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى گەرچە تەخمىنىي بولسىمۇ شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن ناھايىتى ئىلغار ئۇسۇلدا سىزىپ كۆرسىتىلگەن، ياپونىيە ئارىلى تۇنجى قېتىم خەرىتىگە ئېلىنغان، شۇ زامانغا نىسبەتەن دۇنيا خەرىتىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدىغان قىممەتلىك خەرىتە ئىدى. شۇ ۋاقىتقىچە بۇ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ناملار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولۇپ، سىز ئۇنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلگەن

www.uyghurkitap.com

شاگىرتلىرىڭىزنىڭ ئەمگىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتىڭىز.

يىغىن باشلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرىنى ھەر تەرەپتىن بايان ۋە مۇھاكىمە قىلدى. سىز يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ناھايىتى قىزغىن، روھلۇق ھالىتىنى، چاۋاكلارنىڭ ئۈزۈلمەي چېلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ داۋاملىق بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىنتىلىشلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىڭىز. ئارقىدىنلا ھەممەيلەننىڭ ھۆرمەت نەزىرى، يۈكسەك دىققىتى ئاستىدا يىغىننىڭ خۇلاسىسىگە ئاتاپ يېزىلغان «مەھمۇد روھىنى ئۈلگە قىلىپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىڭىزنى ئوقۇدىڭىز. سىز بۇ ماقالىڭىزدا 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان زامانىمىز ياشلىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ قويىنىدىكى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقى ۋە بۈيۈك ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنى ئۈلگە قىلىپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ چۈشەندۈردىڭىز. مەھمۇد ئىزىدىن ماڭغان ئەزىمەتلەردىن پروفېسسور خەمىت تۆمۈرى، مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىق پېشقەدەم تىلشۇناسلارنى، مەھمۇد روھىنى نامايىش قىلىپ ئۇنى دۇنياغا تونۇتقان ياش تىبابەت ئالىمى خالمۇراد غوپۇر، ياش فىزىكا ئالىمى ئەركىن سىدىق، بېلگىيىدە ئوقۇپ تەبىئىي پەنلەر دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا ئالىي تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان كۈرەش ئىبراھىم، ياپونىيىدە ئوقۇغان جۇغراپىيىشۇناس تاشپولات تېيىپ، 22 يېشىدىلا شىنجاڭ داشۆسى ئېلېكترون ئۇچۇر فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتى بولغان دىلشات ھېۋىزۇللا، تونجى ئۇيغۇر ئايال پاراشيوتچى ئارزۇگۈل ھەمدۇللا قاتارلىق زامانىمىزنىڭ ئۈلگىلىك ياشلىرىنى مەھمۇدنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادلىرى دەپ مەدھىيىلەپ ھەممەيلەننى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردىڭىز ۋە يىغىنغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ قەلبىدە ئۆچمەس بىر تەسىرات قالدۇردىڭىز.

شۇندىن كېيىن ساۋاقداشلاردا ئاشۇنداق ئۇلۇغ بوۋىلاردىن پەخىرلىنىش بىلەنلا قالماي ئۇلارنىڭ روھىنى ياد ئېتىش ۋە ئۈلگە قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. 1995 - يىلى 9 - فېۋرالدا قىشلىق تەتىلدە قايتمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىشى بىلەن ئەلشىر ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 554 يىللىقىنى خاتىرىلەش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. سىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى سۆيۈندىڭىز ۋە ۋاقتىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئەلشىر ناۋايىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخىدا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلاردىن كېيىن ئۆتكەن، ھەقىقىي ئۇيغۇر روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان پارلاق نامايەندە ئىكەنلىكى؛ ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا كاتتا شائىرلا بولۇپ قالماي، بەلكى تۈرك، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان تىل ئۇستازى، ماتېماتىكا، پەلسەپە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن ئالىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەمەلىي مىساللار بىلەن تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدىڭىز. سىز نەۋائىينىڭ توختاۋسىز ئىزلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلىم خەزىنىسىنى بېيىتىپ بارغانلىقىنى، 14 - 15 ياشلىرىدا خېلى كۆپ بىلىملەرنى بىلىدىغان داڭلىق شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن جەزمەن ئىلھام ئېلىشى لازىملىقىنى، بۇرۇنقى ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋرنىڭ تەرەققىيات چاقى ئاستىدا

يانجىلىپ كېتىش خەۋپى كۆچىيىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە كەينىگە داجىماي، بوۋىلار ياندۇرغان چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويماي، ئۇنى ئەسلىدىكى نۇرانە، يالقۇنلۇق ھالىتى بويىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەكلىكىنى قايناپ تۇرۇپ سۆزلىدىڭىز. شائىرانە ھېسسىياتقا ئىگە سۆزلىرىڭىز گويا بومبىدەك ئېتىلىپ سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ روھىي زېمىنىدا پارتلاپ كۈچلۈك ئەكس سادا قايتۇردى. سىز بۇ ئەكس سادانىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، توختىماي چېلىنىۋاتقان چاۋاكلارنىڭ ھامان توختاپ، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ يەنە داۋاملىشۋېرىدىغانلىقىنى بىلسىڭىزمۇ، شۇنچىلىك ھاياجانلانغان ۋە چاۋاك چالالىغان بۇ ياش بوغۇنلارنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ھامان ۋىجدانىدىن قايناپ تېشىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەندىڭىز. ئۇلارغا ئۈمىد بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردىڭىز.

ئارقىدىنلا كۆڭۈل ئېچىش باشلاندى. مەكتەپ يەر ئاستى زالىدىكى رەڭدار چىراغلار ۋالىلداپ، مۇزىكا قويۇلدى. ئوقۇغۇچىلار دەسلەپ ئۇيغۇرچە مۇزىكىلارغا كەلتۈرۈپ بەس ـ بەستە ئۇسسۇل ئوينىدى. سىز ئۇلارنىڭ شادىيانە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ياشلىقىڭىزنى سېغىنىپ قالدىڭىز ۋە سەنئەتكار مىللىتىڭىزنىڭ چىرايلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ كېلەچىكىمۇ ھامان گۈزەل بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ شېرىن خىياللارغا چۆمدىڭىز.

ئارىدىن يەنە بىر ئاي ئۆتتى. 13 ـ مارت كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىل مەدەنىيەت فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 62 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. سىز بۇ يىغىنغا باشتىن ـ ئاخىر يېقىندىن ياردەمدە بولدىڭىز، يېزىلغان ماقالىلەرنى تەھرىرلەپ تۈزەتتىڭىز. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىشخانىڭىزدا ساقلاپ قويۇلغان سىزما رەسىمىنى زال سەھنىسىگە ئالاھىدە ئەكەلدۈرۈپ، يىغىننىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە يېڭى ھۆسن قوشتىڭىز.

ئۆتكەن قېتىمقى خاتىرىلەش يىغىنلىرىغا ئوخشاشلا بۇ نۆۋەتتىكى يىغىنغىمۇ مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە بولمىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشقان بولۇپ، يىغىن كەيپىياتى ناھايىتى قىزغىن، جانلىق، روھلۇق ئىدى. ماقالە يازغانلارنىڭ كۆپچىلىكى قىز ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ياراتقان تۆھپىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر ئوغلانىغا خاس مىللەتپەرۋەرلىكى، قەيسەرلىكى، جەسۇرلىقى، قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىنقىلابىي روھى توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. سىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل جۈرئىتىنى، مۇھەببەت ـ نەپرەتكە قادىر نازۇك قەلبىنى، سۆز، جۈملە ۋە نۇتۇقتىكى راۋانلىقىنى، ھېسسىياتقا ئىنتايىن بايلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى زوقلاندىڭىز. تارىختا ئۆتكەن زىبىننىسا، ئاماننىسا، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈللەرنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ۋە ھازىرقى زاماندا ئاياللىق بۇرچىنى ئۆتەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى، مىللىي غۇرۇرىنى ئۆز جېنىدەك قەدىرلەپ كېلىۋاتقان سەرخىل ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، بۇ قىزلارنىڭمۇ مۇشۇ ئېسىل ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، ساختا شۆھرەت ۋە ساختا مۇھەببەتتىن يىراق قېچىپ، ناچار مۇھىت، ناچار روھنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، چەت ئەل ئاياللىرىدەك مەسئۇلىيەتچان ۋە مۇستەقىل روھقا ئىگە بولۇشىنى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدە باش كۆتۈرگەن ھەر

www.uyghurkitap.com

مىللەت ئاياللىرىدەك بىلىم ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىنى نامايان قىلالايدىغان بولۇشىنى تىلەيمىز.

قىزلار ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىز ئېغىر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، تەكلىپ ۋە قىزغىن چاۋاك ئاستىدا مۇشۇ يىغىنغا مەخسۇس ئاتاپ يازغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى بىلەن روزا موللا ئەرۋاھى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش توغرىسىدا» ناملىق خۇلاسە خاراكتېرلىك ماقالىڭىزنى ئوقۇدىڭىز. سىز بۇ ماقالىڭىزدە دۇنيانى نۇرانىلىككە چۆمدۈرۈۋاتقان، مىللەتنى گۈللىنىشكە يېتەكلەيدىغان ئىزگۇ روھنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھىغا؛ نادانلىقنى، جاھالەتلىك ئاڭغا تەئەللۇق ياۋۇز، قەبىھ روھنى روزى موللا ئەرۋاھىغا مۇجەسسەملەپ ئۇلارنى سېلىشتۇردىڭىز. ئاندىن تارىختىن بۇيان ياخشىلارغا كۈن بەرمەي كېلىۋاتقان روزى مولىدەك رەزگى ئەرۋاھلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن قالدۇق ئەرۋاھلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە يېرىدە كېزىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۇنداق ئەرۋاھلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماي ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھىدىن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا روزا موللا ئەرۋاھىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدىڭىز.

ساۋاقداشلار سىزنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئادەمنىڭ ئىدىيىسىگە دەل تېگىپ، ئەقلىنى ئويغىتىپ، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغان گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ماقالىڭىزدىكى نۇقتىئىنەزەر، مىسال ۋە تىلىڭىزدىكى ئۆتكۈرلۈككە قايىل بولدى. سىز ئۇلارنىڭ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بولغان چاغدا بىردەم سۈكۈتكە چۆمۈپ ئاندىن بىردىنلا قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەقىل، ھېسسىيات نۇرلىرى تېمىپ تۇرغان مۇبارەك يۈزلەردىكى، قوي كۆزلەردىكى ھاياجان نۇرىنى كۆرۈپ ئۇلارنى روزى مولىدەك ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھىدىن چوقۇم ئۆگىنىمىز، ئۇنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويمايمىز دېگەن كۈچلۈك يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدىڭىز. مۇشۇنداق سەرخىل ئەۋلادلارنىڭ ئىز بېسىپ مېڭىشى بىلەن بوۋىلار روھى قورۇنۇپ قالىدىغان زامانلارنىڭ ئەبەدىي بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندىڭىز.

## ئەبكارلىق قايغۇسى

«ئۇيغۇر» دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق خەت،
«ئۇيغۇر» دەك يارقىن سۆز يوقتۇر پەقەت.
مەن ئۇيغۇردۇرمەن ـ ئەلھەمدۇلىللاھ،
بۇندا مۇجەسسەم ھەممە سائادەت.

بۇ سىزنىڭ يازغىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغان «ئەقىدە» ناملىق شېئىرىڭىز. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇكى، سىزنىڭ بىيىجىڭدا يەنە كېلىپ ھەر مىللەتتىن بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىش سورۇنى بولغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۈچ يىل ئوقۇش، 20 يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئەڭ كۆپ ھەپىلەشكىنىڭىزمۇ ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى، بۇ مۇھەببەت، بۇ ئەقىدە بەلكى ئەنە شۇ مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە كىچىكىڭىزدىن يېتىلدۈرگەن شائىرانە خاراكتېرىڭىزنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك. بىراق

شۇنىسى سىزگە ئايدىڭكى، بۇ مۇھەببەت، بۇ ئەقىدىڭىز تەكلىماكاندەك چەكسىز، خىلۋەت ۋە نامرات بىر زېمىنغا بېغىشلانغان. ئىسلاھات بورىنى كۈچەيگەنسېرى تەكلىماكاندىكى مۇقەددەس قۇملارنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى ۋە سىزنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىڭىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ۋىجدان يەلكىڭىزگە ناھايىتى زور مەسئۇلىيەت يۈكىنى ئارتىپ قويدى.

سىز ھەر كۈنى ئۆيىڭىزدىن مەكتەپكە ماڭغىچە ئارىلىقتا ئۆتىدىغان تار كوچىدا كاتەكتەك كىچىك، ۋەيرانە ئۆيلەرنى ئانچە - مۇنچە تۈزەپ ئاشخانا ئېچىۋالغان، بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردا كاۋاپ سېتىۋاتقان ياكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئاق تاماكىنىڭ خۇمارىنى باسالماي سالپىيىپ ئولتۇرغان ئىسسىق چىراي ياشلارنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، ئالايغان كۆزلىرى، چىرايىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان بەدرەڭلىك، قاشتاقلىق سىزنى دائىم ھەسرەتلىك خىياللاردىن ھالسىرىتىپ قويىدۇ. ئۇلار يۇرتلۇقىنى ئىزدەش باھانىسى بىلەن مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ تانسىخانا، كىنوخانا قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا لاغايلاپ يۈرۈيدۇ. ئوقۇغۇچىلار گاھىدا ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن بالاغا قېلىپ خاتا ھالدا تۈرمىگە سولىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ناچار تەسىرىنى يۇقتۇرۇۋالغانلار مەكتەپتە ئىش تېرىپ قويۇپ ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈلىدۇ. سىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىسىز، ئېچىنىسىز، غەزەپلىنىسىز. بىراق ھەقىقەت ۋە قانۇننىڭ مىللەت دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، بۇ زاماندا كىم بىچارە، بەزەپ بولسا، ئۇنىڭ دەۋرنىڭ داشقىلى بولۇپ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خارلىقتا ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۈمىدنى يەنىلا مىللىي مائارىپقا، بىلىملىك، غايىلىك ئەۋلادلارغا باغلايسىز.

سىز ئەسلى تىل - ئەدەبىياتچى ئىدىڭىز. بىراق ئۆپچۆرىڭىز ۋە ئانا دىيارىڭىزدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار سىزگە ئۇيغۇرلار پسىخىكىسىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ سىزدە ئۇيغۇر پسىخولوگىيىسى ھەققىدىمۇ ئىزلىنىپ بېقىش ئىستىكىنى تۇغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىڭىزدە ھېس قىلغان، قانچە قىلسىڭىزمۇ كاللىڭىزنى يەنىلا ئېغىر، كۆڭلىڭىزنى غەش قىلىپ تۇرغان ئوي - پىكىرلەرنى خەلقىڭىزگە، بولۇپمۇ ئىلىم ساھەسىدىكى سەبداشلارغا دەپ ئۇلار بىلەن غايىبانە سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا كەينى - كەينىدىن «ھۆرمەت قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش» ، «ياشلاردا بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىش روھى بولۇشى زۆرۈر» ، «سالاپەت ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق بىر قەدەر چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، مىللەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز سالاھىيىتىگە مۇناسىپ بولمىغان بەزى ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ ئامىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. سەممىي پىكىر بىلەن چىن ھېسسىيات گىرەلىشىپ كەتكەن، تىلى تاۋلانغان بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇغانلىكى كىشى سىزنىڭ دورۇس، لىللا گەپ قىلىدىغان، ھېسسىياتقا باي، مۇھەببەت - نەپرەتى كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزگە بىر قەدەر تونۇش بولغان زىيالىيلار ئېڭى ئۈستىدە ئىزلىنىشتىن باشقا نەزەرىڭىزنى پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپتىن بېرى كۆرگەن، بىلگەنلىرىڭىزنى، چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتتە ئويلىغانلىرىڭىزنى، ئىچ - ئىچىڭىزگە سىغماي قېلىۋاتقان، دېمىسە بولمايدىغان گەپلىرىڭىزنى «ئەبگار ئۇيغۇر» دېگەن تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسىرىڭىزدە مول پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىشقا تۇتۇش قىلدىڭىز. ئۇنى جەمئىي ئون قىسىمغا بۆلۈپ يېزىپ چىقىشنى پىلانلاپ، دەسلەپكى

ئۈچ قىسمىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بەردىڭىز ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئېلان قىلىشىغا بەردىڭىز. سىز بۇ ماقالىڭىزدە ئاساسەن كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلاردىكى ئەقىدىسىزلىك، هورۇنلۇق، ئىناقسىزلىق، مۇناپىقلىق قاتارلىق ئون چوڭ ئەجەللىك ئىللەتنى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىڭىزنى ئەمەلىي مىسال، قايناق ھېسسىيات، ئۆتكۈر مۇلاھىزە، تەسىرلىك تىل بىلەن ئىپادىلىدىڭىز. مەسىلەن، ماقالىڭىزنىڭ «ئىناقسىزلىق ۋە ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىق» دېگەن ئىككىنچى قىسمىدىكى «كېيىنكى چاغلاردا خېلى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارغا ئۆز يۇرتلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەكلىماكاندىكى قۇملارنىڭ خۇسۇسىيىتى سىڭىپ قالغاچقا، ئۇلار ئۆملۈك، ئىناقلىق ئەڭگۈشتىرىنى يوقىتىپ قويغان» دېگەن جۈملىڭىز بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. گەرچە ئۆزلىرى ئاشۇ خىل ئەجەللىك مەرەزنى يۇقتۇرۇۋالغان تۇرۇقلۇق «ئۇيغۇرلار زادى بىر - بىرىنى كۆچىلايدۇ، ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئۇسال، مۇنداق ئەسكى، شۇڭا راۋاج تاپالمايدۇ» دەپ ھاماقەتلەرچە تىللايدىغان، ئاخىرى بۇ گەپلىرىمۇ ئۆزىگە كونا، كۆلكىلىك ئاڭلىنىپ ئاشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا زېرىكىدىغان ئەبگارلارمۇ بۇ ماقالىنى ئوقۇسا ئۇنىڭدىن يېڭى بىلىم ۋە يېڭى تەسىر ئېلىشى مۇمكىن.

سىزنىڭ ئىنگلىز، ئەرەبلەرنىڭ. ھىندۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىدىن ئوبدان خەۋىرىڭىز بولغاچقا، ھەر تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئانا مىللىتىڭىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ھەقىقەتەن گاداي، ئەبگار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىڭىز. بۇ رېئاللىققا كۆز يۇمالمىدىڭىز. شۇڭا «ئەبگار ئۇيغۇر» دا ئون چوڭ ئىللەتتىن باشقا يەنە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، سوخەنچىلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ چۈشكۈنلەشكەن مىللەتنىڭ ئالامىتىلىكى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۇيغۇرلاردىلا گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار ئەگەر بۇرۇنقى شەۋكەتلىك تارىخىنى، پارلاق ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇپ مۇشۇنداق ئەبگارلىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاقىۋەتتە تەدرىجىي تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىغا بولغان ۋەھىمىلىك، قايغۇلۇق ھېسسىياتىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز.

سىز گاھىدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تاراپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ناخشا- ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت- سىگان قاتارلىق بىچارە مىللەتلەرنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى خىيال قىلىپ شۈركىنىپ كېتىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلارغا قارىغاندا ئەۋزەل مۇھىتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تەرەققىيات ھەم ئىستىقبالىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۈمىدۋارلىقىنىڭ غايەت زور قۇدرىتىگە ئىشىنىسىز. ھېچ بولمىسا قايغۇ - ھەسرەتنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، روھىي چۈشكۈن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ چاپالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىسىز.

## نىيەت ئەلا

1995 - يىلى 22 - مارت كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ چوڭ زالى سەھنىسىدە نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. مەكتەپ ئىچى ۋە مەركىزىي تىياتىر شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېقىملىق ناخشا - مۇزىكا ۋە قىزىقارلىق ئېپىزوتلىرىغا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن تاماشىبىنلار ئۆزلۈكسىز

چاۋاك چالاتتى. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە نومۇر كۆيىنلىپ بولدى. تاماشىبىن ئەمدى قايسى نومۇر كۆرسىتىلەر دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا، پەردە قايرىلىپ چىمەن دوپپا، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ئېلانچى قىز مىكروفون ئالدىغا كېلىپ: «ئەمدى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات گورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرەئۇپ پولات ئاكىنى نەسىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى» دېدى. پەستە چاۋاك كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەن سەھنىگە سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان ئۇتتۇرا بوي، سالاپەتلىك بىر ئادەمگە ھۆرمەت ۋە قىزىقىش نەزەرىنى تاشلىدى. سىز سەھنىگە چىقىپ، مىكروفون ئالدىغا كېلىپ پەستە ئولتۇرغان قوۋم - قېرىنداشلىرىڭىزغا ھۆرمەت بىلدۈردىڭىز. كۆپچىلىك جىم بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يەنە بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر ساھە خىزمەتچىلىرىمۇ، ئوقەتچىلەرمۇ بار ئىدى.

سەھنە تەرەپتىن ئاۋۋال تەمبۇرنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى، ئاندىن سىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىڭىز كەلدى. بۇ ئاۋازلار ئېلېكتر دولقۇنىغا ئايلىنىپ پۈتۈن زالدا ياڭرايتتى. سىز دەسلەپ نورۇز ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈردىڭىز، ئاندىن «شىنجاڭ ياشلىرى»دا ئېلان قىلىنغان «تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە» ناملىق نەسرىڭىزنى ئوقۇدىڭىز. بۇ نەسىردە سىزنىڭ تۈنۈگۈننى ئۇنتۇماي، بۈگۈننى قەدىرلەپ، ئەتىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشتىن ئىبارەت ۋاقىت كۆز قارىشىڭىز ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، نەسىرنى ئوقۇۋاتقان چاغدىكى مەردانە ئاۋازىڭىز بىلەن مۇقام مەرغۇلىدا سايراۋاتقان تەمبۇرنىڭ تىترەڭگۈ ساداسى پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ دىلىنى ئېرىتىۋەتتى. زال ئىچى گويا ھېچكىم يوقتەك تىپتىنچ ئىدى. . .

سىز نەسىرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە زالدا چاۋاك ئۈزۈلمىدى. سىز ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سەھنىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتىڭىز. ئىشخانىڭىزغا كىرىپ بايىقى ھاياجانلىق ھالەتنى چاپسانلا ئۇنتۇپ شۇ كۈنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇردىڭىز. سىز ئۇزۇن يىللىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات جەريانىدا بۈگۈننى قەدىرلەشنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، گويا ئەتىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەقىدە كۆچىتىڭىزنىڭ كۆكلەپ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن ماڭلاي تەرىڭىزنى سەرپ ئەتتىڭىز. نەچچە شەھەرنى ئاتلاپ پايتەختكە كەلگەن ھەربىر قارارىدىكى شاگىرتلىرىڭىزغا بىلىم ۋە پەزىلىتىڭىزنى سىڭدۈردىڭىز. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مېنىڭمۇ سىزدىن ئالغان بىلىم ۋە تەسىراتىم ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. سىزگە بولغان قايىللىقىم ۋە ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ ھېسسىياتنى شۇ پېتىلا قويۇپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر ئىستەك تۇغۇلۇپ، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن قەلەمگە مۇراجىئەت قىلدىم.

سىز بىلەن تۈنۈگۈنىڭىز ۋە بۈگۈنىڭىز ئۈستىدە ئۇزاق سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئەتىڭىز ئۈستىدە قانداق يېڭى پىلانلىرىڭىز بارلىقىنى سورىدۇم. سىز ئىشخانا دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ جىددىي تۇستە: «مىللىتىمىزدە تىلشۇناسلىق يەنىلا باشلانغۇچ تەتقىقات ھالىتىدە، تىل، ئەدەبىيات، تەرجىمىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا بۇندىن كېيىن تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە تەرجىمىچىلىك ئۈستىدە ئىزلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمەن. نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن. ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىمۇ قۇرۇۋالدۇق، پىلانىنىمۇ تۈزۈۋالدۇق. دېمەك ئەمدى قىلىدىغان ئىشىمىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ تەتقىقات ئورنى ئەمەلىي ئۇنۇم يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. قوشۇمچە قىلىپ ئەدەبىيات، تەرجىمە، تارىخ، مەدەنىيەت، پىسخولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا، كېيىنرەك شۇ ساھەدىكى ئىلىم ئەھلى ۋە قىزىققۇچىلارغا نامايان قىلىدۇ. ھازىر مەن ئىيۇل تۈركىيىدە ئېچىلىدىغان ماناس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ماقالە تەييارلاۋاتىمەن. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەندە ئوقۇماقچى بولغان بىر ياپونلۇق ئوقۇغۇچىنى ئاسپىرانتلىققا ئېلىپ، ئۇنىڭغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات بېرىپ، موللامۇسا سايرامىنىڭ بىزگىلا خاس بولغان تارىخىي ئەسىرى - «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى»نى تەتقىق قىلدۇرىمەن. مەن ئىلگىرى چەت ئەلدە ئوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانىدىم. ئۇنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن، پۇرسەت ھامان كېلىدۇ. مۇھىمى مەن ئاناتىل ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى ئۆزۈمگە ئەڭ بۈيۈك شاراپەت ۋە بەخت ھېسابلايمەن. بۇ مېنىڭ بۈندىن كېيىنكى ئىشلىرىمنىڭمۇ مەنۋى تۈۋرۈكى، ئەقىدە يولى» دېدىڭىز.

مەن يەنە سىزنىڭ «تەكلىماكانى» دېگەن تەخەللۇسىڭىزغا قىزىقىپ نېمىشقا شۇنداق تەخەللۇس قوللانغانلىقىڭىزنى سورىسام سىز بىر پەس چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ تەمكىن بىر تەبەسسۇم بىلەن: «ئەجدادىمىزنىڭ تەۋەررۈك تۇپرىقى تەكلىماكان، مەدەنىيەت بۆشۈكىمۇ تەكلىماكان، تەكلىماكانغا نۇرغۇن گۈزەل رىۋايەتلەر، تارىخىي قىسسەلەر پۈتۈلگەن. تەكلىماكاندىن شانلىق تارىخىمىزنىڭ شاھىدلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. تەكلىماكاننىڭ سىر، جەزبىسى تۈگىمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ پىسخىكىسىمۇ تەكلىماكان مۇملۇقىغا ئوخشاش مەخپىيىتى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان ئاجايىپ بىر دۇنيا. يەنە كېلىپ مىللىتىمىز ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار گويا تەكلىماكاننىڭ قۇمىدەك كۆپ. مەن ھەربىر ئۇيغۇر ئەۋلادىنىڭ تەكلىماكان قۇمىدەك نادانلىق بورىنى نەگە ئۈچۈرتسا شۇ يەرگە چۈشىدىغان رەزگى، بىچارە ھالەتتىن قۇتۇلۇشنى ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ ئاخىرقى نىشان قىلىپ، ئاشۇ نىشانغا بېغىشلانغان ئىشلىرىمغا روھىي جەھەتتىن بىر ئىلھام، تۈرتكە بولسۇن دەپ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمگە ئاخىرى مۇشۇ تەخەللۇسنى تاللىدىم» دېدىڭىز. دېمەك، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە تەكلىماكاندەك ئىللىق، چەكسىز، گۈزەل بىر روھ قۇياشتەك پارلاپ تۇراتتى.

ئىشخانىڭىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا مەن سىزنىڭ بارغانچە ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك تولىمۇ روھلۇق، جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان قىياپىتىڭىزگە قاراپ، مىللىتىمىزگە سىزدەك سەرخىل ئادەملەرنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ، ئاشۇ بۈيۈك ئىشلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىنى، ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



نۇرمۇھەممەت توختى

# ئۇزاققا سوزۇلغان شېرىن چۈش

(ھېكايە)

1

ئۇزاق يىللاردىن بېرى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا چوڭقۇر بىر يار يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇنىڭ سېپىل سوقۇلغانلار لاي ئالغان ئازگال ياكى سېپىلنىڭ سىرتقى مۇداپىئە خەندىكى ئىكەنلىكىنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا كەلكۈن ۋە ئاشقان - تاشقان سۇلارنىڭ يامراپ كىرىشى بىلەن يار قىرغاقلىرى گۇمۇرۇلۇپ، تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتتى. يارنىڭ ئالىقىيەرلىرىدىن بۇلاق كۆزىمۇ ئېچىلدى. بۇلاق سۈيىنىڭ يالىشى بىلەن يار بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، قارا ئۇجمە يېگەن ئىتنىڭ تېزىكىدەك قاپقارا پاتقاق ھاسىل بولدى. يار ئېچىگە قەدەم باسقىلى بولمايتتى. كىشىلەر سېپىلنىڭ شۇ ياقتىكى دەرۋازىسىغا ئۇدۇللاپ يارغا كۆۋرۈك سېلىشتى. لاي - پاتقاق ئاستا - ئاستا سېرىلىپ، كۆۋرۈك نەچچە قېتىم غۇلاپ چۈشتى. كىشىلەر يەنە تۈزەشتۈردى. چۈنكى ئۇنىڭسىز قارشى قىرغاققا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شەھەر تەرەققىي قىلىپ كېڭەيگەندىن كېيىن سېپىلغا ئوخشاشلا يارمۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. يارغا ئەخلەت، پاسكىنا سۇ، يۇندىلار تۆكۈلدى. قايسىبىر ئىدارە - زاۋۇتلارنىڭ ئەۋرەز تۇرۇبىسى يارغا تۇتاشتۇرۇلدى. يار ئۈستىدە چىۋىن- پاشىلار ۋىژىلدايتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ياردىن تارقالغان چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق پۈتۈن شەھەرنى قاپلايتتى. بۇ يار زامانىۋى شەھەرنىڭ سۈپەتكە، تازىلىقىغا، گۈزەللىككە راستتىنلا تەسىر يەتكۈزدى. شەھەرلىكلەرنىڭ كۆزى ئاشۇ يارغا چۈشسىلا كۆڭۈللىرى غەش بولاتتى. ئاشۇ پاتقاقلىق، ئەگرى - بۈگرى يار شەھەرنىڭ ھۆسنىگە خۇددى گۈزەل قىزنىڭ بۇرنىدىكى قاقاچتەك زادىلا ياراشمىغانىدى. ئاخىرى گۈزەللىك قارىشى ۋە تازىلىق تەلىپى خېلىلا يۈكسەك بولغان ھازىرقى زامان ئادەملىرى بۇنداق ھالەتكە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغا بىلەن يارنى ئۆزگەرتىش — گۈزەل قىزنىڭ ناچىدەك بۇرنىدىكى ھېلىقى قاقاچنى ئېلىۋېتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. يار كېڭەيتىلىپ، ھېلىقى ئىت تالىۋەتكەن جۇۋىنىڭ پېشىدەك سەت كۆرۈنىدىغان قىرغاقلارغا گۈلتاش چىقىرىلماقچى، قېزىلغان لاي - پاتقاق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلىنىپ، سۈنئىي تاغ ھاسىل قىلىنماقچى، تاغ ئۈستىگە

راۋاق سېلىنماقچى، سالاسۇنلۇق ئەگمە كۆۋرۈكلەر ئارقىلىق سۇنئىي تاغ بىلەن قىرغاقلار تۇتاشتۇرۇلماقچى، قىرغاقلارغا سېمونت يوللار ياسالماقچى، مەنزىرە دەرەخلىرى تىكىلمەكچى، گۈللەر تېرىلماقچى، سېسىق يار ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىستىراھەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇلماقچى بولدى. شۇنداق بولغاندىلا ھېلىقى سەت قاقاچ گۈزەل خالىغا ئايلىناتتى. كىشىلەر كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلاتتى. كۆل ئۈستى باغچىسىدا ساياھەت قىلىپ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىناتتى.

ئىش باشلاندى. ھەدېگەندىلا ئىش سېتىۋېلىپ، مەدىكار سالىدىغان ھۆددىگەرلەر پەيدا بولدى. ئۇلار يارنىڭ ھەممە يېرىنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىشتى. شەھەر مەركىزىدىكى مەدىكار بازىرىدىن مەدىكار ياللىدى. يار ئىچى ئادەمگە تولۇپ كەتتى. يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئادەملەر پاتقاقلىقتا قۇرتتەك مىغىلدايتتى. ئېتىز ئىشىنىڭ ئارىسالدى ۋاقتىدا مەدىكارغا ئايلانغان دېھقانلار تىزىغىچە لاي-پاتقاق كېچىپ، ئېغىر ھارۋىلارنى كالىدەك ھاسىراپ سۆرەيتتى، ھەدەپ ۋارقىرىشاتتى، شالاپلىتىپ سۇ كېچەتتى، يىقىلىپ لاي-پاتقاققا بۇلغىناتتى، يەنە قوپاتتى، ئىشلەيتتى، تىرمىشاتتى... يار ئاستا-ئاستا كېڭەيدى. چوڭقۇرلىشىپ كۆلگە ئايلاندى. سۇنئىي تاغ ئېگىزلىدى. ئۈستىگە چىقىپ جەنۇبقا قارىغان ئادەم يىراقتىكى قارا قۇرۇمنى كۆرەلىگۈدەك ئېگىزلىدى.

پۈتكۈل قۇرۇلۇش جەريانىدا ئېگىز بويى، زىلۋا، قارا چاچلىق، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ئادەم يار ئۈستىدىكى سېمونت كۆۋرۈكتىن ئويۇلۇۋاتقان يارغا قاراپ تۇردى. كېچە-كۈندۈز قاراپ تۇردى. جەنۇب ئاسمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقان قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىگىمۇ، بوران-شامالغىمۇ، يامغۇر-يېشىنغىمۇ پەرۋا قىلماي قاراپ تۇردى. ئۇ ئېگىزلەۋاتقان سۇنئىي تاغقا، گۈلتاشلاردىن سۈپەت كىرىۋاتقان قىرغاقلارغا، ئېلىنىۋاتقان يول ۋە باغچىلارغا نەزەر ئاغدۇرمايتتى. مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ باش مۇتەخەسسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىش سوراپ كەلگەنلەرگە كۆلگە قاراپ تۇرغان ھالىتىدە توغرا كۆرسەتمىلەرنى بېرەتتى. باشقا ياقلارغا قارىماي تۇرۇپمۇ ھەممە ئىشنى يۈرۈشتۈرەتتى. تامىقىنى ئاشۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە يەيتتى. ئاخشىمى تاكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەدىكار ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىغۇچە كۆۋرۈك ئۈستىدىن قاراپ تۇراتتى. ئۇندىن كېيىن ئىش ئورنىنى ساقلىغۇچىغا ئامانلىقنى ياخشى ساقلاشنى، ئەتە ئۆزى يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن ئىش ئورنىغا ھېچكىمنى يولاتماسلىقنى قايتا-قايتا تاپىلاپ ئاندىن يۈرۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، كۆۋرۈك ئۈستىدە مىختەك قادىلىپ تۇرۇشىدىن، كەچ قايتىپ، بۇرۇن كېلىشىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى چاقناپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئاجايىپ ئىرادىلىك، كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتىگە يەتمەي قويمايدىغان ماتانەتلىك ئادەم ئىدى.

2

مۇشۇ داغدۇغىلىق باغچا قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنى ئەنە شۇ ئادەم كۆندۈردى. كىشىلەر ئۇنى كۆكتاتچى دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر ئانچە بىلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەرگە پەيدا بولغاندىن بېرى كۆكتات تېرىپ، كۆكتات سېتىپ يۈرگەنلىكىنى، سۇلياۋ يوپۇقلۇق پارنىك ياساپ، ئەڭ بۇرۇن يېڭى كۆكتات چىقارغانلىقىنى، ئۇنىڭ پارنىكىدا قىش-زىمىستاندىمۇ پەمىدۇر، كۆكمۇچ، يېشىل پۇرچاق، تەرخەمەك دېگەندەك ئېسىل كۆكتاتلارنىڭ ياشناپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنى كۆكتاتچى دېيىشەتتى. ئەنە شۇ كىشى مۇشۇ باغچا قۇرۇلۇشىنىڭ تەشەببۇسچىسى،

پىلانلىغۇچىسى، ئىش ئۈستىدىكى باش مۇتەخەسسىسى، ھېسابات باشقۇرغۇچىسى بولدى.

شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇنى تۇنجى كۆرگەندە، نەپرەت بىلەن تىكىلدى. خۇددى بىر خۇشامەتچىگە، تەخسىكەشكە، يالاقچىغا قارىغاندەك قارىدى. ئۇ چاغدا كۆكتاتچى ئۇنىڭغا ئۆزى ئۆستۈرگەن يېڭى كۆكتاتلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ھويلىنىڭ ئىشىكىنى چەكمەيلا ئېچىپ كىرگەندە، شۇجى ھويلىدا ياتما ئورۇندۇقتا دەم ئېلىپ ياتاتتى. ئۇ مىدىرلىمىدى. ئەمەل سوراپ ياكى بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىرەر يۈزى قېلىن قاغجالمىدۇر ھەرقاچان... دەپ ئويلىدى. ئۇ، كىرگۈچىنىڭ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ، تاماكىسىنى شوراپ، ئىستىن چەمبەر چىقىرىپ يېتىۋەردى.

— كۆكتات تېرىغانىدىم. تۇنجى چىققانلىرى، ئۆزلىرىنى تېتىپ باقسۇن دەپ... — كۆكتاتچى سۇلياۋ سومكىغا قاچىلانغان كۆكتاتلارنى تامغا يۆلەپ قويدى. سومكىنىڭ ئاغزىدا ياقۇتتەك قىزىرىپ پىشقان پەمىدۇرلار چوغدەك چاقناپ تۇراتتى. كۆكتاتچى شۇجىغا قاراپ خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

كۆكتاتچى شۇجىنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى. شۇجى بار چاغدىمۇ، يوق چاغدىمۇ كېلەتتى. ھەر قېتىم كۆكتات ئېلىپ كېلەتتى. ئىككى كۈن يەتكۈدەك، سەككىز-ئون تەخسە كۆك-گىزەك قورۇغىدەك يېڭى كۆكتات ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرمەيتتى. ھويلىدىنلا ياناتتى. ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. پەقەت «ئۆزلىرىنى تېتىپ باقسۇن دەپ...» دېگەن ھېلىقى گېپىنى تەكرارلايتتى. شۇجىمۇ كۆكتاتچىنى دەسلەپ كۆرگەندە كۆڭلىدىن كەچكەن ھېلىقى پىكرىنى قايتا-قايتا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. كۆكتات ئارقىلىق تونۇشماقچى، گېلىمنى ياغلىماقچى، مېنى قولغا چۈشۈرمەكچى، ئارقىدىن راست گېپىنى دەيدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى، كادىرلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ،- دەپ ئويلايتتى شۇجى،- مەيلى، كۆكتىتىنى توشۇۋەرسۇن، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، پەقەت ئەقلى جايىدا، مەلۇماتى جايىدا بولسىلا...

ۋەھالەنكى، بىر يىل ئۆتتى. ئىككى يىلمۇ ئۆتتى. لېكىن كۆكتاتچى شۇجىنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن ھېلىقى تەلەپنى بىر قېتىممۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى. ئاغزىمۇ پۇراتمىدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كۆكتات ئېلىپ كېلەتتى. شۇجىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسىغا قەدەم باساتتى. مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەيتتى. كۆكتاتنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ، ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى. كۆكتاتنىڭ پۇلى توغرىلىق ئېغىز ئېچىلغاندا قولىنى پۇلاڭلىتىپ شۇھامان غايىب بولاتتى. ئۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، بۇ ھويلىغا تالاي قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىكى ئۆيگە، مېھمانخانىغا بىرقېتىم ؛ قەدەم باسمىدى. شۇجىغا بىرەر ئېغىز ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ خۇددى شۇجىنى، شۇجى خىمىنى بىزار قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك جىنىدەك كىرىپ، شامالدەك غايىب بولاتتى.

دەسلەپ كۆرۈشكەندە شۇجىنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن ھېلىقى ئوي ۋە يېقىمسىز تەسىرات ئاستا-ئاستا يوقالدى. شۇجىنىڭ قەلبىدە كۆكتاتچىنىڭ ئوبرازى بارغانسېرى نۇرلىنىپ كېلەتتى. ئۇ ئاقكۆڭۈل، ساددا، مېھرىبان كۆرۈنەتتى. خۇددى شەھەرنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ جاپاچېكىۋاتقان شۇجىغا مۇشۇنداق غەمگۇزار بولۇش كېرەك، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك، كىچىككىنە كۆكتات نېمىدى،

بۇ مېنىڭ بورچۇم. . . دەۋاتقاندەك قىلاتتى. راستتىنمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن شوجىغا بولغان مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. شوجى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئادەملىكىگە ئاستا-ئاستا ئىشەندى. غەرەزسىزلىكىگىمۇ ئىشەندى. بارا-بارا شوجىنىڭ قەلبىدە مېھرىبانلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش تۇيغۇسى باش كۆتۈردى. شوجىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم ئىدى. قول قولنى يۇسا، قول يۈزنى يۇمىسا بولامدۇ؟ شوجى جاۋاب تەرىقىسىدە يېزا رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭ ئىجارە يېرىنى كېڭەيتىپ بەردى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ بەردى. پارنىك ياسىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل ئاجراتقۇزۇپ بەردى. ئاجرىتىپ بەرگەن پۇلغۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىككى تۈمەنگە يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ كۆكتاتچى ئۆزىنىڭ ئىش بىلمىدىغان، زامانىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. پارنىك ياسىۋېلىشقا بېرىلگەن پۇلنىڭ تەڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەردى. تەشكىلگە-ھېلىقى پۇل سانىغان كاسىرغا ئەمەس شوجىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئاخشىمى ئەمەس كۈندۈزى قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن ھېچكىم يوق چاغدا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم بىر جۈملىدىن ئارتۇق سۆزلىشىش بولدى. تالاش-تارتىش قىلىشتى. شوجىنىڭ پاك-دىيانەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. كۆكتاتچىمۇ ئۆزىنىڭ سەممىيلىكىنى، ياخشىلىققا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاخىرى شوجىنى قايىل قىلىپ پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. شوجى شۇ قېتىم كۆكتاتچىنىڭ قارا ۋە قويۇق قاشلىرىغا، قوش قاپاقلىق ئورا كۆزلىرىگە، ناچىدەك تۈز ۋە قاڭشارلىق بۇرنىغا، نېپىز لەۋلىرىگە، ئالدىنقى كۈنىلا قىرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىردەك كۆكىرىپ چىققان ساقال-بۇرۇتلىرىغا تۇنجى قېتىم تەپسىلىي سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ چىراي شوجىنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈندى. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ دىدىل ۋە تۈز باقىدىغان كۆزلەردىن ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدى. شوجى تۇنجى قېتىم ئۇنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ئۇلار ئىچىشتى، پاراڭلاشتى، مۇڭداشتى. شوجى سەل - پەل تەڭشىلىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ پاراڭلار ئارقىلىق كۆكتاتچىنىڭ ئەقلى جايىدا، مەلۇماتىمۇ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ئۇلار قەدىناسلارغا ئايلاندى. شوجى پات-پات قەدىناسلىقنى ئىپادىلەپ، ئۇنى-بۇنى ھەل قىلىپ بېرىپ تۇراتتى. كۆكتاتچىمۇ يېڭى كۆكتاتلىرىنى ئەكىلىپ تۇراتتى. شوجى ھەل قىلىپ بەرگەن نېمەتنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككىسى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچىشەتتى، پاراڭلىشاتتى. كۆڭلى -قارنىنى تۆكۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ كۆكتاتچى شوجىغا بىرەر قېتىممۇ تەلەپ قويۇپ باقمىدى. شوجىنىڭ خېلى مول بىلىمى بار بۇ قەدىنىسىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغۇسى كەلدى. بۇ نىيىتىنى بىر قانچە قېتىم پۇرۇتۇپمۇ، ئاشكارىمۇ بىلدۈردى. لېكىن كۆكتاتچى بۇنىڭغا قىزىقمىدى. ئۇنىڭدا زادىلا بىرەر غەرەز يوقتەك قىلاتتى. شوجى بىلەن بولغان قەدىناسلىقنى باشتىن - ئاخىر ھازىرقى دەرىجىدە ساقلاشقا تىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلارنىڭ قەدىناسلىقى كۆچىيىپ، بىر-بىرىگە مەھكەم باغلانغان، بىر-بىرىنى راسا چۈشىنىشكەن، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان چاغدا، ئاخىرى كۆكتاتچىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى ئاشكارا بولدى.

شوجى ھەيران قالدى. ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى. لېكىن كۆكتاتچىنىڭ قوش قاپاقلىق چوڭقۇر كۆزلىرىدە ئىشەنچ چاقناپ

تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشلارنى سۆزلەۋاتقاندىكى تىترەشلىرىچۇ؟ يالغان سۆزلىگەن ئادەم ئاشۇنداق ھاياجانلىنالامدۇ؟ تىترىيەلەمدۇ؟ كۆكتاتچى ئۇنىڭغا دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. دادىسى سىزىپ قالدۇرغان خەرىتىنىمۇ كۆرسەتتى. گەپ ئىشەنچلىك ئىدى. شۇجىنىڭ قەلبىنى ئوتتەك قىزىقىش قاپلىدى. ھەقىقەتەنمۇ قىزىقتۇرۇشلۇقى بار ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ شۇجى بۇنىڭ ئاسان ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنچە چوڭقۇر ياردىن، ئادەم ئاياغ باسسىلا چۆكۈپ كېتىدىغان پاتقاقلىقتىن ئىككى كوزا ئالتۇننى قېزىۋېلىش ئوڭاي ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدىن، ئاشۇ يار ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن كېچە-كۈندۈز ئادەم ئۆتۈپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارغا كۆرسەتمەي قېزىۋالغىلى بولسۇن؟ قېزىپمۇ چىقارسۇن دەيلى، لېكىن ئىگە بولغىلى بولامدۇ؟ ئىنسى-جىنغا تويدۇرماي سو- قۇۋالغىلى بولامدۇ؟

شۇجىنىڭ ئويلىغانلىرىنى كۆكتاتچىمۇ ئاللىبۇرۇن ئويلىغان ئىدى. ئىككى كوزا ئالتۇننى قېزىۋېلىش شۇنچە ئوڭاي، بىر-ئىككى ياكى يەتتە- سەككىز ئادەمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش بولغان بولسا كۆكتاتچى بۇنى شۇجىغا دەپ يۈرەتتىمۇ؟ شۇنچە يىراقتىن تورتارتىپ، قارماق تاشلاپ، لوقما تاشلاپ كېلەتتىمۇ. ياكى ئۇ ئەخمەق-ساراڭ بولمىسا. . .

كۆكتاتچى پىلاننى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يارنى قېزىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قېيىق بىلەن سەيلە قىلىدىغان كۆلگە، يار ئەتراپىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىستىراھەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. كۆكتاتچىنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇ جەرياندا ئالتۇننى قېزىۋېلىش ئۆزلۈكىدىن يۇرۇشۇپ كېتىدىكەن، پەقەت ھوشيار بولسىلا، باشقىلارنىڭ سوقۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىسىلا بولىدىكەن. كوزا كۆرۈنگەن ھامان: «يەر ئاستىدىن چىققان بايلىق دۆلەتكە مەنسۇپ!» دەپ ۋارقىراپلا قورۇلۇش قوماندانلىق ئورنىغا ئەكىرىپ كەتسە، ئۇ يەردە كوزا ئىچىدىكى ئالتۇننى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، «كوزا قۇرۇق ئىكەن» دەپ جاكارلىسىلا بولىدىكەن. . .

شۇجى كۆكتاتچىنىڭ پىلانىنى، تەسەۋۋۇرلى- رىنى ئاڭلاپ خېلى يەڭگىللىشىپ قالدى. ئىككىسى غالىلداپ تىترەشكەن، ھاياجان بىلەن نەپەس ئېلىشقان، بىر-بىرىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك تاۋۇشىنى ئاڭلاشقان ھالدا ئۆز-ئۆزىچە مەسلىھەت قىلىشتى. ئىشنى قانداق قىلىپ شەھەر رەھبەرلىرى كېڭىشىدىن ئۆتكۈزۈش، مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىش، كىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى باش مۇتەخەسسىس-باش قوماندان بولۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش بولمىدى. چۈنكى شۇجى شەھەر باشلىقلىرى كېڭىشىدە ماقۇللىتالىشىغا ئىشىنەتتى. كۆكتاتچىنىڭ باش مۇتەخەسسىس بولۇشىغىمۇ قوشۇلاتتى. مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا يەنىلا كۆكتاتچى ئەقىل كۆرسەتتى. لېكىن ئالتۇننى بۆلۈشۈشكە كەلگەندە، شۇجى ئاساسلىق ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، كۆكتاتچىمۇ بوش كەلمىدى. ئەڭ مودا سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇچۇرنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. ئىككىسى بىر- بىرىگە ھومىيىشىپ، يانغا بېقىشىپ، تاماكىلىرىنى قاتتىق شورىشىپ، ئۇزۇن -ئۇزۇن جىمىپمۇ كېتىشتى. ھەرقايسىسىنىڭ جىقراق ئۈلۈشكە ئېرىشكۈسى كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرى يەنە مۇرەسسەگە كېلىشتى. تەڭ نىسبەتتە ئالىدىغانغا رازى

www.uyghurkitap.com

بولۇشتى. ئاساسلىق مەسىلىمۇ ئاخىرى ھەل بولدى. ئۇلار يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ھەر ئىككىيلىسى خۇشال ئىدى. شۇجى خۇدا ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەكلا بىر كوزا ئالتۇنغا ئېرىشىپ قېلىشىدىن خۇشال بولسا، كۆكتاتچى دادىسى 60 يىل كۆرگەن، ئۆزى ئۇزاق يىللار داۋاملاشتۇرغان شېرىن چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش لەززىتىدىن ھاياجانلىناتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بىر-بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تەبرىكلەشكەندىن كېيىن، ئەمەلىي ئىشقا قەدەم قويدى.

ئىشنى شەھەر رەھبەرلىرى كېڭەشتىن ئۆتكۈزۈش تەسكە چۈشمىدى. شۇجى ئاشۇ يارنى ئۆزگەرتىپ قولۋاق ئۈزىدىغان كۆلگە، ئەتراپىنى باغچىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى، تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا كەم ئەمەس بىر سائەت سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئەگەر شەھەر قىياپىتىدە يېڭىلىق يارىتىلماي قالسا، كېيىنكى قېتىملىق شەھەر ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىشتا «ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى» دېگەن ئەيىب بىلەن كىملەرنىڭدۇ ئەمەل-مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا پورۇتۇپمۇ ئۆتتى. شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇلار شۇجىنىڭ تەكلىپىگە سەگۈ تېرەككە قونۇپ سايرىغان قاراغۇجىلاردەك بەس-بەستە ئاۋاز قوشتى. پەقەت مالىيەگە مەسئۇل رەھبەرلا قوللايدىغانلىقىنى ئۈزۈندىن -ئۈزۈنغا بايان قىلغاندىن كېيىن:

– مالىيەدىكى ئۇزۇكچىلىكتىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بار، مەبلەغنى نەدىن ئالىمىز،– دەپ قىيىنچىلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇجى مانا شۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ دەرھال سۆز ئېلىپ، كۆكتاتچى كۆرسەتكەن ئەقىلنى ئۆز سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

– شەھەر– خەلقنىڭ شەھىرى، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرۇشى، خەلق تەرەققىي قىلدۇرۇشى، خەلق ئۆزگەرتىشى، خەلق گۈزەللەشتۈرۈشى كېرەك. مېنىڭچە ئەمگەك كۈچىنىمۇ، مەبلەغنىمۇ شەھەر خەلقى چىقارسۇن. بىز بارلىق ئىش مىقدارىنى ھېسابلاپ، شەھەردە تۇرۇشلۇق ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە ئۇلارنىڭ ئادەم سانىغا قاراپ تەقسىم قىلايلى. ئىشلىيەلەيدىغانلار، پۇت-قولىدا ماغدۇرى بارلار ئىشلىسۇن، ياردىن لاي - پاتقاقنى سۈرەپ چىقالمايدىغانلار مائاشىدىن پۇل چىقارسۇن. شۇنداق قىلساق، ئەمگەك كۈچىمۇ، مەبلەغمۇ ھەل بولىدۇ...

شەھەر باشلىقلىرى يەنە بىر قېتىم باش لىڭشىتىشتى. خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرماي كىم قۇراتتى؟

شۇنداق قىلىپ تەكلىپمۇ، پىلانمۇ دەرھال ماقۇللاندى. شۇجىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ مۇتەخەسسىسلىكىگە، قوماندانلىقىغا تېخى ھېچكىم بايقىيالمىغان ئىختىساس ئىگىسى- كۆكتاتچى بەلگىلەندى. ئۇ ئومۇمىي ئىش مىقدارىنى، قېزىلىدىغان لاي-پاتقاقنىڭ قانچە كۇبمېتىر ئىكەنلىكىنى، قانچە ئەمگەك كۈچى، قانچىلىك مەبلەغ كېتىدىغانلىقىنى، قانچە ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېسابلاپ قويغان ئىدى. ئىشخانىلار تەۋرەپ كەتتى. تەقسىمات پۈتۈشى بىلەنلا، ئېلېكتىرونلۇق خەت ئۇرۇش ماشىنىلىرى تاراقشىپ، ئۇقتۇرۇشلار ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە قاراپ ئۇچتى. ھەشەمەتلىك باغچا قۇرۇلۇشى ۋە كۆكتاتچىنىڭ شېرىن چۈشىنىڭ يېشىمى باشلىنىپ كەتتى.

ۋەھالەنكى، ئۆز شەھىرىنى ئۆزى قۇرىدىغان خەلق لاي-پاتقاق قېزىشقا ئۆزى چۈشەلمىدى. ئىشخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئاق بىلەكلىك خېنىملار

ۋە ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان يىگىتلەرنىڭ لاي-پاتقاق قىزىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئازراق ئەمەل-مەنسىپى بارلارنىڭ قۇربى تېخىمۇ يەتمەيتتى. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشقانىدى. ئۇلار، يەنى خەلق كۆكتاتچى بەلگىلىگەن نىسبەت-ئۆلچەم بويىچە پۇل چىقاردى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» ئەمەسمۇ؟ ھۆددىگەرلەر پەيدا بولۇپ، مەدىكار بازىرى قىزىپ كەتتى. توپ-توپ مەدىكارلار يارلىقا قاراپ ئاقتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، كۆكتاتچى ياردىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. كۆۋرۈك ئۈستىدىن نېرى كەتمىدى. كۆۋرۈك بېشىدا ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن بوتكا ياسالغانىدى. لېكىن كۆكتاتچى ئۇ يەرگە كىرمەيتتى. ھەممە ئىشنى كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلاتتى. يىغىنىمۇ شۇ يەردە ئاچاتتى. كۆزى قېزىلىۋاتقان ياردا بولاتتى. قۇلىقى دىڭ ئىدى. قايسى بىر مەدىكارنىڭ قولىدىكى كەتمەننىڭ قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇشىنى كۈتەتتى. بەزىدە رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، لاي-پاتقاق ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان قېلىن ۋەكەڭ تاختايلارنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ، قېزىلىۋاتقان يەرلەرنى بىۋاستە تەكشۈرۈپمۇ كۆرەتتى. مەدىكارلارغا كەتمەننى ئاستىراق چېپىشنى، ئەگەر يەر تېگىدە ئاسارەتىقە بولسا چېقىپ قويماسلىقنى، بىرەر قاتتىق نەرسە سېزىلگەن ھامان ئۆزىگە مەلۇم قىلىشنى تاپىلايتتى. ئۇ ھۆددىگەرلەردىن بىر قانچىسى بىلەن ئاغىنە بولۇپ، ئۇلارغا ئاسارەتىقىلەرنى ئاسراش تەربىيىسىمۇ ئېلىپ باردى. ئۇلارمۇ باش مۇتەخەسسىسكە كەتمەن بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلغان ھامان خەۋەر بېرىشكە ۋەدە قىلدى. بىرقانچە قېتىم كەتمەننىڭ قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلغانلىقىنى خەۋەرمۇ قىلىشتى. ئۇنداق چاغدا كۆكتاتچى ئۆزىنى ئاشۇ يەرگە ئاتاتتى. شامالدەك ئۇچۇپ باراتتى. ئاجايىپ ھاياجان ئىچىدە ھېلىقى قاتتىق نەرسىنى ئۆزى قېزىپ چىقىراتتى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا نامەلۇم ھاراقكەش تاشلىۋەتكەن بوتۇلكا ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىلا بولدى قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ قىلچە مەيۈسلەنمەيتتى. ئەكسىچە ھۆددىگەرلەرنىڭ، مەدىكارلارنىڭ ئاسارەتىقىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى ماختاپ قوياتتى. ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان تاش قوراللىرى توغرىسىدا، ئاشۇ تاش قوراللارنىڭ بۈگۈنكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەيتتى. يەنە كۆۋرۈك ئۈستىگە قايتىپ كېلەتتى. قېزىلىۋاتقان يارغا ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن دادىسى 60 يىل سۆزلىگەن ئاجايىپ ۋەقە كېزىپ ئۆتەتتى. 60 يىل سۆزلەنگەن ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ يالغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3

سېپىل قورشاۋدا قالدى. ھۇجۇمچىلار شوتا قويۇپ، ئارقان تاشلاپ، كۈندە دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىدى. قورشاۋدىكىلەرمۇ بۆسۈپ چىقالمىدى. نەلەرگىدۇ مۆكۈنگەن مەرگەنلەر ئۇزۇن ستۇۋۇللۇق قارامىلتىقلار بىلەن ئېتىپ تۇراتتى. سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىش تۈگۈل، سېپىلنىڭ قوختىسىدىن باش چىقىرىشقىمۇ بولمايتتى. قورشاۋ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئاش-ئوزۇقى ۋە ئوق-دورىسى تۈگەۋاتقان مۇداپىئەچىلەر ئاخىرى سۈلھ تەلەپ قىلدى. بۇ ھۇجۇمسىبىرى كۈچلىرى خوراۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاياقتىندۇر مۇداپىئەچىلەرگە ياردەم كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھۇجۇمچىلارغىمۇ ياغدەك ياقتى. سۈلھ-نەتىجىسىدە، مۇداپىئەچىلەر قوراللىرىنى

www.uyghurkitap.com

تاشلاپ، بالا-چاقىسى ۋە جانلىرىنى ئېلىپ، سېپىلنى تاشلاپ كېتىدىغان، ھۇجۇمچىلار سېپىلغا ۋە قورال - ياراقتا ئىگە بولىدىغان بولدى. مۇداپىئەچىلەر ئىچىدە كۆكتاتچىنىڭ دادىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ قوماندانىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. سېپىلنى تاشلاپ چىقىدىغان شۇكېچىسى ئۇلار ئون نەچچە ھارۋىغا يۇڭ-تاقىلارنى باستى، يارىدار ۋە قېرى-چۆرىلەرنى ئولتۇرغۇزدى. يوشۇرۇپ قالغان بىر قىسىم قورال - ياراقلارنى تىقىشتۇردى. ئاشۇ ھارۋىلار ئىچىدە ئالاھىدە مۇھىم بىر ھارۋا بار ئىدى. چاقلىرى مۇستەھكەم، كۈچلۈك ئاتلار قوشۇلغان ئاشۇ ھارۋىغا سەككىز دانە كوزىمۇ بېسىلدى. كوزىلاردا نېمە بارلىقىنى پەقەت قوماندان بىلەن مۇھاپىزەتچىلا بىلەتتى. كوزىلارنىڭ يان-يېنىغا لاقا-لۇققىلار تىقىشتۇرۇلدى. ئۈستىگە گىلەم ۋە يوتقان-كۆرپىلەر يېپىلىپ، قوماندان بىلەن مۇھاپىزەتچىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى ئولتۇرغۇزۇلدى. ئۇندىن باشقا ھېچكىم يېقىن كەلتۈرۈلمىدى. تاڭ سەھەردە - ھۇجۇمچىلار مۈگىدەپ قالدى دېيىلگەن چاغدا-ئۇلار تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. ھېلىقى مۇھىم ھارۋا باشقا ھارۋىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتى.

مۇھاپىزەتچى ئاشۇ ھارۋىنىڭ يېنىدا ئىدى. ھارۋىلارنىڭ يېنىدا قورالسىز پىيادە ئەسكەرلەر قوغداپ باراتتى. ئۇلار ھۇجۇمچىلار ئويغىنىپ، چاپاقلىرىنى ئېرىتىپ بولغۇچە يولغا ئۇزاپ كېتىشنى، سايغا چىقىۋېلىشنى كۆزلىگەن ئىدى.

كارۋاننىڭ قۇيرۇقى سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، يارنىڭ لىكشىپ تۇرىدىغان ئەسكى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كۆپ ماڭمايلا، تۇن قاراڭغۇسىنى يېرىپ، دەھشەت بىلەن ياڭرىغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر ھارۋىلارغا يوشۇرۇلغان قوراللارغا ئۆزىنى ئېتىشتى. گېپىدە تۇرمايدىغان، يۈزسىز ھۇجۇمچىلارنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى، قاراقچىدەك يول توسۇپ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن قوماندان تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ قايتارما زەربە بېرىشىگە قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېتىشقاچ، بىر تەرەپتىن مۇھاپىزەتچىگە ھارۋىنى- پەقەت ھېلىقى بىرلا ھارۋىنى ئارقىغا قايتۇرۇشنى، قايتا سېپىلغا كىرىۋېلىشنى بۇيرىدى. مۇھاپىزەتچى ھارۋىنى قايتۇرۇپ سېپىلغا قاراپ ئات سالدى. بۇ چاغدا قوماندان ئەسكەرلەرنىڭ پىتىراپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھۇجۇمچىلارغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ ھارۋىغا سەكرەپ چىقىۋالدى. ئاشۇ ئالتوپىلاڭ ئىچىدە قوماندانىنىڭ بالا-چاقىلىرى ھارۋىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى. مۇھاپىزەتچىنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ھارۋىنى، ھارۋىدىكى كوزىلارنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايتتى. چۈنكى ئاشۇ كوزىلارغا مۇشۇ يۇرت خەزىنىسىدىكى ھەممە ۋەج قاچىلانغان ئىدى. كۈچلۈك ئۈچ ئات بار كۈچى بىلەن چاپاتتى. مۇھاپىزەتچى ئاتلارنى جەھلى بىلەن قامچىلايتتى. ھارۋا كەينىدىن چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەر بۇكۈرۈپ كېلەتتى. قوماندان تاپانچىسىدىن نەلەرگىدۇ قارىتىپ توختىماي ئوق ئاتاتتى.

ھارۋا يار ئۈستىدىكى كۆۋرۈككە كېلەي دەپ قالغاندا ياندىن-يېقىنلا يەردىن ئوق چىقىشقا باشلىدى. كۆۋرۈكتىن چېپىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئىچ ئاتقا ئوق تېگىپ يىقىلدى. ھارۋىنىڭ شوتىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ قاراسلاپ سۇندى. قاڭقىپ كەتكەن قوماندان بىلەن مۇھاپىزەتچى خۇددى قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدىكى مەنجاناقتىن چىققان تاشتەك ئۇچۇپ چۈشتى. قوماندان ئۇچقان پېتى لاي-

پاتقاقلىق يارغا چۈشۈپ كەتتى. مۇھاپىزەتچىنى قولىدىكى بوجا قوتقۇزۇپ قالدى. ئۇ ئۆلگەن ئاتنىڭ يېنىغا دومىلاپ چۈشتى. كوزىلارنى تاڭغان ئارغامچىمۇ ئۈزۈلگەن ئىدى. ئىككى كوزا ئاۋۋال ھارۋىدىن دومىلاپ يەرگە، ئۇنىدىن كېيىن دومىلىغان پېتى پاتقاقلىققا ـ قوماندانىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتتى. قوماندان لاي-پاتقاقتىن چىقالماي چالا بوغۇزلانغان خورازدەك پالاقلايتتى. ئىككى كوزا ئاستا-ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۆلۈك ئاتنىڭ يېنىدا ياتقان مۇھاپىزەتچى يېڭى ئېتىۋاتقان تاڭ نۇرىدا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ توردى. ھارۋا كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قورالسىز ئەسكەرلەرمۇ بىر-بىرلەپ يېقىلىۋاتاتتى.

مۇھاپىزەتچى ۋاپاسىز ھوجۇمچىلارنىڭ يېقىن ئەتراپقا كۈچلۈك ئوقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، بېشىنى كۆتۈرسىلا ئەجەلگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ، يەرگە تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى. كوزى لاي-پاتقاق ئىچىدە تىرىمىشىۋاتقان قوماندانىدا ئىدى. ئىككى كوزا ئاللىقاچان چۆكۈپ كەتكەن، قوماندان بولسا يەنىلا پالاقلايتتى، تىرىمىشاتتى، يامىشاتتى. پالاقشىغانسېرى يەنىمۇ بەكرەك چۆكۈۋاتاتتى. مۇھاپىزەتچىنىڭ شۇ تاپتا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا پۈتۈنلەي ئامالى بار ئىدى. خەنجىرىنى چىقىرىپ ھارۋىدىن بىر تال ئارغامچىنى كەسسە، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى قوماندانغا تاشلاپ ئاستا-ئاستا تارتىۋالسىلا بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا جۈرئەت يوق ئىدى. مىدىرلاشقا، بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەجەل چىللاپ ھۇشقۇيتۇپ ئۆتۈۋاتقان ئوقلارنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ئۇ يەرگە چىڭ چاپلىشىپ، ئۇلىڭ يۈزىنى يەرگە يېقىپ، قوماندانىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىگە قاراپ ياتتى. قۇتۇلدۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق، ھوجۇمچىلار بەرىبىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇنداق ئۆلسە، ئەسىرگە چۈشۈش خورلۇقىدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. قوماندان ئاخىرى چۆكۈپ كەتتى. ئۇ چۆكۈپ كەتكەن يەردىن ـ لاي ئۈستىدىكى پاتقاق ئارىلاش سۇدىن ئۇزۇنغىچە كۆپۈك ئۆرلەپ توردى. ئاخىرى كۆپۈكمۇ يوق بولدى.

مۇھاپىزەتچى تاڭ ئېتىپ، شەرقتىن قۇياش چىققۇچە، جەڭ ئاخىرلىشىپ ئوق ئاۋازلىرى بېسىلغىچە، ۋاپاسىز ھوجۇمچىلار جەڭ مەيدانىنى تازىلاپ، كىملەردۇر ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن سۆرەپ ماڭغىچە ئاشۇ پېتى يەرگە چاپلىشىپ ياتتى. ئۇ پۇتىدىن سۆرەپ ماڭغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈك ھارۋىسىغا باسماقچى بولغانلىقىنى سەزگەندىلا كۆزىنى ئاچتى:

ـ مەن، مەن، مەن...

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھايات قالدى. كۆنىنىڭ سېرىقىنى ھەر كۆنى كۆرۈپ توردى. يېڭى-يېڭى ئىستەكلەر بىلەن ياشىدى.

«تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قالپاق كىيگەن چاغدا ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. كۆن ئالمىتى قىيىنلاشتى. بالا-چاقىلىرىنى بېقىشقا، قىزلىرىنى، ئەتىۋار يالغۇز ئوغلىنى تەربىيىلەشكە قۇربى يەتمىدى. ئۇ ھېلىقى قېتىم ئامان قېلىپ ئالتە-يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن خوتۇن-بالىلىرىنى قايتا تېپىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدا خوتۇنى قىزلىرىغا ئەگەشتۈرۈپ بىر ئوغۇلنىمۇ باشلاپ كەلدى. خوتۇنىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بۇ بالىنى ئاشۇ جۇدالىقتىن كېيىن توققۇز ئاي ئۆتكەندە تۇغقانمىش. بالادەسلەپ مۇھاپىزەتچىنىڭ كۆزىگە يات كۆرۈندى. يېشىمۇ خېلىلا كىچىك بىلىندى، لېكىن بالا بەك ئەقىللىق ئىدى. ئاستا-ئاستا مېھرى چۈشۈپ قالدى. ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئوغۇل شۇ ئىدى. ئاخىرى ھەممە مېھرىنى شۇ ئوغۇلغا بېغىشلىدى. ھەممىگە چىداپ ئۇنى بىر مەزگىل مەكتەپتىمۇ ئوقۇتتى. كېيىنكى كۆنلەردە

مۇھاپىزەتچى قېرىدىمۇ ياكى قىيىنچىلىقتا قالغان ئادەم باياشاد چاغلىرىنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالامدۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ ئاشۇ يىراقتىكى شەھەردە ـ سېپىل ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇلارنى ئەسلىسىلا ھېلىقى پاتقاقتا پېتىپ كەتكەن ئىككى كوزا ئالتۇن يادىغا كېلەتتى. ئىككى كوزىنىڭ ئاستا-ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقى خۇددى ھازىر يۈز بېرىۋاتقاندەك كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى. ئۇ دەل يار ئۈستىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىدا، كۆۋرۈكتىن سەل يىراقتا چۆكۈپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇ ئىككى كوزا ئالتۇن بولغان بولسا، ئۇ بۈگۈنكىدەك ئاچارچىلىقتا قالمىغان، يېلىڭ - يىرتىق قالمىغان، بالىلىرى ئالدىدا تەڭقىسلىقتا قالمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھازىر ئاشۇ يىراق شەھەرگە بېرىشقىمۇ، ئىككى كوزا ئالتۇننى ياردىن- لاي -پاتقاقلىقتىن قېزىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى»نى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلار ئۇنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايتتى. بارغۇزغان ھالەتتىمۇ ئالتۇنلارنى قېزىۋېلىشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ ھەم گۈزەل ھەم دەھشەتلىك ئەسلىمىنى تۇغۇلۇپ يەتتە-سەككىز يىلدىن كېيىن كۆرگەن ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئاشۇ ئالتۇن ۋەقەسىنى ئاستا-ئاستا ئوغلىنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈردى. خەرىتە سىزىپ، يىراقتىكى شەھەرنى، شەھەر سېپىلىنى، سېپىل تېشىدىكى پاتقاقلىق يارنى، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا سېلىنغان ئەسكى ياغاچ كۆۋرۈكنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇردى. قايتا ـ قايتا سۆزلەپ بەردى. ئاللىقاچان ئېگىز بوي، زىلۋا، قاراقاش، قاراچاچلىق چوڭ يىگىتكە ئايلانغان ئوغۇل دادىسىنىڭ سۆزلىرىگە سەمىمىي قۇلاق سالاتتى. دادىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئۆزى كۆرمىگەن شەھەردىكى سېپىلنى، يارنى، كۆۋرۈكنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان بولدى. يەر ناملىرىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدىغان بولدى. مۇھاپىزەتچى ئوغلىغا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ ئىككى كوزا ئالتۇننى قېزىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىل، شۇچاغدىلا باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشىسەن، دەيتتى. ئوغلى كۈلۈپ قوياتتى. كېيىنچە ئۇمۇ ئاشۇ ئىككى كوزا ئالتۇن توغرىسىدا خىيال قىلىدىغان، كېچىلىرى لاي-پاتقاق ئارىسىدىن لەيلەپ چىقىۋاتقان ئىككى كوزىنى چۈشەيدىغان بولدى. بۇ تولىمۇ شېرىن چۈش ئىدى. ئاشۇنداق چۈش كۆرگەن كېچىلەرنىڭ ئەتىسى ئۇ تولىمۇ روھلۇق بولۇپ كېتەتتى.

مۇھاپىزەتچىنىڭ يېشى چوڭىيىپ، زىققا كېسەللى كۈچىيىپ، پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئاخىرقى كۈنلەردە ئوغلىغا:

— مەن ساڭا ھېچنېمە قالدۇرالمىدىم. ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئىككى كوزا ئالتۇننى ئۇنتۇما، ئۇ ساڭا بىر ئۆمۈر يېتىدۇ. تەۋەككۈل قىل، ئاشۇ شەھەرگە بار، ئۇرۇنۇپ كۆر- دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

ئوغۇلمۇ مۇشۇ ئاخىرقى قېتىمدا ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— دادا، شەھەرلەر كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى. يېڭى-يېڭى قۇرۇلۇشلار چۈشتى، بەلكىم سەن دېگەن ئاشۇ پاتقاقلىق يارمۇ قۇرۇپ تۈزلىنىپ كەتكەندۇ. سېپىل چېقىلغاندۇ. ئورنىغا بىنالار چۈشكەندۇ. شۇ جەرياندا كىملەردۇر ھېلىقى ئىككى كوزا ئالتۇننى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئېلىپمۇ كەتكەندۇ. بەلكىم ئۇنى ئاشۇ چۆكۈپ كەتكەن چاغدىلا سۈزۈۋېلىشقان بولغىيدى. سەن ئارتۇقچە ئۈمىدۋار-خىيالچان بولۇپ كەتتىڭمىكىن؟.

— ياق، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ئىشەنچ بىلەن، —

ئۇ يەرلەردە بۇنداق سېرىق ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ، سەن يەنىلا سېپىلنى، يارنى تاپالايسەن، كۆۋرۈكنىمۇ تاپالايسەن. ئاشۇ جاڭگاللاردىلا سوزۇۋېلىشقانىكىن دېگەن گۇمانىمغا كەلسەك، مەن ئۇچاغدا ئۇ شەھەردە خېلى ئۇزاق تۇردۇم، ھازىردىكى كوزىنىڭ نەچچە ئىكەنلىكى تونغىنىدىكى سورافلارغا جاۋابمۇ بەردىم. ئۇلار ئالتە كوزىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. مەن «كوزا ئالتە ئىدى» دېگەن جاۋابتا چىڭ تۇردۇم. ئىككى كوزا ئالتۇننىڭ شاھىتلىرى- مەندىن باشقىسى - ھەممىسى ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ ئىشەنمەسلىككە نېمە ئىلاجى بولسۇن؟ ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەركىنلىككە ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇلدۇم. ئاشۇ يارلىقنى پات -پات چۆرگىلەپ تۇردۇم. بىرەر كىمنىڭ كوزىلارنى سوزۇۋالغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇنداق گەپنىمۇ ئاڭلىمىغانىمەن. ياق، كوزا ھېلىمۇ ئاشۇ يەردە، پاتقاقلىقنىڭ تېگىدە. سەن تەۋەككۈل قىل، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسەن. . .

بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىپ، يۆتىلىپ، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتقان جۈملىلىرىدىن ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى. ئاڭلىغۇچىغىمۇ ئىشەنچ بېغىشلايتتى. ئوغۇل بۇنىڭ نامراتلىق خىيالى ئەمەسلىكىگە ئىشەندى.

بوۋاينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تەۋەككۈل قىلدى. «نامرات بولساڭ شەھەر كۆچ» دېگەن تەمسىلنىڭ روھى بويىچە، بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئاشۇ يىراق شەھەرگە كۆچتى. توۋا خۇدايىم، بوۋاي ئەۋلىياكەن ئەمەسمۇ! بۇ يەردە ھېچنېمە ئۆزگەرمىگەن، بوۋاينىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك تۇرغان ئىدى. راست، شەھەر كېڭىيىپتۇ، يېڭى-يېڭى كوچىلار ئېلىنىپتۇ. قەۋەتلىك بىنالار سېلىنىپتۇ. لېكىن ئاساسلىق كوچا، ئاسارئەتىقە ھېسابىدىكى سېپىل، يار ئۆز پېتى، ئۆز ئورنىدا ئىدى. ئۇ ئۆمىدسىزلىنىپ قالمىدى. يېتىپ كېلىپلا پېشانىسىنىڭ ئوڭ ئىكەنلىكىگە، ئاشۇ ئىككى كوزا ئالتۇنغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. چۈنكى ئۇ يېتىپ كەلگەن شۇكۈنلەردە يار ئۈستىدىكى كونا كۆۋرۈك ئورنىغا يېڭى سېمونت كۆۋرۈك سېلىنىۋاتاتتى. ئۇ دەرھال كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغان ھۆددىگەرگە ياللىنىپ ئىشقا كىردى. ئۇ، كۆۋرۈك كېڭەيتىپ قۇرۇلسا، تۈۋرۈك ئورنى قېزىلسا ھېلىقى نەرسە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، پۇرسەت بولسا ئۇنىڭغا ئېرىشەرمەن، ھېچ بولمىسا ئىش ئورنىدا تۇرسام ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇرىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىش ئورنىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. ئاخشاملىرى ئاتىسى سىزغان خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن يەرنى كولاپ-قېزىپمۇ باقتى.

كۆۋرۈك پۈتتى. لېكىن ئۇ يەردىن ھېلىقى نەرسە چىقمىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا ئۆمىدسىزلىنىشكە بولمايتتى. ئاران تۈۋرۈك ئورنىلا قېزىلغان تۇرسا، ئالقانچىلىك يەردىن موككىدە چىقاتتىمۇ؟ ئەسلى سەل يوقىرىدىراق بولۇشى كېرەك، يوقىرى تەرەپنى، ھەممە يەرنى قازغاندىلا ئاندىن چىقىدۇ. كۆكتاتچى مانا شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ پۈتۈن يارنى قېزىشنى، ئالتۇننى چوقۇم قېزىپ چىقىرىشنى، يەرنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ قېزىپ چىقىرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن قارماقنىڭ يىپىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، يىراقتا، ئۆزىگە ئاشۇ پۈتۈن يارنى قازدۇرۇپ بېرەلەيدىغان چوڭ بېلىقتا لوقما تاشلاشقا باشلىدى. مۇھاپىزەتچىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچى ئوغلى دەل بىزنىڭ بۇگۈنكى باش مۇتەخەسسى-

www.uyghurkitap.com



ـسىمىز- كۆكتاتچى ئىدى.

4

كۆكتاتچىنىڭ باش مۇتەخەسسىسلىكىدىكى سەيلە-ساياھەت باغچا قورۇلۇشى پۈتۈن ياز بويى داۋام قىلدى. كۆكتاتچى پۈتۈن يازنى كۆۋرۈك ئۈستىدىن قېزىلىۋاتقان يارغا قاراپ تۇرۇپ ئۆتكۈزدى. باشقا ئىشلارنىمۇ قىلدى. لېكىن قاراپ تۇرۇشنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى. قېزىلغان يار چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئۈمىدى شۇنچە ئېشىپ باراتتى.

يارنىڭ ئىت تالىۋالغان قەلەندەرنىڭ پېشىدەك سەت قىرغاقلىرىغا تۇس كىردى. ئەخلەتلەر يوقالدى. يۇندىلار تازىلاندى. راۋاق سىلىنىدىغان سۇنئىي تاغ يىراقتىكى قارا قورۇمنى كۆرگىلى بولغىدەك ئېگىزلىدى. كۆل چېپىلىۋاتقان يارمۇ يەر تەكتىگە قاراپ شۇنچە ئۆلچەمدە چوڭقۇرلىدى. كۆكتاتچىنىڭ سۇنئىي تاغنىڭ ئېگىزلىشى، قېيىق كۆلىنىڭ ئويۇلۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. پەقەت ھېلىقى ئالتۇن تېپىلسىلا بولاتتى. ئەپسۇسكى ھازىرغىچە ھېلىقى كوزىلاردىن دېرەك يوق ئىدى .

مەدىكارلارنىڭ كەتمىنى بىر قانچە قېتىم تاراقشىپ قاتتىق نەرسىگىمۇ ئۇرۇلدى. لېكىن ئۇ يەنىلا نامەلۇم ھاراقكەش ئىرغىتقان ئەسكى بوتۇلكا بولۇپ چىقاتتى. راست، بىر قېتىم قانداقتۇ بىر ئىسكىلىت -سۆڭەكمۇ چىقتى. ئۇنىڭ باش-ئايىغى يوق ئىدى. قاپقارا پاتقاق بىلەن بويىلىپ، سۇنۇپ- پارچىلىنىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىت -ئېشەكنىڭ سۆڭىكىمۇ ياكى ئادەمنىڭ سۆڭىكىمۇ ئايرىغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ كۆكتاتچى ئۇنى ھېلىقى بەختسىز قوماندانىنىڭ ئىسكىلىتى دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ چوقۇم شۇنىڭ ئىسكىلىتى بولۇشى كېرەك ئىدى.

قوماندان مانا شۇ يەرگە چۆكۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ چۆكۈپ كەتكەن يەردىن ئۇنىڭ ئىسكىلىتى چىقماي ئىتنىڭ ئىسكىلىتى چىقاتتىمۇ؟ ئىتنىڭ ئىسكىلىتى دېگەنلەر بىكاردېيدۇ. مەدىكار دېگەن نېمىنى بىلەتتى؟ بۇ چوقۇم قوماندانىنىڭ ئىسكىلىتى. چوقۇم شۇنىڭ. . .

ئىسكىلىت چىققاندىن كېيىن، كۆكتاتچىنىڭ ئىشەنچى يەنىمۇ كۈچەيدى. قوماندان بىلەن كوزا بىر ۋاقىتتا، بىر يەرگە چۆكۈپ كەتكەنغۇ، قوماندانىنىڭ ئىسكىلىتى چىققان يەردىن كوزىلار چىقماي قالارمۇ؟ كۆكتاتچى ئەمدى دائىم قاراپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك ئۈستىگە قايتمىدى. رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ قېزىشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى. سۇ ناسوسى تاپتۇرۇپ، يىغىلىۋالغان زەي سۇنى چىقىرىپ تاشلىدى. ئۆزى نىشانلىغان يەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر كولاتتى. لاي-پاتقاق تۆگەپ چوڭقۇرلۇق قاتتىق قاتلامغا يەتتى. ھەممە يەر قېزىلدى. لېكىن كوزىلار چىقمىدى.

بۇ قانداق بولغىنى؟ كوزىلار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟ ئانا يەر يۇتۇپ كەتتىمۇ؟ كۆكتاتچى بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنداقتا نەگە كەتتى؟ لاي-پاتقاقنىڭ سىېرىلىشى، بۇلاق سۈيىنىڭ يالىشىغا ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا تۆۋەن تەرەپكە سىېرىلىپ كەتكەنمىدۇ يا؟

بۇ خېلى يۈك باسىدىغان پەرەز ئىدى. باش مۇتەخەسسىس ئەمدى نەزەرىنى كۆۋرۈك ئاستىدىكى قېزىلىۋاتقان قېيىق ئۆتۈشمە قانىلىغا، كۆۋرۈكنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەنە بىر كۆلگە قاراتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئۇ يەرلەرگە دىققەت قىلغان، ئەمدى نەزەرىنى پۈتۈنلەي شۇ تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۇ يەرلەرنىمۇ لاي -پاتقاق تۆگەپ بەزىدەك لۆم-لۆم سىېغىز چىققۇچە كولاتتى. بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان

تار ئېقىنىنى تاكى ئاياغدىكى ئازمىغا يەتكۈچە تازىلاتتى. لېكىن ئىككى كوزا يەنىلا تېپىلمىدى. كوكتاتچى ئۆز-ئۆزىدىن ھەيران بولاتتى. ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقاتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە، بىر سوتكا ئىچىدىكى كىچىككىنە كۆز يۇمغان چاغلىرىدا يەنىلا ھېلىقى ئىككى كوزا ئالتۇننى قۇچاقلاپ چۈش كۆرەتتى. ئاخىرى ئىككى كوزا ئالتۇننىڭ تېپىلمىغانلىقىغا تەن بەردى. ئۇنى ئانا يەرنىڭ مەڭگۈلۈككە يۇتۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان شېرىن چۈشلىرى ئاخىرلاشتى. چۈنكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىش ئاياغلىشىۋاتاتتى.

كۆكتاتچىنىڭ مۇھاپىزەتچىدىن مىراس بولۇپ قالغان شېرىن چۈشى رېئاللىققا ئايلىنالمىدى. لېكىن ئۇ ئاشۇ قېزىش-كولاشلار ئاياغلاشقان چاغدا يەنىلا بايلىق ۋە «تۆمۈر تاۋاق»تىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە ئىگە بولدى. كېيىنكىسى ئۇنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇش جەريانىدا ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانلىقىنىڭ، ئالدىنقىسى قۇرۇلۇش مەبلىغى ھېساباتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىدى. ئۇنىڭغا ئېشىپ قالغىنى ئاشۇ ئۆز شەھىرىنى ئۆزى قۇرىدىغان خەلق تاپشۇرغان پۇلنىڭ يېرىمىغا يېقىنلىشاتتى. بۇ گەرچە ئىككى كوزا ئالتۇننىڭ قىممىتىگە يەتمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بايلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ تولۇق باي بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئىككى كوزا ئالتۇننىڭ تېپىلمىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن شۇجىنى رازى قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئاشۇ «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشتى.

كۆكتاتچىنىڭ شېرىن چۈشى ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر خەلقىنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى. سېمونت كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر جۈپ ئايدەك قوش كۆل پەيدا بولدى. كىشىلەر كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلنى «ئاشىق كۆل»، شىمالدىكى كۆلنى «مەشۇق كۆل» دەپ ئاتىدى. ئىككى كۆل كۆۋرۈك ئاستىدىكى قانال ئارقىلىق قول تۇتۇشۇپ، بىر-بىرىگە بېقىشىپ، نازلىنىپ تۇراتتى. قېيىقلار ئۈزۈپ، كۆلكە-چۇقان ياڭرايتتى. . . قوش كۆلنىڭ قىرغاقلىرىدا تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن «چاھارباغ» پەيدا بولدى. كىشىلەر بۇ تۆت باغنى «جاھانباغ»، «جانانباغ»، «يارباغ»، «ياران باغ»، دەپ ئاتىدى. باغلار بىر-بىرىدىن گۈزەل ئىدى. گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ تۇراتتى. كىشىلەر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا شېرىن سۆھبەتلەر قۇراتتى. تار ۋە تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان ئاسفالت يوللاردا سەيلى قىلاتتى. گۈللەرنى تاماشا قىلاتتى، قۇشلارنىڭ سايرىشىغا قۇلاق سالاتتى. شەھەرمۇ، تۇرمۇشمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

جاپپار قاسىم

# ھازىخاننىڭ ھازىسى

(ھېكايە)

روزەم بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى.

روزەمنىڭ چوڭ كېلىنى ھازىخان ئاق باغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىپ، ھويلىغا چىقتى-دە، ھەممىنى تاڭ قالدۇرۇپ ھازا ئاچتى:

— ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، مەھەللىمىزنىڭ كۆۋرۈكى، ھازىخاننىڭ يۈرىكى، جان ئاتامغا يىغلايمەن، — ئۇنىڭ ناخشىچىلارغا خاس يېقىملىق ئاۋازى جىمى ھازىدارلارنىڭ ھازىسىنى بېسىپ چۈشتى، يۈرەكلەرنى ئېزىپ، سانسىز كۆزلەردىن ئىختىيارسىز ياش ئېقىتتى.

— نېمىدېگەن كۆيۈمچان كېلىن بۇ؟ — دېدى پاكارغىنە كەلگەن مەھەللە مەزىنى ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ھازىخاندىن ئالماي. — رەھمەتلىك روزەم ئۇنىڭدىن بىكارلا يامانلاپ يۈرگەنىكەن-دە!

— توۋا! — دېدى ھازىخاننىڭ يولدىشى خەيرۇل پاختەك ئايالىنى تۇنجى رەت كۆرگەندەك تىكىلىپ قاراپ، — مۇشۇ ھازىدار مېنىڭ ئايالىممىدۇ؟! ھەي، 30 يىل بىر ئۆيدە ياشاپ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك مېھرىبان، يۇمشاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن!

ھازىخاننىڭ ئارقىسىدىكى دېرىزىدە قول ياغلىقىنى كۆزىگە تۇتۇپ ئولتۇرغان كىچىك كېلىنىنىڭ سۇلغۇن ھالىتىگە خەيرۇل پاختەكنىڭ كۆزى چۈشتى-دە، بىردىنلا تۈنۈگۈن ئەتىگەن ھازىخان بىلەن بولۇپ ئۆتكەن پاراڭ ۋە ئاخشام كىچىك كېلىن سۆزلەپ بەرگەن سىرلىق ئىش يادىغا كەلدى:

— خەيرۇل! — دېدى ھازىخان جىددىي قىياپەتتە، — ئاۋۇ دادىڭىزنى كېسەلخانىدىن ياندۇرۇپ چىقىڭ، ئۆيدە يېتىپ داۋالانسۇن!

— تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئەكىردۇققۇ؟! — دېدى خەيرۇل پاختەك كۆزلىرىنى ئايالىنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ.

— بىلىمەن! — ھازىخان بېشىنى ياغاچ قورچاقتەك گىلدىڭشىتتى، — داۋالاتقىنىمىزنى ئەل-يۇرت كۆردى. ئەمدى پۇلنى بۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

خوتۇنىنىڭ تىلىدىن زەھەر تامدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان خەيرۇل پاختەك نائىلاج دادىسىنى كېسەلخانىدىن ياندۇرۇپ

چىقتى، ھازىخان بولسا، دەررۇ ئۆيمۇئۆي كىرىپ، دوختۇر ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىڭلار، دېدى دەپ خەۋەر تارقاتتى. كەچتە ئۇ ئېرىنى بىر ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، روزەمنىڭ نامىدىن ئالدىن تەييارلانغان ۋەسىيەتنامىنى تورۇسقا قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياتقان بوۋايغا ئوقۇپ بەردى. روزەم ئولتۇرۇشقان نۇرسىز كۆزلىرىنى كېلىنىگە تىكىپ: «مەن تېخى ھايات!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىدى-دە، پۈتۈن تېنى قارا بوراندا قالغان دەرەختەك قاتتىق سىلكىنىپ، ھەش-پەش دېگۈچە جان ئۈزدى. ھازىخان ئادىتى بويىچە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ سوغۇق ھىجايدى ۋە بوۋاينىڭ تېخى مۇزلىمىغان، لېكىن يېرىلىپ قۇۋزاقتەك بولۇپ كەتكەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سۇرۇققا تەگكۈزۈپ ۋەسىيەتنامىگە ئۇزاتتى. دەل شۇ چاغدا قېيىن ئاتىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرگەن كىچىك كېلىن ئۇستىلەپ كىرىپ قالدى-يۇ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ھازىخاننىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈندەك ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن ھازىسى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، كىچىك كېلىننى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ يىغلاۋېتىپ كىچىك كېلىنگە:

— ئۇكام، ئاكىڭىزنى چاقىرىڭ، بولۇڭ! — دەپ ئۈلگۈردى.

كىچىك كېلىن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۈن-تىنسىز ئارقىغا ئۆرۈلدى-دە، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ھازىخان بولسا قول ياغلىقىنى دەررۇ تۈكۈرۈكى بىلەن ھۆلدەپ بوۋاينىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سۈرتكىنىچە بوتلاقتەك بوزلاشنى داۋام قىلدى...

ھازىخاننىڭ يۈرەكلەرنى پارە-پارە قىلىپ، مىسكىن دىللارنى قوغۇشۇندەك شوررىدە ئېرىتىپ تاشلايدىغان نالىسى بۆلەكتىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، خەيرۇل پاختەكنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

— مەرھۇمنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىڭلار! — دېدى يۇيۇشتىن چىققان پاكار مەزىن ئەتراپقا قاراپ. دېرىزە تەكچىسىدە ئۈنسىز يىغلاپ ئولتۇرغان كىچىك كېلىن ئۇچقاندەك قورۇغا چىقىپ، جەسەت قويۇلغان ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى. چوڭ كېلىن بولسا، يىغىدىن چىپپىدە توختاپ، ئېغىزىنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىيسايتتى-دە، ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى بۇرنىغا ئوراپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. شۇنچە ئادەم ئارىسىدا بۇ ھالنى بىردىنبىر بايقاپ قالغان پاكار مەزىن تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى:

— يىلان قاسىرىقىنى تاشلىغان بىلەن، خۇي-پەيلىنى تاشلىمىغان ئىكەن-دە؟!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

مۇھەممەتجان راشىدىن

# غەزەللەر

بۇ جېنىمنى بەرگىلى تاس قاپتىمەن يارىم دېسەڭ،
سەن تۇپەيلى ھەپتە، ئاي ئاچ قاپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
بۇندا قويغان-تۇتقىنىمنى قانچە كۈن بىلمەي يۈرۈپ،
تاسقىغان ئۈننى يەنە تاسقاپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
باللىرىمغا بەرمىگەن ئۆرۈكلىرىم كەتتى ساڭا،
تاڭ سەھەردە ئىرغىتىپ قاق ساپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
سەن ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ گويا دېدەكتەك بىر ئۆمۈر،
يىقىلىپ دوقمۇشتا بىر ئاقساپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
كىم قويۇپتۇ كۈنچىلىكنى سەن مېنى سۆيمەي تۇرۇپ،
ئۆزگىلەردىن قىزغىنىپ قاقشاپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
يەتتە ئىقلىمغا سېنى مەدداھ كەبى ماختاپ يۈرۈپ،
سەندە گەپ يوق، بۇندا مەن داپ چېپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
مېنى ئازدۇردى نادانلىق، مېنى ئازدۇردى ئىشق،
ۋاي ئىسىت، ئاق نان بىلەن ئاشلاپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
كۆرۈنۈپ كەتتىڭ كۆزۈمگە بارچىدىن دانا ئەجەب،
شۈكرىكىم، يۈر، دەپ سېنى قاچماپتىمەن، يارىم دېسەڭ.
ساقلىدى تەڭرىم يەنە تاغدەك كۇپۇرلۇقتىن مېنى،
كەچكىلى يۈرتتىن ئېغىز ئاچماپتىمەن يارىم دېسەڭ.
بىۋاپانى كۆرمىگەچكە سەن كەبى بۇ ياش بېشىم،
گۈل سۈپەتلەرنى تالاي تاشلاپتىمەن، يارىم دېسەڭ.

* * *

سەن پۇلۇڭنى ماختىما، يارىمغا يەتمەس پۇل دېگەن،
سەن گۈلۈڭنى ماختىما، بارىمغا يەتمەس گۈل دېگەن.

ھىدلىسام شۇ گۈل قولۇمدا، قۇشلىسام قۇرغۇي مانا،
خۇشلۇقۇمدا يار يېنىمدا، شۇ ئېرۇر بۇلبۇل دېگەن.
ئەھلى ئىخلاسنى ئۇنىڭدىن بۇ جاھان كۆرگەن ئەمەس،
سۆيگۈ بەرمەس چاڭقىسالىق ئەلۋەتتە ياردەك قۇل دېگەن.
ئاغزىدىن دۈشمەن دېگەننىڭ نېمە گەپ-سۆز چىقمىغان،
تەلتۆكۈس ئىغۋا ئېرۇر كىيگىنى جۇل-جۇل، دېگەن.
ئەگمە شەيتان، مېنى ياردىن بۈگۈن ئازدۇرغىلى،
مەن تۇغۇلغاندا ئۆزۈمنى يار بىلەن بىر يول، دېگەن.
يار يېنىمدا بولمىسا، بوستان ماڭا دەشت كۆرۈنەر،
بۇنچە دەھشەت بولمىغاي دۇنيادا ھېچ دەشت-چۆل دېگەن.

* * *

بۇ ئىشقىنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
دەردۇ غەملەردىن بېشى قاتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئاق قورايدەك ئۆرتىنىپ ئارمان ئوتىدا بىر ئۆمۈر،
بۇ قارا يەر ئاستىدا ياتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئاغرىماس باشلارغا ئاغرىق ئەسلى ھىجراندىن كېلۇر،
ئۆز-ئۆزىگە بىر بالا تاپقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
تاڭ سەھەردە تەڭرىدىن تەلەي تىلەش بىزنىڭ ئۇدۇم،
تەقدىرىدىن كۈندە قور ئاچقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
بۇ ۋىسالنى ئويلىماڭ تەييار ھەسەل دەپ ھەر قاچان،
ھەرە بار دەپ ئاڭلىسا، قاچقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئۈندى دەپ كۆك شۇمبۇيا سۆيگۈ پېلەك يايماي تۇرۇپ،
ئۆز-ئۆزىنى بىمەھەل ئاتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
قايدا ھىجرانسىز مۇھەببەت، قايدا قوزغۇنسىز چىمەن،
كۆز يېشى كەلكۈن كەبى ئاققان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
قىسقىرامدۇ يار يولى، ھىجران ئازابى پۇل بىلەن،
مالۇ مۈلكىن شۇ سەۋەب چاچقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟

* * *

جاھاندا ئەتە جەننەتنى كۆرەرگە ئالدىراپ كەتمە،
تامام ھۆرلەر ئارا ئويناپ يۈرەرگە ئالدىراپ كەتمە.
ئوتۇننىڭ پارچىسى كۆيمەي تونۇرلار قىزىغان قايدا،
ئۆزۈڭ تەنھا تونۇر ئىچرە كۆيەرگە ئالدىراپ كەتمە.
كۆزۈڭگە خوپ كۆرۈنگەنلەر ساڭا ھەر ناز قىلۇر بەلكىم،
سېنى سۆيمەي تۇرۇپ ئاۋۋال سۆيەرگە ئالدىراپ كەتمە.

www.uyghurkitap.com

كېلۇر شەيتان قېشىڭغا «دوست» دېگەن شەربەت بىلەن بەلكىم،
ئۇنى بىلمەي يۈرەكىڭنى بىرەرگە ئالدىراپ كەتمە.
ئېتىڭنىڭ ئالدىدىن چۆپنى ئېلىپ قاچمايدۇ دەمسەن ئۇ،
چۈشۈپ خىلۋەتتە - ئۆتەڭدە تۈنەرگە ئالدىراپ كەتمە.
قالۇرسەن بەلكى زار يىغلاپ كۆڭۈلنى بىمەھەل بەرسەڭ،
كۆرۈنگەننى نىگارىم دەپ كۈلەرگە ئالدىراپ كەتمە.

* * *

يىغلىدىم تەڭرىمگە قايتا بىر گۆدەك بولغۇم كېلىپ،
مەيلى ھاكىم، مەيلى شاھ، يا قۇل-دېدەك بولغۇم كېلىپ.
مەن ئۇزاق ئارمانغا ئاشنا يۈرگىنىمنى ئەل بىلۇر،
تاغدا قارىغاي بولمىسام باغدا تېرەك بولغۇم كېلىپ.
مەن ئۇچۇن بىر جۈپ چىراغدەك ياش تۆكۈلمەس كۆز كېرەك،
يارىلاي دېيمەن يەنە قورقماس يۈرەك بولغۇم كېلىپ.
مەڭگۈ ياش تۇرسام جاھاندا، سولمىسام دېيمەن ئەبەد،
بارچە باغدا غۇنچە، يا پورەك بولغۇم كېلىپ.
ھەرىلەرنى ئويلىسام ھەر كۈن ھەسەل يۈرگەن يىغىپ،
بىر ئىشقتا ئۆرتىنەرمەن مىڭ كۆنەك بولغۇم كېلىپ.
شەربىتى قوغۇن يېسەم يەردىن شەرەپ تاپقۇم كېلۇر،
بارچە ئارزۇدىن كېچىپ، ئاددىي چۆنەك بولغۇم كېلىپ.
كەتمىنىم تاشلىقنى كولايدۇ قىياسەن كەچكىچە،
سېغىنىپ بوستاننى، ھەر جايغا ئورەك بولغۇم كېلىپ.
ئەمدى قىلدىم ئۆز-ئۆزۈمگە كىرگىلى قول قەۋمگە،
كىم يىقىلسا قىڭغىيىپ، شۇئان يۆلەك بولغۇم كېلىپ.
ئەسكە يەتسە زاغرا يەپ ئۆتكەن جاپالىق يىللىرىم،
كەلدى باي بولغۇم مېنىڭ ئەمدى كۆرەك بولغۇم كېلىپ.
تۇۋا قىلماي بەيگىلەرنىڭ كەينىدە قالدىم شۇڭا،
بارچىدىن ئەقلۇ كارامەتتە زېرەك بولغۇم كېلىپ.

* * *

ئەل ئەزىم دەرياكى، شۇ دەرياغا تاش ئاتقان يامان،
ئەل خىزىر، ئەل ئەۋلىيا، شۇ ئەلنى قاقشاتقان يامان.
ھەر كىشىگە بار جۇدالىق بۇ جاھاندىن كەتكىچە،
جاندىن ئايرىلساڭمۇ ئايرىل، ئەلدىن ئايرىلغان يامان.
ھەر يىگىتكە بار ئىرزۇر نەپسى بالادىن بىر قازا،
مىنگىشىپ شەيتانغا نەپىنىڭ كەينىدىن چاپقان يامان.

مەست بولۇر ئادەم دېگەن مەي ئىچمەيىن ماختاش بىلەن،
كۆلكىلەرنىڭ ئاستىغا قۇرغان تۇزاق-قاپقان يامان.
ياخشىغا جورۇپ چۈشۈگىنى ياخشى كۈن كۆردۈڭ قاچان،
يىغلىغاننى ئۈندىبان غەپلەتكە قۇر ئاچقان يامان.
قايسى دۈشمەن، قايسى دوست، بىلمەك ئۈچۈن ئاقىل كېرەك،
ئۈنلىگەن كەپتەر تۇرۇپ، قوزغۇنغا دان چاچقان يامان.

* * *

مەن ئۈچۈرىگىنى ئالاي دەيمەن شامالLاردىن سوراپ،
كېپىنەك، توزدەك گۈزەل ساھىبجامالLاردىن سوراپ.
بىر ۋىسالچۈن كۈپ كىتابلار ئاختۇرۇپ ئاۋارىمەن،
تېگى-تەكتىگىنى سېنىڭ ئۆتكەن زامانلاردىن سوراپ.
بولمىساڭ بىر كۈن يېنىمدا، ئايلىنىپ سەۋدايىغا
يۈرگىلى تاس قاپتىمەن كۆزى يامانلاردىن سوراپ.
ئوخشىتىپ خولقىگىنى مەن دېھقان قىزىغا بەزىدە،
بارغىنىمنى ئاڭلىدىڭ بەلكىم، خامانلاردىن سوراپ.
ئەنسىرەپ مىنگەن ئېتىگىدىن، ئالدىراش كەتتى دېسە،
قانچە رەت باردىم، گۈلۈم، سانسىز داۋانلاردىن سوراپ.
كۈنچىلەردىن خالىي بولماق بۇ جاھاندا تەس ئىكەن،
ئالغىنىم يوق بىر جاۋاب سانسىز جانلاردىن سوراپ.

* * *

يار بولالمىدىم مەن سېنىڭ بارىگىنى دۆلەت بىلمىسەم
يار بولالمىدىم بىر كېچە يوقۇگىنى زۇلمەت بىلمىسەم؟
بۇ جاھاندا قايسى بولغاي يەتكىنىم قەدرىگگە مەن،
سۆيگىنىگىنى ھەر قېتىم ئالەمچە ھىممەت بىلمىسەم؟
قاش قاراسى قۇت ئەمەس، قەلبىگدە بارىم قۇت ماڭا،
بى ئەقىل بولمامدىمەن قەلبىگىنى قىممەت بىلمىسەم؟
ئەنسىرەمتىم ئايرىلىشتىن بىز تېخى ئۆلمەي تۇرۇپ،
بۇندا مەن يۈرمەكنى تەنها دەردۇ كۈلپەت بىلمىسەم؟
سەن ئىجازەت بەرمىسەڭ، مۈشكۈل ماڭا ھەر بىر تىنىق،
شۇ ئىجازەتنى، ئۆلەي، ئەركىمگە مۆھلەت بىلمىسەم.
كېپىنەك يەڭلىغ يۈرەمدىم ھەر كۈنى ئەگىپ سېنى،
خۇش ھىدىگىنى بىر ئۆمۈر مۈلكۈمگە بەرىكەت بىلمىسەم؟
ئايلىنۇر كەۋسەرگە تەھقىق سەن ئۆزۈڭ بەرگەن شاراب،
مەي ئىچەمدىم مەن سېنى ئۆمرۈمگە ئۈلپەت بىلمىسەم؟

www.uyghurkitap.com


كەلمەسەڭمۇ بىر ئۆزۈڭگە باغلىنىپ يۈرمەس ئىدىم،
مەكتۇپىڭنى مەڭگۈلۈك ۋەدەڭگە تىلخەت بىلمىسەم؟!
ھەر قېتىم يۈگۈرۈپ چىقامتىم ئەل سېنى كەلدى دېسە،
كەلگىنىڭنى مەن ئۇچۇن ئەلۋەتتە ھۆرمەت بىلمىسەم؟
نۇر بىلەن جىسمىم يۇيۇلدى ئاي جامالىڭ ۋەجىدىن،
سېغىناتتىم مەن سېنى ھۆسنۈڭنى قۇدرەت بىلمىسەم؟

* * *

بىر ئۆمۈر باي بولمىدۇق، بەرگىن خۇدايىم، دەپ يۈرۈپ،
مۆرىمەس مۆمىن يەنە بولغىن مۇلايىم، دەپ يۈرۈپ.
ئۇچرىغاننى شۇندىمۇ يۈردۇق تۇزاققا دەسسىتىپ،
قاتمۇقات قىلدۇق گۇناھ، بوقتۇر گۇناھىم، دەپ يۈرۈپ.
قوغلىدۇق يۇلتۇزغا چىقماقتىن كۆڭۈللەرنى نېرى،
ئاخىرەتنى ئىزلىگەچ ئويلايلى دائىم، دەپ يۈرۈپ.
قارغىدۇق كەتسە ئەگەردە ئۆزىمىزدىن كىم ئۆزۈپ،
ئۆزىمىز ئۆلدۇق، ئۇنى ئۆلگىن ئىلاھىم، دەپ يۈرۈپ.
نازى ئايلاندى كىمىرگە نازىنىنلارنىڭ تېخى،
بىر كوكاتقا بولدى تەڭ گۈلدەك چىرايىم، دەپ يۈرۈپ.
قۇترىدى بوران بىلەن قۇشقاچ پىيىمۇ بىر مەھەل،
يەرگە چۈشتى ئاخىرى ئاسماندا جايىم دەپ يۈرۈپ.

ماخمۇتجان ئىسلام

# ياڭرايسەن كۆيۈمدە سەن ھامان «تارىم»

— «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

سەن ـ باغۇەن،
سەن ـ گۈلشەن، قورۇماس بۇلاق،
سەن ـ ھانغا جان قوشقان ئەزىز تۇمارىم.
سەن ـ باھار،
سەن ـ ناھار، دىللار ئاشىقى،
ياڭرايسەن كۆيۈمدە سەن ھامان «تارىم».

ھەم ئەمەي ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىنى
ئاڭلىدىم دىل مەپتۇن ئەللەي كۈيىنى.
ئاشۇ كۈي قوشۇلۇپ ئانام سۈتىگە،
ئايلىنىپ ئۆمرۈمنىڭ ئارزۇ گۈلىگە
ئەيلىدى ئەلڭ ئېسىل، مەڭگۈلۈك ماكان
يۈرىكىم بېغىشى، قەلبىم تۆرىنى.

* * *

تۆرىلىپ ئالەمگە،
كۆز ئاچماي تۇرۇپ،
بوۋاقلىق، بالىلىق ئۆتتى كۈنۈ تۈن
ئەللەينىڭ زەمزىمى ـ سۆيىمدە يايراپ،

لاي - لايغا جۆر بولۇپ، ئۇسسۇللار ئويناپ.
قەلبىمدە قوشاققا ئىشتىياق ياندى،
ئۇنىڭدىن كۈنسېرى ئارزۇ جانلاندى،
شۇ ئارزۇ - ھەۋەستىن ئايرىلسام بىر كۈن
يۈرەكنى پىراقنىڭ خەنجىرى تىلغاپ،
چىقتىم مەن تۈن بويى زارۇزار يىغلاپ.

ئۇسمۇرلۇك دەۋرىگە قويۇپ مەن قەدەم،
(ئۆگەنگەن چېغىمدا تۇتۇشنى قەلەم)،
مۇنداق بىر ھەقىقەت بولدى نامايان:
بىز يورۇق ئالەمگە تۆرەلگەندىمۇ،
تۇپراقنىڭ ئاستىغا سۆرەلگەندىمۇ
يار ئىكەن ناخشا، ساز، قوشاق، ھېكايە،
تومۇردا ئاقاركەن ئۇلار بولۇپ قان.

بىر شائىر بولايكى، دېدىم، ئەجدادىم،
جان ئاتام، مېھرىبان ئانام، ئەۋلادىم
شائىرلىق مېۋەمدىن رازى بولغۇدەك.
باھاردا كۈلگەندەك تەڭرىتاغ، تارىم،
يارايسەن شائىر، دەپ دىيارىم، يارىم
ئىپتىخار، غۇرۇردا خوشال كۈلگۈدەك.

ئۆتتى كۈن،
ئۆتتى ئاي،
ئۆتتى نەچچە يىل،
كاككۇكتەك، بۇلبۇلدەك سايرالمىدى تىل،
ھەم مۇراد شارابى ئىچەلمىدى دىل،
گۈل - چېچەك ئاچمىدى ئارزۇيۇ ئارمان.
ئىزدەشتىم، ئىرماشتىم كۈن - تۈننى ئۇلاپ،
ئۆزگىنى تۇتىقۇش بولۇپلا دوراپ،
شائىرلىق، ئىجادنىڭ سەپىرىدە مەن
قالدىمكى ئاشالماي قىلچە قىر - داۋان.

دېيىشتى بەزىلەر: قىينالما مۇنچە،
سەن ئەھلى ئەمەسسەن بۇ ئىشنىڭ قابىل.
سەندە يوق دىت - ئەقىل، بىلىم، ماھارەت،
چەكسەڭمۇ رىيازەت، بولماس كامالەت،
تەرسالىق قىلمىغىن، بولمىغىن جاھىل.
شائىرلىق مۈشكۈل ئىش، سىرلىرى تولا،
نىيەتتىن يان، باشقا يول تۇتساڭ بولا،
تېپىلماس ھەم ساڭا ئۇستاز - پىركامىل.

ئويلاندىم: بۇ سۆزدە ھەقىقەتمۇ بار،
بىراقكى، يانغاققا نەدە ۋىسال يار؟
ئىشتىياق يالقۇنلۇق، ھەۋەس ئالەمچە،
ئەپسۇس، يوق مېنىڭدە دەرمان ھاتەمچە،
نە قىلاي؟
قالدىم مەن ئەجەب تەنتىرەپ،
ئۆتەرمۇ، ئاھ، ئۆمرۈم ئەمدى تەمتىرەپ؟
كانايدىن قاماللاپ بوغدى نومۇس - ئار...

دەل شۇ چاغ، ئەي «تارىم» ئاپتىم مەن سېنى،
گۈليارەدەك باغرىمغا باستىم مەن سېنى.
زۇلمەتتىن ئالتۇنرەڭ تاڭغا ئۇلاشقان،
چۆل - دەشتتە بۇلاقنى كۆرۈپ ئۇلاشقان
يولچىدەك خۇشلۇقتا ئەتىۋار، ئەزىز
تۇمار قىپ، بويۇنۇمغا ئاستىم مەن سېنى.

دىت - ئەقىل بۇلىقى بولدۇڭسەن ماڭا،
سۇيى بال - شەربەتتەك، ئېقىپ خورىماس.
مېھرىبان باغۋەندەك پەرۋىشلەپ مېنى،
ئۆستۈردۈڭ، باغۋىنىم دېدىم مەن سېنى،
گۈل بولدۇم قەددى تىك، سولماس - قۇرىماس.

ئۇستازىم بولدۇڭسەن قاتتىق تەلەپچان،
ھەم ئاتام - ئانامدەك غەمخور، مېھرىبان.
دىلىمغا مەرىپەت مەشئىلى ياقتىڭ،
كۈن كەبى يىللىقلىق، نۇر - ئاپتاپ چاچتىڭ،
شائىرلىق سىرلىرى يېشىلدى بىر - بىر،
يۈز ئاچتى ئالدىمدا ئەدەبىي جاھان.

سەن دېدىڭ: بىر شائىر بولۇشتىن ئاۋۋال
ۋىجدانلىق، سۆباتلىق دۇرۇس ئادەم بول.
مەنمەنلىك، رەڭۋازلىق، شۆھرەتخۇمارلىق
بىلگىنكى، ئەدىبنى نابۇت قىلار يول.
ئادەمدە بولمىسا جاسارەت، غايە،
ئىشتىياق - ھەۋەسلا قىلماس كۆپايە،
ھەممىشە ئىزلەنگىن، ئىقتىدارغا تول...

تەلىمىڭ ساقلىدىم دائىما ئەستە،
مەنزىلگە ماڭدىم مەن مەردانە چامداپ.
مەن يازغان ھەر قۇردا - ھەر بىر سەتىردە،
ئىجادنىڭ يولىغا تۆككەن قەتىردە
ئاھ، سېنىڭ ئالتۇندەك باھاسىز تېرىڭ،
ئۇنتاشتەك قىپقىزىل، پاك يۈرەك قېنىڭ
تۇرىدۇ قۇياشتەك ۋالىلداپ - چاقناپ.

مەن ئالغا چامدىسام ھەتتا بىر غېرىچ،
چېھرەڭدە ئوينىدى تەبەسسۇم - كۈلكە.
سەن دېدىڭ: يارايسەن، كېرىلمە بىراق،
ئاشقىنىڭ بىر داۋان، مەنزىلىڭ يىراق،
ئالغا باس، قالما سەن ئايلىنىپ تاڭدا
ئېچىلىپ، كەچقۇرۇن سولاشقان گۈلگە.

ئۆتتى كۈن،
ئۆتتى ئاي،
ئۆتتى قىرىق بەش يىل،
مەن يەنە كېلىمەن ئاشۇ يول بىلەن.
قول تۇتۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ،
بەزىدە يۈگۈرۈپ، بەزى تەمتىلەپ
تەڭرىتاغ، تارىمنىڭ باتۇر ئەۋلادى-
«تارىم»دا ئېچىلغان تۈمەن گۈل بىلەن.
مىڭ ئەپسۇس،
ئاشمىدىم ھېچقانچە داۋان،
يوق تېخى «تارىم»غا كەلتۈرگىنىم شان،
بىراقكى، تۇۋلايمەن: ئىجاد يولىدا
يېتەكچىم «تارىم» دەپ ياڭراق ئۈن بىلەن.

ئاھ، «تارىم»،
قىرىق بەشكە تولدۇڭ سەنمۇ ھەم،
بولدۇڭ بىر سۆمباتلىق ياپيېشىل چىنار.
سەن - گۈلشەن،
باغرىڭدا تۈمەن گۈلگۈن گۈل،
دىللارنى خوش قىلىپ چاچىدۇ ئىپار.
سەن - باغۋەن،
پەرۋىشىڭ، مېھرىڭگە قېنىپ
كۆچەتلەر چېھرىدە چاقنايدۇ باھار.
سەن - بۇلاق،
مىليونلار ساڭا كۆز تىككەن،
شەربىتىڭ جانلارغا ئەزىز جان قوشار.
سەن - ئۇستاز،
ھەۋەسكار قەلبىدە چەكسىز
ئەقلىڭنىڭ نۇرىدىن پارلايدۇ ناھار.

قىرىق بەش يىل،
قىسقا ھەم ئۇزۇن مۇساپە،
باسقىنىڭ يوق ئۇنى ئوڭاي ھەم راۋان.
يەكلەندىڭ،
سەتلەندىڭ،
زەربىلەر يېدىڭ
«سول» چىللىق چىقارغان يىللاردا بوران.
بەزىدە تولغىقى تۇتقان ئانىدەك
تولغاندىڭ،
بىراق سەن دېمىدىڭ ۋايجان!
قەلبىڭدە جۇش ئۇرغاچ ئەدەبىياتنىڭ
باھارى نۇرلانسا دېگەن بىر ئارمان؛
توسقۇنلار، مۈشكۈللەر قىلالمىدى كار،
تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاتلىدىڭ داۋان.
جاسارەت ئىلكىدە يەتتىڭ ئاخىرى
قۇياشلىق، نۇرانە مەنزىلگە ئامان.

ئۇچاردىلىق مىڭلىغان قىران بۈركۈتنى،
ھە، ئۇلار قىلماقتا سامادا جەۋلان.
ئىجادتا ئەل ـ يۇرتۇم قوچقان شەرەپنى
جاكارلاپ ئالەمگە قىلدىلىق نامايان.
پەخىرلەن، ئەدىبلەر سىپىدە چاقنار
سېنىڭدىن پارلىغان نەچچە ئون چولپان.

تەشنالىق يەتكەندە سۇ ئىچكەن كىشى
ئالمىسا ئېسىگە قۇدۇق قازغاننى؛
تۇزىنى يەپ تۇرۇپ، تۇزلۇق قاپاقنى
قولىغا تاش ئېلىپ ئۇرۇپ چاققاننى
لەنەتلەر ئەقەللىي ئەقلى بار ئادەم،
لەنەتلەر ھەتتاكى كەڭ جاھان ـ ئالەم.
ئەي «تارىم»،
سەن ماڭا سىڭدۈرگەچ ئەجرە،
بولدۇم مەن سېنىڭدە بىر تامچە ـ قەترە،
سەنسىز مەن يايالماس ئىدىم كەڭ قانات،
قىلالماس ئىدىم ھەم ئىجادتا پارات،
بولغۇسى سەنسىز بۇ ھاياتىم ماتەم...

ئەي «تارىم»،
مۇبارەك قىرىق بەش يېشىڭغا،
يار بولسۇن تەلەينىڭ قۇشى بېشىڭغا،
ئۆرلىگىن،
گۈللەنگىن،
نۇرلانغىن دائىم!
سەن ـ گۈلشەن،
سەن ـ باغۋەن،
سەن ـ ئويغاق بۇلاق،
سەن ـ جانغا جان قوشقان ئەزىز تۇمارىم.
سەن ـ باھار،
سەن ـناھار، دىللار ئاشىقى،
سەن مىڭلاپ ئەدىبنىڭ ئەلۋەك يايلىقى،
خەلقىمنىڭ باھاسىز ئۆلمەس بايلىقى،
سەن بىلەن كۆلگۈسى ئارزۇ، خۇمارىم!
1995 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئىلھام ئۆمەر

## ئانامغا

مانانلار كۆزىنى تىكمەكتە يەنە،
ئاق قونىڭ پېيىنى تۆكمەكتە ئاسمان.
رىھلىمىسىز بىر پويىز كەلمەكتە ئاستا،
ئېھ، يۇمران قەلبىمنى باسماقتا پىغان.

تۇرىمەن سۆكۈتتە لام ـ مىم دېمەستىن
كۆمۈشتەك چېچەكلەر ئويىنار بېكەتتە.
سەن نەدە، نۇرلارنى كۆكلەتكەن ئانا،
بالقىغان كۆيلىرىڭ تۈنەر يۈرەكتە...

ئابابەكرى توختى

## مۇھەررىر ئاغىنەمگە

(ھەزىل)

قىڭغىر كەتسە بىر سۆزۈم ھەتتا،
تولغاق يەيسەن ئوڭشاش ئۈچۈن كۆپ.
قالايمىقان پەش- چېكىتلىرىم
رۇسلىنىدۇ قولىڭدىن ئۆتۈپ.

مەن شېئىرنى يازغىنىم بىلەن،
مەندىن كۆپرەك ئۇپرايدۇ جېنىڭ.
قەلەم ھەققى مېنىڭ بولسىمۇ،
شېئىرىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالىمجان ئىسمائىل

# تۇمانلىق شەھەر

(پوۋېست)

1

خۇداغا شۈكرى، يۆتكىلىش ئىشىم ئاخىرى ھەل بولدى، قاتناش دېگەن بۇ نەس باسقان ئىدارىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم، بۇ ئۆڭۈممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ توۋا، مۇشۇ تۆت قۇر خەت، بىر قىزىل تامغا بىلەن تەقدىرىم ئاسانلا ھەل بولدى-ھە. ئەمدى قارا ماشىنىدىن قۇتۇلۇپ كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى بولىدىغان بولدۇم. شۇنىڭغا قارىغاندا ھوقۇق دېگەننىڭ قۇدرىتىمۇ كارامەت ئىكەن، مەن بۈگۈن ئۇنىڭغا راستتىنلا قايىل بولدۇم. چىمەن بىلەن باللار ماۋۇ قەغەزنى كۆرسە قانچە خۇش بولۇپ كېتەركىن؟ ئەلۋەتتە خۇش بولىدۇ-دە، بىچارە چىمەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان جاپانى يەتكۈدەك تارتتى. باللارغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولدى، بىر ئۆينىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، بەزىدە چىدىيالمىغاندا:

— ئادەم تېپىلمىغاندەك شوپۇرغا تەگكەندىن كېيىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز، — دەپ غودۇراپ قويىدۇ. دېمىسىمۇ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن باللارنى بېقىش ئايال كىشى ئۈچۈن ئاسانمۇ، مېنىڭ 360 كۈنۈم يولدىلا ئۆتۈۋاتقان، ھەپتە، ئون كۈندە بىر كېلىمەن، شۇ كۈنىمۇ ماشىنامنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ياساش، توشۇغان يۈكنىڭ ھېساباتلىرىنى ئۆتكۈزۈش بىلەن كالوندا ئۆتكۈزۈپ، يەنە شۇ قارغىش كەتكۈر يولغا ماڭىمەن. ئويلاپ باقسام شۇنچە يىللاردىن يا ئۆيۈمنىڭ، يا تاماقنىڭ لەززىتىنى كۆرمەپتىمەن. قاچانلا بولسا ئالدىراپلا يۈرگەن. راست گەپنى قىلغاندا ھازىر قاتناشنىڭمۇ مەسلىھەتى قالمىدى. بۇرۇنلاردا قەيەرگە بارساڭ باسىدىغان يۈكۈڭ تەييار، تالوننى كۆرسىتىپلا مېڭىۋېرەتتىڭ، ۋەزىپىنىڭ توشقان-توشمىغانلىقى

بىلەن شوپۇرنىڭ كارى يوق ئىدى. ھازىرچۇ؟ ئۇنداق تەييار جاھان قالمىدى. بازار چاققاننىڭ بولۇپ كەتتى. ئىدارىلەرنىڭ زاپچوزلىرىغا ئىتتەك خۇشامەت قىلىپ يالۋۇرمىساڭ، كېلىنغا ئاز - تولا ئۇرمىساڭ، يۈكنى باشقىلار قېقىپ كېتىدۇ، قورۇق ماڭساڭ مۇكاپاتىڭ يوق. بەزىدە ئايلىقىنىمۇ تولۇق ئالالمايسەن، يولنىڭ جاپاسىنى بىر تارتساڭ، ئاخىرى ئايلىق ماڭاشتىن زىيان تارتساڭ، ئۆيگە كەلسەڭ ئاياللىڭ بىلەن بالىلارنىڭ تاپا - تەنىسى. . . بەزىدە مۇشۇ ئەلەملەرگە چىدىماي يىغلىۋەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. شوپۇر بولۇپ قالغىنىمغا مىڭ يەردىن پۇشايمان قىلغان ئىدىم. شۇ ئاھلىرىم خۇداغا يەتكەن بولسا كېرەك، مانا ئەمدى ئۇ جاپالاردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلىدىغان بولدۇم. ئەمدى خۇدا بۇيرىسا مەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش ياشارمەن. ئويلاپ باقسام ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئەل - ئاغىنىلەر بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىملىرىگىمۇ تۈزۈككىنە قاتنىشالماپتىمەن، ئادەمگەرچىلىك دېگەندىنمۇ چىقىپ قاپتىمەن، بەزىدە ئاغىنىلەر ئۇچراپ قالسا:

- ھاجى، پۇلنى دەپ جانىنمۇ سېلىپ بەرمە جومۇ.
- ئاڭلىساق نەمۇنىچى بولۇپ مېدال ئاپتۇ دەيدىغۇ، بۇيۇپ بېرەرسەن؟
- ھاجى، پول دېگەننى سەن مېڭىپ تۈگىتەلمەيسەن، ئەمدى بولار، - دېيىشىپ تاپا - تەنە قىلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ دېگىنىمۇ راست، مەن ماڭىمىغان يول، بارمىغان يۇرت قالدىمۇ؟ شوپۇر بولۇپ ھازىرغىچە ئۈچ ماشىنىنى يەڭگۈشلەپ بولدۇم. بۇ يوللارغا ئاشۇ تۆمۈرمۇ چىدىمىدى. لېكىن ئادەم بالىسى چىدايدىغان نېمىكەن. . . كۆز يۇمىمايمەن، شۇنداق ئىشلىگىنىمگە تۇشلۇق تەشكىلمىغۇ يامان قىلمىدى، بىر نەچچە قېتىم خىزمەت ئىلغارى قىلىپ سايلىدى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ بېيجىڭغا يىغىنىغىمۇ باردىم، دۆلەت بايرىمىدا ئۆز ۋاقتىدا ماۋجۇشى تۇرىدىغان تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ سەيلە قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتۈم. . . لېكىن بۇ ئىشلار خۇددى بىر چۈشتەك ئۆتۈپ كەتتى، مەن يەنە شۇ كالونغا يېنىپ كەلدىم. يەنە شۇ قارغىش كەتكۈر چۆلدە توپا يەپ ماڭىدىغان تەقدىردىن قۇتۇلالمىدىم. ئادەم ياش ۋاقتىدا جاپا - مۇشەققەتلەرمۇ ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىكەن، ياش چوڭايغانسېرى بۇنداق سىگانلاردەك كۆن ئۆتكۈزۈش ئېغىر كېلىدىكەن. ئۆمرۈم مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەرمۇ، مەنمۇ باشقىلاردەك تۇرمۇشنىڭ، ئائىلىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، خاتىرجەم ياشاپ باقسام نېمە بولار، دەيمەن ئۆزۈمگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش چوڭايغانسېرى ئادەمگە جان بەكرەك تاتلىق بولۇپ كېتىدىكەن، يوللاردا ئوت كەتكەن، ئاغدۇرۇلۇپ ياتقان ماشىنىلارنى ھەر بىر كۆرسەم يۈرىكىمنى بىر ۋەھىمە قاپلايدۇ، بىر كۈنلەردە مەنمۇ شۇنداق قىسمەتكە يولۇقسام چىمەن بىلەن بالىلىرىم قانداق قىلار، دېگەن بىر ئەندىشە كۆڭلۈمنى غەش قىلىدۇ. شۇڭلاشقا قاتناشتىن يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگىلى خېلى بولغان ئىدى. يۆتكىلىشنىڭ يولىدا خېلى مېڭىپمۇ باقتىم. بۇ كۈندە قورۇق گەپ ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمايدىكەن، بەزىلەرنىڭ كېلىنغا خېلى تىقىپمۇ باقتىم، ماشىنام بىلەن ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپمۇ بەردىم، لېكىن ئەنە، مانا بىلەن كۈن ئۆتۈۋەردى، مەن قاتناشتىن قۇتۇلالمىدىم.

ماڭا قارىغاندا ئايال كىشى بولسىمۇ چىمەننىڭ يولى بار ئىكەن. ئاخىرى بۇ ئىش شۇنىڭ قولى بىلەن پۈتتى. چىمەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتىن چىقىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا بىر ماشىنىچىلىق دۇكىنى ئېچىۋالغانىدى. ھازىر ھەممە ئادەم مودىغا، كىيىمگە يۈگۈرۈيدىغان بولغانمۇ قانداق، چىمەننىڭ ئىشى ئوبدانلا يۈرۈشۈپ، شەھەردە خېلى نامى چىقىپ قالدى. خېلى - خېلى ئاياللار ئۇنىڭغا كىيىم تىككۈزگىلى كېلىدىكەن. چىمەن شۇلارنىڭ ئىچىدە زەيتۇنگۈل دېگەن ئايالنىڭ گېپىنى تولاراق قىلاتتى، چىمەننىڭ دېيىشىچە بۇ ئايال بىر نازىرنىڭ ئاياللىمىش. ئۇ قانداق كىيىم مودا بولسا شۇنىڭدىن كىيىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com



قويمايدىكەن. ئۇ ئايالنى بىر كۈنى چىمەننىڭ دۇكىنىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن ئۇنى تەن قويغان، ياشانغان ئايال دەپ قىياس قىلغانىدىم، لېكىن ھازىر مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم زىلۋا بويلۇق، قاش - كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، يۈرۈش - تۇرۇشى چاققان، قاملاشقان چوكان ئىدى. چىمەن مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— ھە، سىزنىڭ يولدىشىڭىز بولامدۇ؟ — ئۇ سەل ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىق تەبەسسۇم بىلەن ئوت بولۇپ ياندى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئۆزۈمچىلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. ئۇ بولسا مېنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن چىمەنگە ئۈن قاتتى، — مەن تېخى بىرەر ئىدارىنىڭ كادىرىمىكىن دەپتىمەن، ھېچبىر شوپۇرغا ئوخشىمايدىكەن، سىزنىڭمۇ كۆزىڭىز بار جۇمۇ چىمەن...

ئۇنىڭ مېنى ماختاشلىرىدىن چىمەن يايراپ كەتتى. مەن ئىچىمدە: كېيىمىنى تىككۈزۈۋالغۇچە دەۋاتىدىغۇ، بولمىسا نەدىكى ماي چاپان بۇ، دەر ئىدى، دېدىم - دە، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم. چۈشتىن كېيىن چىمەن ئۆيگە خۇشال يېنىپ كەلدى.

— زەيتۇنگۈل ھەدەم كەچتە كېلىڭلار دېدى، — چىمەن كىرىپلا مېنى ئالدىراتتى، — بولۇڭ، باش - كۆزىڭىزنى يۇيۇپ، ساقىلىڭىزنى ئېلىڭ!

—چاقىرسا سېنى چاقىرغاندۇ، تونۇمايدىغان يەردە مەن نېمىش قىلىمەن، — دېدىم خۇش ياقماي.

چىمەن ماڭا كايىپلا كەتتى:

— مەنمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ تېرىكىپ، — مەن بايا سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىلىق ئۇنىڭغا دېۋىدىم. ئۇ نېمىشقا بۇ گەپنى بالدۇرراق دېمىدىڭلار، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مەن نازىرغا دەي، كەچتە ئۆيگە كېلىڭلار، دېدى، مەن قارىسام زەيتۇنگۈل ھەدەم نازىرغىمۇ گېپىنى ئۆتكۈزىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئولتۇرىسىزغۇ، بولۇڭ!...

مەن ئىچىمدە ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم، ئايال كىشىنىڭ ئەقلى دېگەن مانا مۇشۇنچىلىك، ئۇنداق ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، زەيتۇنگۈل دېگەن بۇ ئايال تازا تىلى قايماق ئايالدەك قىلىدۇ، چىمەنگە ئىشنى قىلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دەپ قويغان گېپى بولمامدۇ، تۇرغان گەپ، ئېرىمۇ: قېنى، بىز مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى، دەپ يولغا سالىدۇ، ئاندىن چىمەن بۇ ئايالنىڭ كىيىملىرىنى تىكىپ دوك بولۇپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىسى پۈتمەيدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇنداق گەپلەرنى ئاز ئاڭلىدىممۇ، لېكىن چىمەن مېنىڭ ئىشىم خۇددى بۈگۈنلا ھەل بولىدىغاندەك قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئايال كىشى دېگەن شۇدە... شۇ تاپتا چىمەن بىلەن بارمىسام كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچقاندەك بولىمەن. جېدەل قوزغايدۇ، بوپتۇ، باراي. ئۇمۇ خىزمەت يۆتكىلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن، بۇندىن كېيىن ئازراق كوتولداشقا پايدىسى تېگىپ قالار...

چىمەننىڭ تەلپى بويىچە باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ، ساقىلىمنى ئالدىم. چىمەن ئۇنىمىغىنىمغا قويماي تىككۈزگەندىن بۇيان تۈزۈككىنە كىيمەي ساندۇقتا ياتقان كاستۇم - شىمىمنى كىيگۈزدى، گالستۇكنى تاقاتتى، مەن بۇ كىيىملەردە خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك بولۇپ قالدىم. بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كېلىدۇ، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلىدۇ، چىمەن مېنى ياساپ بولۇپ ئاندىن ئۆزى ياساندى.

نازىرنىڭ بوسۇغىسىغا كىرىۋېتىپ ئەيمىنىپ قالدىم. ئىشىكتىن تارتىپ ئىچكەركى ئۆيلەرگىچە قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان، ۋال - ۋۇلچىلىق ئىكەن، بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ئۆي خىزمەتچىسى قىز بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن خەۋەردار بولسا كېرەك، دەرھال ئۆيگە باشلىدى. ئەمما مېنىڭ پۇتۇمغا قاراپ قويدى، چىمەن مېنى ئاستا نوقۇپ: ئايىغىڭىزنى سېلىڭ، دېگەن شەرەتنى قىلدى. ئادەم ھودۇقۇپ كەتسە ئېغىمۇ نەس باسىدىكەن، ئالدىراشچىلىقتا شىبلىتىمنىڭ يىپىنى تارتسام چىگىش بولۇپ قالسا بولىدۇ، ئۇنداق قىلسامۇ، بۇنداق قىلسامۇ يېشىلمىدى، ھېلىقى قىز خۇددى تۈرمە ساقچىسىدەك بېشىمدا قاراپلا تۇراتتى، چىمەن بولسا پېشىمنى ھەدەپ تارتاتتى. ئىچىمدە ئاياغىنىمۇ، مېنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن چىمەنىنىمۇ مىڭنى تىللاپ ئاخىرى بوغقۇچۇمنى ئۈزۈپ ئايىغىمنى سالدىم، ئۆزۈم قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى قىز بىزنى تولدۇرۇپ سافا تىزىلغان ئازادە مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئۆينىڭ ئېگىزلىكىمۇ قېلىن، گۈللۈك گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۆي شۇنداق پاكىز، قانداقتۇر سۈرلۈك ئىدى. ئۆدۈلدىكى بىر تام پۈتۈنلەي دېرىزە بولۇپ، ئۇنىڭغا باشتىن بوي دۇخاۋا پەردە تارتىلغانىدى. چىمەن پەردىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى.

بىردەم ئولتۇرۇشىمىزغا ئىشىكتە نازىر بولسا كېرەك، ئوتتۇرا بوي، تەن قويۇپ قورساق سالغان، چېچى تەكشى ئاقارغان قارامتۇل ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ بىزگە باش لىڭشىتىپلا كۆرۈشتى ۋە قولى بىلەن ئولتۇرۇڭلار، دېگەن شەرەتنى قىلدى - دە، ئۆزى تۆردىكى سافاغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى بىر يىغىنغا كىرگەندەك جىددىي، ھارغىن ۋە سوغۇق ئىدى. نازىر بىزگە نېمە ئىشىڭلار بار، دېگەندەك سالقىن قاراپ قويدى - دە، بىزنىڭ ئېغىز ئېچىشىمىزنىمۇ كۈتمەستىن قولىدىكى ماتېرىيالنى ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولدى، باشلىق دېگەن مانا شۇ، مەن ئۈمىدسىزلەنگەن قىياپەتتە چىمەنگە قاراپ قويدۇم، ئۇمۇ خىجالەت بولغاندەك ئورنىدا تولغىنىپ قويدى، كۆزى بولسا ئىشىكتە ئىدى. مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا نازىرغا - كەلگۈسى خوجايىنىمغا سەپسالدىم، تۇرقىدىن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى چىقىپ تۇراتتى، بۇنداق ئادەملەر خىزمەتتە تولىمۇ ئەستايىدىل، تەرتىپلىك بولىدۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى راست قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن مەنسىپى، مەرتىۋىسى يۇقىرىلارنى كۆرگەندىلا ئېچىلىپ - يېيىلىدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سۇر كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ كېلىش، خۇددى دىۋانىنىڭ قورسىقى توق كىشىدىن خەير سورىغىنىدەك ئىش، بەلكىم بۇ نازىر بىزنىڭ قورۇق كېلىپ ئارامىنى بۇزغانلىقىمىزغا ئىچىدە مىڭنى تىللاۋاتقاندۇر، بايىقى قىزمۇ ئىشىكتىن كىرگىنىمدە قولىمىزغا ئالايتەن قاراپ قويدى.

تەلىيىمىزگە ھايال ئۆتمەي تالادىن ئايال خوجايىن كىرىپ، بىزنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى.

- ۋاي خوش كەپسىلەر، - دېدى ئۇ خوش خۇي كۈلۈپ ئىشىكتىن كىرىپلا. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىمۇ جانلىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئېرىغا قاراپ ئاچچىق كىنايە بىلەن قاپاقلىرىنى سۈزدى، - سىز مېھمانلارغا ھۆججەت ئوقۇپ بېرىۋاتامسىز نېمە؟ توۋا، ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى، قويۇڭە ئۇ نېمىڭىزنى، بۇ دېگەن ئۆي. . .

نازىرنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى.

- ئەتە يىغىندا سۆزلەيدىغان سۆز ئىدىچۇ، مانا ئاز قالدى.

www.uyghurkitap.com



— كەچتە كۆرسىڭىزمۇ ھۆججەت دېگەن قېچىپ كەتمەيدۇ، — زەيتۇنگۈل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە بىزگە ئۆزرە ئېيتتى، — بۇ ئاكىڭىزلارنىڭ ئادىتى مۇشۇنداق، كۆڭلۈڭلارغا كېلىپ قالمىسۇن، ئۇنىڭغا خىزمەت بولسىلا بولدى، مەن ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيلا قېرىپ كەتتىم، خىزمەت دېگەننىمۇ قىلىدىغان ۋاقىت بار ئەمەسمۇ؟ خۇددى مۇشۇ ئادەم قىلمىسا ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى توختاپ قالىدىغاندەك، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. قاراڭ، بۇ خىزمەت سىزگىمۇ باقمىۋەندە ئەمەس. ھازىر ئىشلىگەننى كۆرىدىغان زامانمۇ، مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولىدىغان بولسام قول ئاستىمدىكىلەرنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ ئۆزۈم ئارام ئالاتتىم، راست. . .

— شۇڭا سىزگە ئەمەل بەرمىگەندە، — نازىر ھۆججەتنى يېنىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ كۈلدى.

— ۋاييەي، ماڭا بەرسىمۇ ئالمايمەن، نېمە جاپا، — دېدى زەيتۇنگۈل قاش - قاپىقىنى سوزۇپ. ئاندىن بىزگە قاراپ نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى، — ۋاي خۇدايىم، مەن باياتىن ئۆزىمىزنىڭ گېپى بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزلەرنى تونۇشتۇرماپتىمەن، بۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى؟ . . .

— ھاجى، — دېدى چىمەن دەرھال.

— ھاجى؟ — زەيتۇنگۈل ئىشەنمىگەندەك قايتۇرۇپ سوراپ نازىرغا تونۇشتۇردى، — قاتناشتا شوپۇر بولۇپ ئىشلەيدۇ، بۇ قىزنىڭ ئىسمى چىمەن، مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئۇستا ماشىنىچى مۇشۇ.

نازىر ئېغىر قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىزغۇچ، ھارغىن كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىن جىنايەتچىنى سوراق قىلىدىغان ساقچىنىڭكىدەك سۈرلۈك، جىددىي تۈس ئالدى، ئۇنىڭ بۇ قارشىدىن پۈتۈن ئەزايىم شۈركىنىپ، ئۈمىدىم ئۈزۈلدى.

— شوپۇرلۇق قىلىۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — نازىر ماڭا بىر قۇر سەپسېلىۋېتىپ سورىدى.

— ئون يىلدىن ئاشتى، — مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ جاۋاب بەردىم.

— شوپۇرلۇقتا ئوقۇغانمۇ؟

— ھەئە.

— ئەسلىدە قانچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغانتىڭىز؟

— تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن.

ئاشخانا ئۆيدىن چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن زەيتۇنگۈل گەپكە ئارىلاشتى:

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا نەق سىز ئىزدەۋاتقان شوپۇر ئىكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ يېقىملىق بىر كۈلۈپ قويۇپ، — ئىدارىڭىزدىكى شوپۇرلىرىڭىز تۈزۈك ئىسمىنىمۇ يازالمايدۇ، ئاشۇلارنىمۇ شوپۇر دەپ ئىشلىتىۋاتىسىز، ھاجى كەلسە ئىدارەڭلارنىڭ ئىسمى ئاتىقىغا لايىق بولىدىغان بولدى.

مەن ھەيران بولغان ھالدا چىمەنگە قارىدىم، بۇ ئايال چىمەننىڭ دېگىنىچە بارمۇ نېمە، بىردەمدىلا مېنى بۇ ئىدارىگە يۆتكەپمۇ بولدىغۇ، ياكى بۇلار بىز كەلگۈچە مەسلىھەتنى پۈتتۈرۈپ بولغانمىدۇ؟ مەن ئاستا نازىرغا قارىدىم، ئۇ بايىقى سۈرلۈك ھالىتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، ئاخىرى زەيتۇنگۈل شەرەت

قىلغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئۇن قاتتى:

- ئىدارىدىكى شوپۇر خېلى بار، لېكىن كۆڭۈلگە يارايدىغان، دېگەن چاغدا جانغا ئەسقاتىدىغىنى ئاز، بىرى هاراقكەش، يەنە بىرى بولسا مەينەت... سىز توغرىلىق زەيتۈن ماڭا دېگەنتى، هەر هالدا سىز مەخسۇس ئوقۇغان ئىكەنسىز، شوپۇرلۇق ستاژىڭىزمۇ ئۇزۇن ئىكەن، قېنى، بۇنى ئىدارىدە مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى...

- ۋاي - ۋۇي، قورۇق گەپنى قىلماي كېسىپلا دېمەمسىز؟ - زەيتۈنگۈل ئاچچىقى بىلەن نازىرنىڭ گېپىنى بۆلدى، - سىلەرنىڭ مۇشۇ مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى دېگىنىڭلاردىن زەردىگۈش بولۇپ كېتىدۇ ئادەم.

- سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن...

- سىز باش نازىر تۇرۇپ بىرەر ئادەمگە كۆچىڭىز يەتمەمدۇ؟ مۇشۇنداق چاغدا ئىشلەتمىگەن هوقۇقنى بولدى بىردەم ماڭا بېرىڭا، - دېدى ئۇ ئاندىن بىزگە قاراپ، - بولدى، خاتىرجەم بولۇڭلار، - دېدى.

- هاي، هاي ئەستاغپۇرۇللا...

زەيتۈنگۈل مەغرۇر قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. بۇ ئۆڭۈممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟... بۇ ئايال چاقچاق قىلىۋاتامدۇ يا؟ زەيتۈنگۈل بىزگە بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتىغۇ؟ ئەگەر راستىنلا يۆتكىلىپ كەلگۈدەك بولسام، مەنمۇ يەتكۈدەك خىزمىتىنى قىلىپ رازى قىلارمەن...

شۇنىڭدىن ئىككى هەپتە ئۆتۈپ ئۇ چىمەننىڭ يېنىغا كېلىپ، مېنىڭ يۆتكىلىش ئىشىمنىڭ هەل بولغانلىقىنى، يۆتكەش ئالاقىسىنىڭ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئىدارىگە كىرىپ كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپ كېتىپتۇ. مانا بۈگۈن يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى قولۇمغا ئالدىم، قارىغىش تەگكۈر قاتناش بىلەن ئۇزۇل - كېسىل خوشلاشتىم.

كالوننىڭ دەرۋازىسىغا كېلىشىمگە تۇرسۇن جەرەن ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز شوپۇرلۇقتا بىللە كىرگەن، بويتاق كۈنلىرىمىزدە بىر ياتاقتا ياتاتتۇق، كۆڭلى ئالتۇندەك نېمە، ئۇ ماشىنا بىلەن جەرەن قوغلاپ شۇ لەقەمنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى. بىزنىڭ بۇ كالوندىكى شوپۇرلارنىڭ ئىچىدە لەقىمى يوقلىرى بەك ئاز. ئۇلارغا بۇ لەقەملەر قاچانلاردا، قانداق قويۇلۇپ قالدىغانلىقلىرىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ، گاهىدا ئىسمى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ لەقىمى بىلەن چاقىرىلىدىغان شوپۇرلار بار.

- سېنى يۆتكەلگۈدەك دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ - تۇرسۇن جەرەن ئۇرا كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا يۆتكىلىش ئالاقە قەغىزىنى ئېلىپ كۆرسەتتىم. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە قەغەزگە قاراپ كەتتى.

- نېمە، گىشەنمەيۋاتامسەن؟

- بۇ گەپچە راست ئىكەندە، باشلىقنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى هەيدەيدىغان بولدۇڭمۇ؟

- هەئە.

- ئاخىرى دېگىنىڭنى قىلىپسەندە، - ئۇ كۆڭۈلسىز بىر قىياپەتتە ئالاقىنى قايتۇرۇپ بەردى، - قېنى، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باق، سەنىڭ مىجەزىڭ ئېغىر، ئەپلىشىپ كېتەرسەن.

www.uyghurkitap.com

- سەنچۇ؟

- قويە، ئايلىنىڭغا تەگمۇتەك قوشۇپ بېرەيلى دېسىمۇ كۆتەر دەيمەن.

-چۈنكى ئۇنىڭدا جەرەن قوغلىيالمايمەن دەيسەندە.

- نېمىنى؟ مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام توشقان قوغلايتتىم، توشقان، - ئۇ ۋەيت قىلىپ كۈلدى، - شەھەردە ئالامەت توشقانلار باردە. . . لېكىن سەن چىمەندىن قورقۇپ بولسىمۇ يېقىن يولىمايسەن.

تۇرسۇنغا ئايالىلارنىڭ گېپىنى قىلساڭ يايراپ كېتىدۇ، يولغا چىققاندا قاچانلا قارىساڭ ئۇنىڭ كابىنكىسىدا بىرەر قىز - چوكانلار بارلا بولاتتى، نۇرغۇن قېتىم تاياقمۇ يېدى، تەشكىلدىن چارىمۇ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئادىتى ئۆزگەرمىدى.

- شۇنداق قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇڭ، - دېدى ئۇ بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن،- ئۇنداق بولسا كەچقۇرۇن ئۆيگە كەلگىنە، كالوندىن ئايرىلىدىغان بوپسەن، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى.

ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، بىللە بولساڭ قەدرى ئانچە ئۆتۈلمەيدۇ، بەزىدە ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسە دەيمەن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىش توغرا كەلگەندە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈڭ قىيماي قالىدۇ، ئۇنىڭغا تارتىشىمەن، مېنىڭمۇ شۇ تاپتا مۇشۇ تۇرسۇندىن، كالوندا يۈرگەن ئۇستىگە مايلىشىپ كەتكەن خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان قوپال، مەينەت شوپۇرلاردىن، تويا ئۆرلەپ تۇرغان كۆرۈمسىز كالون قورۇسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم غەش بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆگەنگەن يەرنىڭ ئوتى باشقىچە دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. . .

2

شۇنداق قىلىپ مەن تاسادىپىي كەلگەن ئامەتتىن شەھەرلىك بولۇپ قالدىم، يەنە كېلىپ نەق زۇنۇن نازىرنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان بولدۇم، تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالىمەن.

-زۇنۇن نازىر ۋاقىتقا بەك رىئايە قىلىدىغان ئادەم، - دېدى ياپىلاق يۈز، سول كۆزىنىڭ يېنىدا قوناقتەك چوڭ مېڭى بار ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماڭا ئىشنى تاپشۇرۇپ تۇرۇپ، - دېگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ قالسىڭىز ئاچچىقى كېلىدۇ، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ!

«ۋولگا» نى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ماشىنىنى ئالغىلى ئۇزۇن بولمىغان ئىكەن، لېكىن ئاۋۋالقى شوپۇر پاكىز تۇتمىغاچ ماشىنىنىڭ ئىچى ماي، توپا بىلەن ئارىلىشىپ بىرلىك قېتىپ كېتىپتۇ، ئورۇندۇقنىڭ ياپقۇچلىرى ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىپتۇ، ماشىنىنى ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بىر كۈن كەچكىچە سۈرتۈپ تازىلىدىم، ھەممە زاپچاسلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ ئېرتىپ چىقتىم، ھەر ھالدا ماتور ياخشىكەن، چىمەن بولسا ئورۇندۇقنىڭ ياپقۇچلىرىنى يۇيۇپ دەزماللىدى، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىگە سۇس گىرىپىتشىندىن پەردە تىكتى، بىز پۈتۈن ئائىلە بويىچە خۇددى توبى بولىدىغان قىزنى ياسىغاندەك «ۋولگا» نى جابدۇدۇق. مېنىڭ رەھمەتلىك ئۇستام ھەمىشە توختىغانلا يەردە مېنى ماشىنا ئېرتقىلى سالاتتى، ئۇ: شوپۇر قانچە مەينەت بولسا شۇنچە دوملە باسىدۇ، ماشىنا دېگەننى قىز بالىدەك تۇتۇش كېرەك، دەپ تۇراتتى، ئۇستامنىڭ تەلىمى بىلەن ماشىنىنى ئېرتىش ئادىتىمگە ئايلىنىپ، ماشىنام

سەللا توپا بولسا ئىچىم پۇشاتتى، ئۇنىڭ قارا ماشىنا، ماۋۇ بولسا چىرايلىق كوچىدا ماڭىدىغان پىكاپتە. زۇنۇن نازىرىمۇ مېنىڭ ماي چاپان، قاسماق شوپۇرلاردىن ئەمەسلىكىمنى كۆرۈپ قويسۇن.

ئەتىسى ماشىنىنى يالىغاندەك پارقىرىتىپ تونجى قېتىم نازىرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم، سائىتىمگە قارىسام سەككىزگە يەنە ئون مىنۇت بار ئىكەن، سىگنال بېرەيمۇ ياكى ئۆيىگە كىرىپ خەۋەر قىلايمۇ، ئادەتتە شوپۇرلار قانداق قىلىدىغان بولغىيتتىكىن - ھە؟ ئەڭ ياخشىسى سائەت توشقىچە ساقلاپ تۇراي، مەن شۇلارنى كۆڭلۈمدىن كۆچۈرۈپ تۇرۇشۇمغا ئىككىنچى قەۋەتتىكى قورۇغا قارىغان دېرىزە ئېچىلىپ زەيتۇنگۈلنىڭ بېشى كۆرۈندى.

- ھاجى، كەلدىڭىزمۇ؟ - دېدى ئۇ خۇش خۇيلۇق بىلەن چاقىلداپ سۆزلەپ ۋە ئىتتىكلا دېرىزىدىن غايىب بولدى.

ھايال ئۆتمەي نازىر بىلەن بىللە چىرايلىق كىيىنىۋالغان زەيتۇنگۈل ھويلىدا پەيدا بولدى. نازىرنىڭ قولىدا قېلىن ماتېرىيال سومكىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ تۇرقى شۇنچىلىك سالاپەتلىك ئىدىكى، مەن ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم، باشلىق دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ، تۇرقىدىنلا كىشى ئەيمىنىدۇ. مەن ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، ئارقا ئورۇننىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، زەيتۇنگۈل مەن بىلەن خۇددى كونا قەدىناسلاردەك، ئوچۇق چىراي كۆرۈشتى، نازىر بولسا سالاپىتىنى بۇزماستىن ماڭا بېشىنى سىلكىپلا قويدى، زەيتۇنگۈل ماشىنىغا كىرىپلا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

- پاھ، ماشىنىنى قالتىس قىلىۋېتىپسىزغۇ ھاجى، - ئۇ دېرىزىگە تارتىلغان پەردىلەرنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىغىلى تۇردى، - قاراڭا زۇنۇن، ماشىنا دېگەننى مانا مۇنداق تۇتىمامدۇ؟ ماۋۇ پەردىلەرنى ھەقاچان چىمەن تىكتىنغۇ دېيمەن، قولى گۈل چوكان جۇمۇ. . . مانا ئەمدى پىكاپقا ئوخشاپتۇ، ئاۋۇ سەمەت دېگەن بەڭگى ھەيدىگەن چاغدا بۇ ماشىنىدا بىر يەرگە بېرىشقىمۇ ئادەم نومۇس قىلاتتى، پەردىلەر يارىشىپتۇ ھە زۇنۇن؟

- ھە، ياخشى بوپتۇ، - دېدى نازىر ماشىنىنىڭ ئىچىگە ھەيرانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ.

مەن ئالدىمدىكى كۆرسەتكۈچ ئەينەكتىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپ سالدىم، نازىر مەمنۇن بولغان قىياپەتتە زەيتۇنگۈلگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

تۇنجى قىلغان ئىشىمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، خوجايىنىمنىڭ رازى بولغانلىقىدىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، خۇدايىم بۇيرىسا تېخى ھۈنىرىمنى كۆرسىتىمەن، ئۇلارنى ئۆيلىگىنىدىن ئوشۇق رازى قىلىمەن، دېدىم ئىچىمدە. چۈنكى ماشىنىنى ھەيدەپ ئادەتلەنگەن ماڭا پىكاپ خۇددى ئويۇنچۇقتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى، رولمۇ شۇنداق سىلىق، سىگنالنىڭ ئاۋازىمۇ قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولمۇ شۇنداق تۈز، ماشىنا يەردە ماڭماستىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، بۇلار ماڭا خۇددى چۈشتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. توۋا، مەن راستىنلا كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى بولۇپ قالدىممۇ؟ تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا كۆتەك ھارۋىدەك قوپال ماشىنىدا توپا - چاڭغا مىلىنىپ ئايغىر بۇلاقنىڭ قاقجىرىغان سېيىدا كېلىۋاتاتتىم، ئىچىمدە مۇشۇ چاڭگالدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ، دېگەنىدىم. قاياققا قارساڭ ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان جىمجىت جەزىرە، قوپقورۇق تاغ، توپا ئېقىپ تۇرىدىغان يول. . . ئويقۇسىزلىق، ھارغىنلىقتىن بېشىڭ گاراڭ بولۇپ ئولتۇرسەن. ماڭا، مەن قاچاندۇر بىر كۈنى مۇشۇ چۆلدە ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، مانا بار - يوقى بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ تۇرمۇش بىلەن مەڭگۈگە

خوشلاشتىم. مانا ھازىر بىر - بىرىدىن چىرايلىق ماشىنىلار بىلەن تولغان كەڭرى كوچىدا كېتىۋاتىمەن، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاسمانغا تاقاشقان بىنالار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈللۈك، بايرامدىكىدەك رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەر. . . كوچىدا كېتىۋاتقانلار ماڭا قىزىقىش، ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. . .

زەيتۇنگۈل بىلەن نازىرنىڭ پارىڭى تاتلىق خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

- ياپونغا كىم چىقىدىغان بولدى؟ - سورىدى زەيتۇنگۈل

- لىيۇ تىڭجاڭ.

- نېمىشقا ئۆزىڭىز چىقمايسىز؟

- ئالدىنقى قېتىم مەن چىقىپ كەلدىم، ئەمدى باشقىلا بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇنده.

- سىززە قالتىس ئەخمەق ئادەمسىزغۇ، باشقىلار بىلەن نېمە كارىڭىز، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى دېسىڭىز تۈگىمىدىمۇ؟ ياخشى ئىش بولسا خەققە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزىڭىز تۆۋەنگە بارىدىغان ئىش بولسا بېرىڭ!

- سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.

- ۋاي - ۋۇي، ھازىر تەسىرىنى كىم سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، سىزلا تەسىرى دەپلا قالىدىكەنسىز، ئاۋۇ سابىر قاسىم ئۆتكەن يىلىلا ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەرنى ئايلىنىپ كەلگەنتى، تۈنۈگۈن بۇھەجەر دېگەن تاز: بىزنىڭ سابىر چاۋشيەنگە كىتكەنتى، دەپ ماختىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئەجەپ ئۇلارغا بىر كىم گەپ قىلمايدىكەن، سىززە سايىڭىزدىن ئۈركۈپلا يۈرۈڭ.

- شۇ چەت ئەلدىمۇ قىزىقتۇدەك نېمە بار. ھازىر تۆۋەندە قىلىدىغان بىر مۇنچە ئىشلار تۇرۇپتۇ. . .

- يامانغا ياغ ياراشماس دېگەن شۇدە، سىزگە يېزا لايىق، - زەيتۇنگۈل ئاچچىقى بىلەن دېمىغىنى قېقىپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئالدىمدىكى ئەينەككە خۇدۇكسىرەپ سەپ سالدىم، زەيتۇنگۈلنىڭ سۈزۈك چىرايى ئۆزگىرىپ - تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئىنچىكە قېشى ئاچچىق بىلەن ھىمىرىلگەن، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىدا ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولغانىدى، نازىر بولسا خۇددى مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىدەك روھسىز، قورۇنۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ پات - پاتلا ئايالىغا ئىندىكىپ قاراپ قوياتتى، نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئۆمىدلىنەلمەيتتى، لېكىن زەيتۇنگۈلنىڭ سۈرلۈك تەلەتىدىن ئەيمەنگەندەك بولۇپ خورسىنىپ قوياتتى، مېنىڭ بۇ ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بۇ زەيتۇنگۈل نازىرنى راستىنلا باشقۇرۇپ قويامدۇ - نېمە؟ توۋا، شۇنداق سالاپەتلىك، سۈرلۈك نازىر ئايالىدىن تەپ تارتسا نېمە بولۇپ كەتكىنى، شەھەر دېگەندە قىزىق ئىشلار بار ئوخشىمامدۇ؟ ئامان بولسام خېلى ئويۇنلارنى كۆرۈپ باققۇدەكمەنده. . .

ئىدارىگە كەلگۈچە ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشمىدى، مەن ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىغا قايرىلاي دېيىشىمگە زەيتۇنگۈل ماڭا:

- بولدى، قورۇغا كىرىپ يۈرمەيلى، زۇنۇنكىڭىز مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالىدۇ، - دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى بۇيرۇقتەك چورتلا چىقتى، مەن قانداق قىلارىمنى بىلمەي تورمۇز قىلدىم، ئىچىمدە نازىرنىڭ چوقۇم ئاچچىقى كەلدى، ماشىنىنى ھەيدە دەيدىغۇ دېسەم، ئۇ ئادەم ئۇلۇغ بىر تىنىپ

قويدى - دە، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مېنىڭ ئېسىمگە شۇ هامان كالوندىكى دېسپېتچىر ئايال كەلدى، شىركەت پارتكوم شۇجىسىنىڭ كېلىنى بولغان بۇ ئايالدىن كالوننىڭ باشلىقلىرىمۇ قورقاتتى، ئۇ شوپۇرلارغا خۇددى مۇشۇ زەيتۇنگۈلدەك بۇيرۇق قىلاتتى، شۇڭا شوپۇرلار دۈيجاڭلارغا قىلمىسا قىلمايتتىكى، بۇ ئايالغا گۆشتىن گۆش، مايدىن ماي تېپىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم دېسەم ئۇنىڭدىن بەتتەررەك دېسپېتچىرگە تۇتۇلۇپ قالدىممۇ نېمە؟

نازىر ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ ئايالدىن سورىدى:

- چۈشكە يېنىپ كېلەرسىلەر - ھە؟

- خاتىرجەم بولۇڭ، كېلىمىز، - زەيتۇنگۈل بىزار بولغان قىياپەتتە قوپال جاۋاب بەردى، - ھەي، ماڭا قاراڭ، ئۆينى رېمونت قىلىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالماي ئىشخانىدىكىلەرگە تاپىلاڭ، چاققانراق قىلىۋەتسۇن!

- ھەي، بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرايلىمىكىن.

- نېمىشقا؟

- ئىدارىنىڭ كەسپىي خىراجىتىگە ئىقتىساد يېتىشمەيۋاتىدۇ...

- بولدى، بولدى، - زەيتۇنگۈل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، - روزى جۇرىن بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي.

نازىر بېشىنى چايقىغىنىچە ئىشىكنى يېپتى ۋە سالاپەت بىلەن دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچەيلەن نازىرنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ يول بېرىشتى.

مەن زەيتۇنگۈلنىڭ نەگە بېرىشىنى سوراي دېگۈچە ئۇ بىلگەندەك:

- شۇيمۇگوغا، - دېدى قىسقىلا قىلىپ، - ئارشاڭغا چۈشۈپ باقاي دەيمەن، سېمونت ئۆيدە سوغۇق ئېلىپ كەتتىمىكىن، كېچىچە پۇتۇم سىرقىراپ چىقىدۇ، - زەيتۇنگۈلنىڭ ئاۋازى ئەمدى مۇلايىملاشتى، - شۇڭا ئۆينىڭ تېگىنى تاختايلىق قىلىۋالايلى، ئىدارىگە دەڭ دېسەم ئۇنىمايدۇ قاراڭ، ۋىيەي، بۇ زۇنۇنكىمىز ئاجايىپ ساددا ئادەم جۇمۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنقىلابقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ھازىر نېمە دېسە قىلىپ بېرىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي بولغانلار ئۆلكە دەرىجىلىك كادىر بولۇپ كەتتى. بۇ ئادەم يەنىلا شۇ نازىرلىقتىن ئۆسەلمەيۋاتىدۇ، كەچكىچە خىزمەت، خىزمەتلا دەيدۇ، بىر قىلىقلىرى ئەخمەق، بىر نېمە دېسىڭىز «تەسىرى يامان بولىدۇ» دەپلا تۇرغان، يىلدا ئىچكىرىلەرگە دەم ئېلىش، ئېكسكۇرسىيىگە سان كەلسە «باشقىلار بارسۇن» دەپ ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ قاراڭ، كىچىك ئوغلۇم تازا قاملاشمىغان بىر ئورۇنغا كىرىپ قالدى، شۇنى ھوقۇقىمىزنىڭ بارىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىدارىسىگە يۆتكەپ ئەكىۋالايلى دەپ يالۋۇرۇپ كەتتىم، بۇ ئادەم بولسا، خەقلەر نېمە دەيدۇ، مەن باشقىلارغا قانداق خىزمەت ئىشلەيمەن، دەپ زادىلا ئۇنىمىدى، كاشكى شۇنداق ئىشلىگىنىگە يۇقىرىدىكىلەر بىر ئېغىز «ياخشى» دەپ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ قويغان بولسا، تېخى ھەدېسىلا بالىغا جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە چېنىقىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ... ۋىيەي، تاس ئېسىمدىن چىقىپ كېتىدىكەن، چۈشتىن كېيىن راخمان تىڭجاڭنىڭ توي چېيىغا ئېيتىپ قويغانتى، بىزنىڭ پەرھاتنى شۇ ئادەم يۆتكەپ ئەكەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مەن زۇنۇنكىمىزغا ئۇختۇرماي ئۆزۈم ماڭدىم. ئۇ يەرگە بېرىپ قويمىسام بولمايدۇ، چۈشتىن كېيىن زۇنۇنكىمىزنى ئىدارىگە ئاپىرىۋېتىپلا ئۆيگە كېلەرسىز جۇمۇ، ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن!

ـ زۇنۇنكام ماشىنا ئىشلىتىمەن دەپ قالماسمۇ؟

ـ ئۆزىڭىز بىر ئامالىنى قىلىسىزدە، ـ زەيتۇنگۈل قاش ـ قاپىقىنى ئۈيىنتىپ تۇرۇپ دېدى،ـ لېكىن مېنى ئىشلىتىمەن دېدى دېمەڭ جۇمۇ، تۇرۇپلا تەتۈرلۈكى تۇتۇپ قالىدىغان ئادەم ئۇ. شوپۇر دېگەننىڭ باھانىسى جىققۇ، ماي قاچىلاپ كېلەي دەمسىز، ياكى ماشىنىنىڭ بىرەر يېرىنى ئوڭشايتتىم دەمسىز، بىر نېمە دېمەمسىز؟... ھە راست، كەچتە ئۆيۈڭغا بارىدىغان ئىش بار، سىزگىمۇ بىلەت بەرگەندۇ؟

ـ ياق.

ـ ياق دەيسىزغۇ؟ چۈشتىن كېيىن روزى جورىندىن سۈرۈشتۈرۈڭ، تۈركىمىنىڭ ئۆيۈنى دەيدۇ، زۇنۇنكىڭىز بارمايدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق ئويۇن ـ تاماشا بىلەن خۇشى يوق... بۇندىن كېيىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، زۇنۇنكىڭىزنى تەكلىپ قىلغان يەرگە سىزگىمۇ بېلەت بېرىدۇ، زىياپەتلەرگىمۇ كىرىسىز... يەنە تارتىنىپ يۈرمەڭ جۇمۇ!

ـ ماقۇل.

مەن بۈگۈن خېلى ئىشلارنى ئۇقۇۋالدىم، مەن نازىرنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىدىم دېگىنىم بىلەن ھەقىقىي خوجايىنىم مۇشۇ زەيتۇنگۈلدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ كېپىنى نازىرمۇ، گىشخاننىڭ مۇدىرىمۇ يىرالمايدىكەن.

ـ ئۇ ئايال بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ، ـ دېدى روزى جورىن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ـ بالا خوتۇن، شۇڭلاشقىمۇ نازىرنىڭ نەچچە شوپۇرى ئالمىشىپ بولدى، بۇ ئايالغا ھەدەپ قويىسىڭىزلا بولدى...

توۋا، بۇ ئايالنىڭ نېمە خىسلىتى باردۇ؟ شۇنداق سۈرى بار، ھوقۇق دېسە ھوقۇقىمۇ بار كىشى ئاشۇ ئۆي خوتۇندىن قورققىنى قىزىق، ياكى بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇقى بارمىدۇ؟ لېكىن نېمە بولمىسۇن زەيتۇنگۈل مېنىڭ بۇ ئىدارىگە يۆتكىلىشىمگە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ، ھە دەپ قويمايمەنمۇ؟ ماڭا كىم خوجايىن بولسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەيتۇنگۈلنىڭ ئىشى ھەر كۈنى چىقىۋەرمەس...

بۈگۈن كەچ سائەت 11 لەر بىلەن ئۆيگە قايتتىم، چىمەن بىلەن باللار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قاپتۇ.

ـ ئەجەپ كەچ قالدىڭىزغۇ؟ ـ چىمەن ئويغىنىپ توردى، ـ قورسىقىڭىز ئاچتۇ، تاماقىڭىزنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويغانىدىم، ئىسسىتىپ بېرەيمۇ؟

راستىنى ئېيتسام قورسىقىمنىڭ ئاچ ياكى توقلۇقىنى بىلەلمىدىم، كۆڭلۇم ھېچنەرسىنى تارتمايدۇ، ھارغىنلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۆزگە ـ ئۆزگىلىرىم بوشىشىپ، يېتىۋالغۇملا كېلەتتى.

ـ ياق، بولدى، ـ دېدىم مەن بويىنۇمنى قىسىپ كەتكەن گالستۇكنى ئاچچىقىم بىلەن يېشىۋېتىپ،ـ قورسىقىم توق.

بۈگۈن مۇشۇ گالستۇكقىمۇ ئۆچ بولدۇم، گېلىمنى سىقىپ تىنىقمۇزمىدى، گويا بويىنۇمدا بىر سىرتماق تۇرغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. مەن بۇرۇندىنلا بۇ بىر نېمىنى تاقاشقا ئۆچ ئىدىم، بۇمۇ چىمەننىڭ زورى بىلەن بولدى، لېكىن بۇ زەيتۇنگۈلگە ياراپ كەتتى:

— ياﺋاللا، زۇنۇننىڭ شوپۇردىن پەقەتلا تەلىيى كەلمىگەنتى، ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك شوپۇرغا ئېرىشكەن ئوخشايمىز، شوپۇر بولسىمۇ ئادەمدەك رەتلىك يۈرۈشى كېرەكتە، ھېلىقى سەمەت دېگەن بەڭگىنى پاكىزلىقتا ئۆگىتەلمەيلا كەتتىم، جوۋازچىدەك يۈرگىنى يۈرگەن، يېنىغا كەلسىڭىز ئېچىغان تېرە پۇرايدۇ. . . نازىرنىڭ شوپۇرى بولغاندىكىن شۇنىڭغا لايىق يۈرمەمدۇ، ئوقۇمىغان بىلمىسىز ئادەمگە مىلىق قىلغان بىلەن يەنە بولارى شۇ ئىكەن. . . ئايالىڭىزنىڭ دىتى بار جۇمۇ، ھەقاچان سىزنى شۇ ياسىدىغۇ دەيمەن. . .

يەنە شۇ چىمەن، چىمەن بولمىسا كۈن كۆرەلمەيمەنمۇ، بۇلار مېنى باشقىلاردەك قارا قورساق، ماي چاپان دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، بۇلارنىڭ نەزەرىدە ھەممە شوپۇر ئوخشاشلا بولسا كېرەك، توختاپ تۇرۇش، شۇ دېگىنىڭلارغا مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام. . .

چىمەن بولسا مېنىڭ يېڭى خىزمىتىمدىن رازى بولغان - بولمىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا خاۋاتىرلەنگەن، ئوڭايسىزلانغان بىر ھالەتتە قاراپ قويىدى، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ئىدى، ئايال خەق دېگەن تولىمۇ تۇيغۇن بولىدۇ، مەن چاندۇرماسلىقتا سېلىپ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتتىم، بىچارە چىمەن، ئۇ مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتۈپ قانچىلىق جەبرى - جاپانى تارتتى، بىز ئەمدى دائىم بىللە، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپ قەرزدارمەن، بۇنى ئەمدى قايتۇرۇشۇم كېرەك، مەيلى قانچىلىك ئىش بولسىمۇ چىدايمەن، بىز ئەمدى كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزىمىز.

3

يېڭى ئىدارىدە ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، باشتا ماڭا يېڭى، غەلىتە تۇيۇلغان ئىشلارغىمۇ كۆنۈكۈپ قالدىم. ئىنسان دېگەن شۇنداق ئىكەن، دەسلەپ كۆرگەندە ھەممە نەرسە شۇنداق قىزىقارلىق، گۈزەل كۆرۈنىدىكەن ئادەمگە، كۈنلەر ئۆتۈپ، كۆرۈۋېرگەنسېرى باشتا گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرمۇ ئادەتتىكىچە بىلىنىپ، ۋاي، شۇنچىلىق ئىكەنغۇ، دەپ زېرىكىشكە باشلايدىكەن. شۇڭا قارىغاندا ئادەمنىڭ تەبىئىتى قانائەتسىز بولسا كېرەك.

مېنىڭ خىزمىتىم بىر خىللا ئىدى، ئەتىگىنى سائەت سەككىزگە ئونبەش مىنۇت قالغاندا يولغا چىقىشىم كېرەك، شۇ ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ماشىنىنى سۈرتۈپ تازىلايمەن، ئاندىن چىمەننىڭ ئۆگىتىشلىرى، جىملەشلىرى ئىچىدە ياسىنىپ - جابدۇنىمەن.

— كۆڭلىكىڭىزگە دەزمال سېلىپ قويغان، يەڭگۈشلىۋېلىڭ، — دەيتتى ئۇ كۈن ئارىلاپ، — گالىستۇكتىن يەنە بىر - ئىككىنى ئالسىڭىز بولغۇدەك، ماگىزىنلارغا قارىغاچ كېلىڭ. . .

مەن باشقىسىغىمۇ كۆندۈم، مۇشۇ گالىستۇك تاقاشقا زادىلا ئادەتلىنەلمىدىم، ئۇ خۇددى گېلىمغا سېلىنغان سىرتماقتەكلا، قاچاندۇر بىر كۈنى شۇنىڭغا بوغۇلۇپلا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر نېمە پۇلاڭشىپ، ئىش قىلسام پەقەتلا قولاشمايتتى. لېكىن چىمەن شۇنىڭ بىلەنلا قالاتتى:

— زەيتۇنگۈلدەم سىزنى بەك پاكىز، رەتلىك ئىكەن، دەپ رازى بوپتۇ. دۇكانغا ھەر كەلسە بىر ماختايدۇ. ئەمدى قاتناشتىكى يۈرۈشلىرىڭىزنى دوراپ قويماڭ جۇمۇ!

نېمە دەيتتىم، زەيتۇنگۈل بىلەن چىمەن خۇش بولىدىغانلا بولسا مەيلى، بەلكىم ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالارمەن، دېمىسىمۇ شەھەردىكى كىچىك ماشىنا شوپۇرلىرىنىڭ تولىسى قىز بالىدەك

ياسىنىشىپ يورۇيدىكەن، بەزىدە قايىسى شوپۇر، قايىسى باشلىق ئايرىۋالغىلىمۇ بولماي قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەتىگىنى قىزىم بىلەن ئەينەك تالىشىپ تورۇپ ياسىنىمەن، ئاندىن چاينى چالا - بۇلا ئىچىمەندە چىمەننى ماشىنىچىخانىغا ئاپىرىۋېتىپ، نازىرنىڭ ئۆيىگە چاپىمەن، كىچىك ماشىنا ھەيدىگەندىن بۇيان چىمەنگە يەتكۈزگەن پايدام شۇ بولدى. چىمەن بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇشال ئىدى. مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ قويىمەن، ئالدىدىكى ئورۇندا ئۇنىڭ قولاشمىغان بىر قىياپەتتە كېرىلىپ، ماشىنا ئىشىكىنىڭ ئەينىكىدىن بويۇنداپ پات - پات كوچىغاقاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. ئۇ شۇ تاپتا بىرەر دوستلىرى ياكى تونۇشلىرىنىڭ ئۇنى كۆرۈشىنى، ئۆزىنىڭ پىكاپتا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن ئىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئۇ ئادەملەر بۇ قىسىم - قىسىم ماشىنىلارنىڭ قايسىبىرىگە زەن قويىدۇ، بىر قېتىم تۆت كوچىدىكى قىزىل چىراغنىڭ ئالدىدىلا تۇراتتىم، يولدىن توغرا كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكان ماشىنىغا قاراپ چىمەننى كۆرۈپ قالدى ۋە ھەيران بولغاندەك تېــگىرقىغان ھالدا بىر ماشىنىغا، بىر ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويدى، چىمەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئــۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئۇ بەلكىم ئىشكىتىن بېشىنى چىقارماقچى بولغانىدى، ئاڭغىچە يېشىل چىراغ يېقىلىپ قالدى - دە، بىز مېڭىپ كەتتۇق.

- بىزنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىبادەت، - دېدى چىمەن ھاياجاندىن يايرىغان ھالدا ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ.

مەن چىمەنگە قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى، بەلكىم ئۇ ئىبادەتنىڭ بۇ يېڭىلىقنى زاۋۇتتىكىلەرگە قانداق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ ھەۋەس، قىزغىنىش بىلەن قىلىشىدىغان گەپلىرىنى پەرەز قىلىۋاتسا كېرەك، ھەي ئاياللار، ئاياللار، سىلە نېمانچە ساددا، ئــەخــمــەق خــەقــىــلــەر، بــەزىدە سىلەرنىڭ قىلىقىڭلارغا قاراپ ئادەمنىڭ بوغۇلۇۋالغۇسى كېلىدۇ، زەيتۇنگۈلنىڭ قىلىۋاتقىنى ئاۋۇ، زۇنۇن نازىردەك ئابرۇيلۇق ئادەمنى ئىنسابسىزلىق بىلەن بوزەك قىلىپ يورۇيدۇ، بۇنى ئۆزىگە ئابروي چاغلىسا كېرەك، ئۇنىڭغۇ بوپتۇ، دېسەم، بىزنىڭ چىمەنمۇ قەدەمدە بىر ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ، تېخى ئەتە - ئۆگۈن قانداق ھۈنەرلەر چىقىدۇ؟ بۇ خەقنىڭ تەبىئىتى شۇنداقمۇ ياكى شەھەر ئاياللىرىنىڭ خۇيى شۇنداقمۇ؟

ئىدارىدىكى شوپۇرلار ئادەتتە ئەتىگىنى باشلىقلارنى ئىدارىگە ئەكىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشىكىگە «شوپۇرلار بۆلۈمى» دېگەن خەت چاپلانغان چوڭ بىر ئىشخانىغا يىغىلاتتۇق. بۇ ئــۆيگە تولدۇرۇپ سافا قويۇلغان بولۇپ، پەقەت دېرىزە ئالدىدىلا ماشىنا بەلگىلىگۈچى ئادەمنىڭ كونا بىر ئۈستىلى بار ئىدى، بۇ ئۈستەل كۆپىنچە قارتا، شاھمات ئوينايدىغان يەربولۇپ خىزمەت قىلاتتى. ناۋادا باشقىلارنىڭ سىرتقا چىقىدىغان ئىشى بولمىسا بىز كۈننى شۇ بۆلۈمدە قارتا ئويناش، پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق، مەن يېقىندىن بۇيان شۇنى ھېس قىلدىمكى، شوپۇرلارنىڭ بۇ ئۆيىنى ئۇچۇر مەركىزى دېسە توغرا بولىدىكەن، ئىدارىدە بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغان يېڭىلىقلار، شەھەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر، ھەتتا قايسى نازارەت، ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قانداق ئالماشقانلىقى، توي - تۆكۈن، نــەزىــر - چىــراغ، زىياپەتلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى. . . قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئۆيدە شوپۇرلارنىڭ ئاغزىدىن تارقىلاتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئىدارىلەرنىڭ ھەقىقىي باشلىقلىرى مۇشۇ شوپۇرلار ئىكەن دەپ قالىدۇ كىشى. مېنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى

مۇرات دېگەن ياش شوپۇر ئىدى. ئىدارىدىكىلەر مۇرات ماشىكا دەپ ئاتايدىغان بۇ يىگىت مۇئاۋىن نازىر، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ تىڭجاڭنىڭ «سانتانا» ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى. ئۇ ئادەتتە ئەتىگىنى باشلىقنى ئەكىلىپ بولۇپلا «شوپۇرلار ئىشخانىسى» غا كىرمەستىن ئەكسىچە بۆلۈملەرنى بىر قېتىم ئارىلاپ چىقاتتى، ئاندىن قاياقتىدۇر يوقاپ كېتىپ چۈشكە يېقىنلا پەيدا بولاتتى. باشقا شوپۇرلارنىڭ دېيىشىچە ياش بولۇشىغا قارىماي مۇراتنىڭ يولى بارمىش، ھەممە يەرلەردە تونۇش - بىلىشى بارمىش. بىر قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر ئىشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە بىز ئىشخانىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇراتتۇق، روزى جۇرىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى:

- مۇرات بارمۇسىز؟ - دېدى ئۇ ھولۇقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى، - سىزنىڭ ئايروپىلان بېلىتى ساتىدىغان يەر بىلەن تونۇشلۇقىڭىز باردۇ؟

- نېمە ئىش؟ - مۇرات پەرۋاسىزلا سورىدى.

- ئا تىڭجاڭ شاڭخەيگە يىغىنغا بارماقچى ئىدى، يىغىن ئەتە باشلىنىدىكەن، ئايروپىلان بېلىتى ئالغىلى بولمىدى.

- بىرلا بېلەتمۇ؟

- ھەئە.

- قېنى، مەن بېرىپ باقاي، - مۇرات ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى، - ئەمما ليۇ شۇجى ماشىنا لازىم دەپ قالسا ئۇزىڭىز بىر نېمە دەرسىز جۇمۇ.

- بولدى، ليۇ شۇجىغا مەن جاۋاب قىلىمەن.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەي مۇرات قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئايروپىلان بېلىتى تۇراتتى، روزى جۇرىن خۇشاللىقىدىن ئۇنى بىر ھازا ماختاپ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويدى. كېيىنچە ئۇقتۇمكى، ليۇ شۇجىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن ئۇنى ئۆزىگە مەخسۇس شوپۇر قىلغانىكەن، شوپۇرلار ئۇ يوق چاغدا كەينىدىن ئۇلگۇدەك تىللايتتى، لېكىن ئالدىدا ھەممىسىلا ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلاتتى.

بۈگۈن مەن «شوپۇرلار ئىشخانىسى» غا كىرىپ يېڭى گېزىتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، مۇرات كىرىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

- زۇنۇنكامنى سىياسىي كېڭەشكە چاڭۋۇي قىپتۇ - ھە؟ - دېدى ئۇ يانچۇقىدىن ئالىي دەرىجىلىك سىگارتنى ئېلىپ تۇرۇپ. ئۇ تاماكىدىن بىر تالنى ماڭا تۇتتى. مەن ئۇنىڭ داۋاملىق ئالىي دەرىجىلىك تاماكا چېكىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئېسىمگە باشقىلارنىڭ مۇرات يىغىن، زىياپەتلەردە قويۇلغان تاماكىلارنى يىغىپ يانچۇقىغا سالىدۇ دېگەن گەپلىرى كەلدى.

- تاڭەي، - دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، - ئۆزى ئۇنداق گەپنى قىلمىدىغۇ؟

- ليۇ شۇجىغا تەشكىلات بۆلۈمىدىن ئۇقتۇرۇپتۇ، قارىغاندا بۇ ئادەمنى نازىرلىقتىن قالدۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

مېنىڭ يۈرىكىم جىغغىدىلا قىلىپ قالدى.

- بۇ زۇنۇنكامىمۇ قىزىق ئادەمدە، - ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - سىزمۇ بۇ كەمگىچە ئۇ ئادەمنى خېلى چۈشىنىپ قالغانسىز، ئۆزىغۇ ياخشى ئادەم، لېكىن ھەددىدىن تاشقىرى

پرىنسىپچى، شۇنداقمۇ؟ بولمىسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا تۆەنجالىك بولغان ئادەم تېخىچىلا نازىرلىقتىن ئۆتەلمەي يۈرەمدۇ، مەن قارىسام بۇ ئادەم ھازىرقى ۋەزىيەتنى تازا چۈشەنمەيدىكەن، كاللىسى تېخىچىلا 50 - يىللاردا پىرقىراپ يۈرىدۇ، ئەگەر بىلسە ئۇ ئادەمنىڭ جاھاننى كۆرۈپ، يەپ - ئىچىپ ئوينايدىغان ۋاقتى، ئەمەل دېگەن ھېچكىمگە باقىۋەندە ئەمەس، پارتىيە شۇنچىۋالا ھوقۇقنى بەرگەندىن كېيىن ئۇنى بولۇشىغا پايدىلانماسمەن. ئۆتكەندە ئىدارىگە ياپونىيىگە چىقىدىغان سان كەلسە ئۇنى ليۇ شۇجىغا بېرىۋەتتى، شياڭگاڭغا ئاتىڭجاڭنى ئەۋەتتى، ئۆزى ئىدارىنى بېسىپ ئولتۇرغان، خۇددى ئۆزى بولمىسا ئىدارە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، مەن زۇنۇنكامنىڭ ئورنىدا بولىدىغان بولسام چەت ئەلگە چىقىدىغان پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەيتتىم، ھازىر دېگەن قىلىۋالغاننىڭ، بولمىسا ئەتە - ئۆگۈن ۋاي ئىست، دەيدىغان گەپ. . .

- ئۇنداقتا زۇنۇنكام پېنسىيىگە چىققان بولامدۇ؟ - مەن ئېھتىيات بىلەن سورىدىم.

- بۇ دېگەن بىرىنچى قەدىمى دەڭە، ھازىر ھۆكۈمەتمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتى، زۇنۇنكام نېمىلا بولمىسۇن كونا ئىنقىلابچى، بۇنداقلارنى بىر بولسا خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى بولمىسا خۇدايىم بەرگەن سىياسىي كېڭەشكە ئەكىرىپ قويىدۇ، شۇ. سىياسىي كېڭەش دېگەن يىلدا بىر-ئەر قېتىم يىغىن ئېچىپلا قويىدىغان يەر، باشقا چاغدا ئۆيىدە بىكار ياتىدىغان گەپ. ھېسابتا پېنسىيىدىن تولا پەرقى يوق.

مېنىڭ كاللامغا ئەمدى كىمنىڭ قولىغا قالارمەن، دېگەن ئەندىشە كىرىۋالدى.

- ئۇنىڭ ئورنىغا كىم نازىر بولغۇدەك؟ - مەن ئۆزۈمگە پەرۋاسىزلىق تۈس بېرىپ سورىدىم.

- ھازىرچە تېخى ئېنىق ئەمەس، بۇ شەپىنى ئاڭلاپ ھازىر ئىدارىنىڭ ئىچىدە قىيامەت بولۇۋاتىدۇ، سىزمۇ كۆرۈۋاتمىدىغانسىز؟

- ياق. . . - مەن راست گېپىمنى قىلدىم.

مۇرات ماڭا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى.

- ھازىر ئاتىڭجاڭ بىلەن سادىر چۇجاڭ بەس - بەس بىلەن چوڭلارنى ئۆيىگە چاقىرىۋاتىدۇ، - دېدى ئۇ بېشى بىلەن يۇقىرىنى كۆرسىتىپ، - تېخى ئاخشاملا ئاتىڭجاڭنى بىر شۇجىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كەلدىم.

- ئۇنداقتا ئابدۇراخمانكام باش نازىر بولۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

- ھەي، قانداق بولاركىن، ئىقتىدارنى سۈرۈشتۈرسىغۇ شۇ ئادەم بولسا بولىدۇ، لېكىن ئاڭلىشىمچە ئۇ ئادەمنى چوڭلار ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا سادىر چۇجاڭنىڭ ئارقا تىرىكى خېلى چىڭ. ئۆتكەندە چوڭ بىر باشلىقنىڭ ئوغلىنىڭ تويىدا قارىسام پۈتۈن مەرىكىنى شۇ باشقۇرۇۋېتىپتۇ، ئۆزىمۇ ئېپى بار ئادەم. . . - مۇرات سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، - تاس ئېسىمدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ليۇ شۇجى قۇشخانىدىن ئوبدانراق گۆش ئېلىپ بەرسەڭ دېۋىدى، مەن غاچچىدە شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي.

- قاسساپتىنمۇ تونۇشلىرىڭىز بار ئوخشايدۇ - دە، - مەن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدىم.

- ئاز - تولا دەڭە، قانداق، گۆش لازىممىدى؟

- ياق، ھازىر لازىمى يوق.

- ئالدىغان چاغدا ھايتلا دەڭ، ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىش دەيسىز.

مۇرات چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىمچە ئويغا پاتتىم. ئۇنىڭ باياتىن دېگەن گەپلىرى كاللامنى ئىلەشتۇرۇۋېلىۋەتتى. بۇ ئالىقاپ راست دەۋاتامدىغاندۇ؟ ھېلىمۇ بۇ مۇرات باشلانغۇچنىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغانكەن، ئەگەر ئۇ كۆپرەك ئوقۇپ قالغان بولسا ئىش بار ئىكەندە... ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن بىر ئەخمەق ئىكەنمەن. نازىر بىلەن زەيتۇنگۈل قەيەرگە ئاپار دېسە ماقۇل دەپ شۇلارنى توشۇش بىلەنلا يۈرۈپتىمەن، ناۋادا مۇراتنىڭ دېگىنىدەك زۇنۇنكام نازىرلىقتىن چۈشۈپ كەتسە مەن قانداق قىلارمەن. يېڭى كەلگەن نازىر مېنى ئىشلەتمەي قويسىچۇ؟ شۇ تاپتىمۇ مېنى ئون نەچچە شوپۇرغا گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ قويغىنىغا نەچچىسى چىشىنى بىلەپ يۈرۈيدۇ، ھەتتا كەينىمدىن: بۇ ئاداش نازىرنىڭ كېلىدىن تازا ئىلغان ئىكەن، ئاڭلىساق ئېكسپورت گىلىمىدىن ئىككىنى بېرىپ يۆتكىلىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى قىلىشىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ناۋادا زۇنۇنكام ئەمەلدىن ئايرىلسا بۇلار مېنى پېتەك قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ...

مەن چۈشتە كېتىۋېتىپ زۇنۇنكامنىڭ كەيپىياتىغا زەن سېلىپ باقتىم. ياق، ئۇ ئادەمدە بىرەر ئۆزگىرىش بولىدىغاننىڭ شەپىسى يوق، بۇرۇنقىدەكلا خاتىرجەم، سۇرلۇك ھالەتتە ئىدى. خىزمەتكە تېخىمۇ بەك كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئىدارىدە ئۇ كونا ۋە سالاھىيىتى چوڭ بولغاچقىمۇ، چوڭدىن تارتىپ كىچىككىچە ھەممىيلەن ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى، ئۇ ئىدارىگە پەيدا بولغان ھامان بىنانىڭ ئىچىنى بىر خىل سۇرلۇك جىمجىتلىق قاپلايتتى. ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىشنى نېرى - بېرى قىلالمايتتى، بۈگۈن يۈز بەرگەن بىر ئىشنى كۆرۈپ، بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىدىن چۆچۈدۈم. مەن ھۆججەتلەرگە قول قويغۇزاي دەپ روزى جۇرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇراتتىم، ئىشخانىغا زۇنۇنكام كىرىپ كەلدى، تۇرقىدىن ئۇ نېمىگىدۇر خاپا كۆرۈنەتتى، روزى جۇرىن ئۇنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

- روزى جۇرىن! - دېدى نازىر ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، - لايىھىلەش باشقارمىسىدىكىلەر ھېلىقى 50 مىڭ يۈەننى تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق دەيدىغۇ، بۇ قانداق گەپ؟

روزى جۇرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

- زۇنۇنكا، - دېدى ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا، - ئۇ پۇل...

- پۇل زادى كەلدىمۇ - يوق؟

- كەلگەنتى.

- ئەمىسە پۇل قېنى؟

- بۇ ئىش مۇنداق ئىدى زۇنۇنكا... كىچىك ماشىنىدىن ئىككىسىنى رېمونتقا بەرگەنتۇق ئەمەسمۇ، شۇنىڭ رېمونت ھەققىگە پەقەت پۇل ئاجرىتالمىدۇق، شۇڭا...

- پۇلنى ماشىنا رېمونت قىلىشقا بەردىڭلارمۇ؟

- ليۇ شۇجى قوشۇلغانتى...

زۇنۇنكامنىڭ قاپىقى سېلىنىپ، چىرايى قارىداشقا باشلىدى.

-روزى جۇرىن، بۇنى بىزگە ماشىنا رېمونت قىلىڭلار، دەپ بەرگەنمىدى؟

- ياق...

ئۇيغۇر كىتاپ ئارخىپى
www.uyghurkitap.com



ـ سىز پرىنسىپ دېگەننى بىلەمسىز؟ـ نازىر غەزەپ بىلەن روزى جورىنىغا ۋارقىرىدى، ـ هازىر ماشىنا مۇھىممۇ ياكى كەسپىي خىزمەت مۇھىممۇ؟ بۇ پۇلنى بىز قانچە تەستە ھەل قىلغان. ھە؟ ماشىنا بۇزۇق بولسا بىر نەچچە ۋاقىت ماڭمىسا نىمە بوپتۇ، قالغان ماشىنىلارمۇ يېتىشىدىغۇ؟ سىز بۇ ئىشنى نېمىشقا ۋاقتىدا ماڭا دوكلات قىلمايسىز؟

ـ سىز يىغىنغا كەتكەنتىڭىز.

ـ ئۇيگە تېلېفون بېرىشنى بىلمەمسىز؟

ـ ئەيىب مەندە. . .

ـ ياكى سىزمۇ مېنى ئەتە ـ ئۆگۈن ئەمەلدىن قالىدۇ، دەپ كۆزىڭىزگە ئىلماي ۋاتامسىز ـ يا؟ مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن تېخى ماۋۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى، ھېچكىم مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىۋەتكىنى يوق، بۇ ئىدارىدە بولىدىكەنمەن، بۇنداق چۈشىنىكسىز ئىشلارغا يول قويۇلمايدۇ، ـ نازىر ئۈستەلنى غەزەپ بىلەن ئۇردى، ـ سىز ھازىرلا بېرىپ پۇلنى ياندۇرۇپ كېلىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ـ ئۇقتۇم، ـ دېدى چىرايىدا قان قالمىغان روزى جورىن.

مەن ئىدارىگە كېلىپ ھازىرغىچە زۇنۇنكامنى بۇنداق چېچىلغان ھالدا كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، كالپۇكى كۆكىرىپ كەتتى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، مەن ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

ـ زۇنۇنكا، بولدى، خاپا بولماڭ.

راستىمنى ئېيتسام، نازىرغا قاراپ مەن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنداق بولۇشى، زەيتۇنگۇل ماڭا: «زۇنۇنكىڭىزنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، سەللا خاپا بولسا تۇتىدۇ، سىز تولاراق كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرۈڭ» دەپ تاپىلىغانىدى. ھازىرقى تۇرقىدا ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. نازىر ئۆزىمۇ سەزدىمۇ، باشقا گەپ قىلماستىن ئىشخانىدىن چىقتى ۋە ئىشخانىسى تەرەپكە قايرىلىۋېتىپ تورۇپ قالدى.

ـ سائەت نەچچە بولدى؟ ـ سورىدى ئۇ مەندىن.

ـ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ، ـ دېدىممەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ چۆچىگەن ھالدا. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن تۆۋەنگە ماڭدى. ئۇ ماشىنىغا تەستە چىقتى ۋە تۆش يانچۇقىدىن ئايرىمايدىغان دورىسىنى ئېلىپ، تىترەپ تورغان قوللىرى بىلەن بىر تالنى تىلىنىڭ ئاستىغا باستى. مەن ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ توردۇم. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلىغان ھالدا بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. ئاردىن ئون مىنۇتلا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا قولى بىلەن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى.

ـ دوختۇرغا بېرىپ باقامسىز ـ يا؟ ـ مەن خاۋاتىرلەنگەن ھالدا سورىدىم.

ـ ياق، ـ دېدى ئۇ ئاستا ئاۋازدا، ـ ئۆيگە كېتەيلى.

مەن ماشىننى ئاستا ھەيدەشكە تىرىشتىم، پات ـ پات ئالدىمدىكى ئەينەكتىن نازىرغا قاراپ قوياتتىم. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى، چىرايىدىن قانداقتۇر بىر مىسكىنلىك، روھسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، تورۇپ ـ تورۇپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئىدارىدە ئۆز گېپىنىڭ ئاقمايۋاتقانلىقىغا ھەسرەتلىنىۋاتامدىغاندۇ ياكى ئۆزىنىڭ

قېرىپ، ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقىغا مەيۈسلىنىۋاتامدىغاندۇ ۋە ياكى ئەمەلدىن قالدىغانلىقىنىڭ شەپىسىنى ئۇقۇپ قالغانمىدۇ؟...

مېنىڭ بۇ ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۆيىگە بارسا زەيتۇنگۈلنىڭ تاپا - تەنىسى، تۆگمەس كوتۇلداشلىرى، ئىدارىگە كەلسە ھەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان باش ئاغرىقى ئىشلار... باشلىق بولماقمۇ بىر ھېسابتا تەس ئىش ئىكەن. بولۇپمۇ ھازىر كىشىلەر باش - باشتاق بولۇپ كەتتى، سىياسەتتىن قورقمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا پۇلنىڭلا گېپى، گېلىغا تىقىپ تۇرساڭ سەن ياخشى، بولمىسا سېنى كەينىڭدىن بولۇشىچە غاجاپ تىللايدۇ، زۇنۇنكامنىڭمۇ ئالدىدا دېيەلمىگىنى بىلەن ئارقىسىدىن نى گەپلەرنى قىلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنى: «مۇتەئەسسىپ، سولچى»، «ئىسلاھات روھى يوق، كاللىسى قېتىپ قالغان»... دېسە، يەنە بەزىلەر: «خىزمەتكە ئەستايىدىل، شەخسىيەتچى ئەمەس» دەپ ماختىشىدۇ. كىملەرنىڭ توغرا، كىملەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئۇقالمىدىم... ۋاي - ۋۇي، ماڭا باش قاتۇرۇپ نېمە قويىدى؟ مەن دېگەن بىر ھارۋىكەش، ھۆكۈمەت قانداق قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ، لېكىن مەن ئەمدى كىمنىڭ قولىغا قالارمەن...

4

مۇراتنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي زۇنۇنكامنىڭ سىياسىي كېڭەشكە دائىمىي ھەيئەت بولۇپ بېكىتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا تېخى بىرىنى بېكىتمىگەن ئىدى. شۇ خەۋەر تەسىر قىلدىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى. مېنىڭ ۋەزىپەم كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئۇ ئادەمگە تاماق توشۇش بولدى. زەيتۇنگۈل كۈنىگە بىرەر قېتىم، بەزىدە كۈن ئارىلاپ بېرىپ قارايتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نازىرنىڭ يېنىدا مەن بولاتتىم.

زۇنۇنكامنى يوقلايدىغانلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى، تولاراق نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى، ئىنقىلابتا بىللە بولغان سەپداشلىرى ئىدى. ئۇلار ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭ قىلىپ ئولتۇراتتى، بىر - بىرىگە دەردلىرىنى تۆكۈشەتتى. مەن ئۇلارنىڭ نېمىگىدۇر نارازى بولۇپ قايناپ كېتىدىغانلىقلىرىغا ھەيران بولاتتىم. بىر كۈنى ئەمدى تاماقنى ئەكىرىپ تۇراتتىم، كېسەلخانىغا ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

- كەل، كەل سابىر، - دېدى زۇنۇنكام ئۇنى كۆرۈپ خۇش خۇيلۇق بىلەن، - بارمۇسەن؟

- نېمە بولدۇڭ ئاداش، - گەۋدىلىك ئادەم قولىدىكى مېۋە قاچىلانغان سۇلياۋ سومكىنى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ سورىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆز بەستىگە لايىق يوغان ئىدى، - تېرىلغۇنىڭ تازا ئالدىراش چېغىدا يېتىۋالغىنىڭنى قارا، بۇ گەپچە قىشتىن ياخشى چىقالماپسەندە؟

زۇنۇنكاممۇ ئۇنىڭغا دەرھال چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

- بىز سىلەردەك ئايلاپ بىر نېمە يېمەي يۈرۈشكە چىدىمايدىكەنمىز.

- ھە قاچان ئىگەڭگە ئالىيىپ قويغانسەن، شۇڭا قىشتىن تۈزۈك بىر نېمە بەرمەپتۇ - دە.

- ساڭا ئوخشاش چوڭ دېسە يېتىپ، ماڭ دېسە ئاچ قورساق چۆلمۇ چۆل كېتىۋەرمەيمىزدە.

- شۇڭا نەپ بەرمىدى، دەپ بۇ قوتانغا سولاپ قويىدى دېگىنە، - بەستلىك ئادەم ئۆيىنى تىترەتكۈدەك كۈلدى.

ناۋادا سېستىرا ئايال ئىشىكتە پەيدا بولمىغان بولسا بۇلارنىڭ چاقچىقى قاچانغىچە داۋاملىشار

www.uyghurkitap.com

بولغىيتتىكىن، سىبىترا ئەيىبلىگەن قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

- نەچچە ۋاقىتتىن پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە كەتكەنىدىم، - دېدى گەۋدىلىك ئادەم سافاغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، - تۈنۈگۈن يېنىپ كەلدىم. سىنىڭ يېتىپ قالغىنىڭنى ئاخشام تۇردىيوفتىن ئاڭلىدىم.

- نېمىنى ئۆگەندىڭلار؟

- قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندۇق. تونۇشنى توغرىلايدىغان گەپ ئىكەن، - ئۇ شىلەپىسىنى ئېلىپ چېچى چۈشۈپ ئەينەكتەك پارقىراپ كەتكەن بېشىنى سىيلاپ قويدى، - بىزنىڭ كاللىلار ئەمدى يارىماي قېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، كاللىنى يەڭگۈشلەڭلارلا دەيدۇ، بۇنداق قىلىپ ئاۋارە قىلغىچە ئورنىنى بىكار قىل دېسىلا بولمىدىمۇ؟

- نېمە، خىزمەتتىن زېرىككەن ئوخشىمامسەن؟

- زېرىكمەيچۇ، - ئۇ قولىنى ئاچچىق بىلەن شىلتىدى، - ھازىر قىلغان ئىشىڭدىن ھەتتا ئۆيۈڭدىكى بالا - چاقاڭمۇ رازى بولمىسا، بىر نېمە دېسەڭ «سىلەر دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى گەپنى قىلىسىلەر» دەيدۇ، نېمە دەيسەن ئۇلارغا... مانا سەن بىلەن بىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق، ئازادلىق دەپ قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق، كېيىن يەر ئىسلاھاتى، ئۈچكەقارشى، بەشكە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇق، ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەشتە ئاكتىپ بولدۇق. مەيدانىمىز مۇستەھكەم بولدى، ئۇ چاغلاردا بۇ كاللىمىز تازا يارىغان ئىدى، ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ كاللىلار يارىماس بولۇپ قالدى، لازىممۇ قالمىدى، ئەكسىچە دۆلەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىۋاتقان بەزى ھارامزادىلەر ئىسلاھاتچى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم ئۆگىنىشتە مۇشۇلارنى دېدىم.

- ياخشى قىپسەن، - زۇنۇنكام ئۇنى قوۋۋەتلىدى، - ھازىر بەزىلەر ئىسلاھات دەپ ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ، خىيالىغا كەلگەن بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، مەسىلەن: ھازىر ئىدارىلەردە نېمە تولا دېسەڭ شىركەت دېگەن بىر نېمە بېسىپ كەتتى.

- مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى تەشكىلاتلار شۇنداق كۆپ ئىدى - ھە؟

- ھازىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ناملىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىنى دېمەمسەن. «ئاسىيا تەرەققىيات شىركىتى»، «تەڭرىتاغ ھەسسىدارلىق شىركىتى» دەمدۇ، ئادەمنى ئۈركۈتىدىغان ئىسىملار، بىكارلا گەپ... ھەممە ئادەم پۇل تاپقىلى كىرىپ كەتسە پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى كىم قىلىدۇ، ئىلمىيەن، تەتقىقات ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟

ئۇلار خېلى بىر چاققىچە بىر - بىرىگە دەردىنى تۆكۈشتى، ھەسرەت بىلەن مۇڭداشتى، مەن زۇنۇنكامنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بۈگۈنكىدەك ئاشكارا دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، بۇ گەپلەرگە قارىغاندا ھازىرقى خېلى ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئوخشايدۇ، توۋا، بۇ ئادەم راستتىنلا مۇتەئەسسىپرەكمۇ نېمە؟ پۇل تېپىشقا نېمانچە قارشى چىقىدىغاندۇ؟ خەلق پۇل تېپىپ باياشات بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ كەمبەغەل، نامرات تۇرمۇشنى يەتكۈدەك كۆردۇققۇ، ياكى «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك ئىشمۇ بۇ. توق ئادەم ئاچنىڭ ھالىنى بىلمەيدۇ، دېگەن راست ئوخشايدۇ. دە...

پارالق ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىگە يۆتكەلدى.

ـ سىنى سىياسىي كېڭەشكە دائىمىي ھەيئەت قىپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ ـ سورىدى مېھمان.
زۇنۇن نازىرنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

ـ شۇنداق قىپتۇ، ـ زۇنۇن نازىر ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

ـ ئورنىڭغا كىمنى قويىدى؟

ـ بىلمەيمەن.

ـ سەنمۇ نېمە بولمىسۇن داق يەرگە يېقىلماپسەن، مېنى تەشكىلات بۆلۈمىدىن پېنسىيىگە ئىلتىماس يازسالىڭ دەيدۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئىشلەپ يەتكەن يېرىمىز شۇ ئوخشايدۇ.

ـ ماقۇل دېدىڭمۇ؟

ـ ئاخشامدىن ئويلاپ، توختا، بۇنداق ئاسان چىقىپ كېتىمەنمۇ، ئەڭ بولمىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتىدە بىر قېتىم چەت ئەلگە بېرىپ سەيلى قىلىۋالايمىكىن دەۋاتىمەن.

ـ ئۇ دۇنيالىقنىمۇ ئويلاپ قويسالىڭ بولغۇدەك ئەمدى، ـ دېدى زۇنۇن نازىر خورسىنىش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ. ئۇلارنىڭ مىسكىن تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. توۋا، زۇنۇنكامنىڭ ھېلىقى سۈرلۈك قىياپىتى قېنى؟ ئۇنى شۇنداق كۆرسەتكەنمۇ ئاشۇ ئەمىلى، ھوقۇقى ئىكەن-دە، شۇڭلاشقىمۇ بەزىلەر ئەمەل ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىكەن-دە. . .

مەن قايتماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ـ ئىشخانىدىن سىزگە باشقا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرمىغاندۇ؟ ـ زۇنۇن نازىر كارىدورغا بىللە چىقىپ سورىدى.

ـ گەپ ـ سۆز قىلمىدىغۇ.

ـ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ـ دېدى ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ـ سىزگە بىر گەپ ھاجى، زەيتۇنگۈلگە ئۆي شۇنداقلا قالدى، سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭمۇ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس، ماشىنا بولمىسا بىر يەرگە بارالمايدۇ. ئۆزۈم باشتا يامان ئۆگىتىپ قويۇپتىمەن، قانداق قىلىمىز، شۇڭا ماشىنا دەپ قالسا ئېغىر كۆرمەي مېڭىپ قويارسىز جومۇ!

ـ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ـ دېدىمەن دەرھال.

قايتىپ كېلىۋېتىپ زۇنۇن نازىرنىڭ باياتىن دېگەن گېپى ئېسىمگە كەلدى، قىزىق ئىش، ئۇ ئىلگىرى دائىم ماڭا: زەيتۇنگۈلگە تولا قويرۇق تۇتقۇزمالىڭ، يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، دەيتتى. ھەممە ئىشتا پرىنسىپ، تۈزۈم، تەرتىپنى سۆزلەيدىغان بۇ ئادەم ئەمدى باشقىچىلا گەپنى قىلىۋاتىدىغۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا پرىنسىپ دېگەنمۇ ئەمەل، ھوقۇقتا يارىشىدىغان نەرسە ئىكەن-دە. . .

بېنزىن بېلەتى ئالاي دەپ «شوپۇرلار ئىشخانىسى» غا كىرىشىمگە زۇنۇن نازىرنىڭ ئىلگىرىكى شوپۇرى سەمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ئادەم مەن كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇ ئادەمنى كۆرسەملا نېمىشقىدۇر ئۆزۈمچىلا خىجىل بولۇپ قالاتتىم، شۇ تاپتىمۇ ئۇنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

توختى سابىر

# ھايات قايناملىرى

## قارا، كۆكتە چولپانغا

قايسى ئۇزلۇق تەك كىبلەر
ئۆپۈقتىكى ئاق تاڭغا.
تىبىئەت ئۆز ھەممىدىن،
قارا، لېۋەن چولپانغا.

## تۇپراقتا مەدھىيە

مۇنبەت تۇپراق بولسا ئەل گويا،
ئۇندا يىلتىز تارتقان مەن بىر گىياھ.
قوينىدا كۆكلەپ ياشاردىم بىر ئۆمۈر،
مەن ئۈچۈن بىر زەررىسى مىڭ تۇتىيا.

پار - پۈرى يوق لايدا پىشقان شۇ ساپال
ساقلايدۇ سۈنى دائىما سوغۇق پېتى.
ياخشى كۈن كۆرگەن ئۇنىڭسىز قايسى جان،
ئۇلۇغلۇقىمۇ، پەقىرلىقمۇ قايسىسى؟

ئاشۇ تۇپراقتا يېتىشكەن بىزلەر
تارتقىنىچە بوي ئېگىزگە يىلسىرى.
تەكتىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭ ئەلتۆكۈس
يىلتىزىنى كۆزگە ئىلمايدۇ تېخى.

پەرۋىشىدە ئەل - يۇرتۇڭنى جان دېسەڭ،
گۈللىنەر گۈلدەك ھاياتىڭ كۈن - تۈنى.
ئۇندىن ئايرىلساڭ ناۋادا نەس بېسىپ،
قانچە ئۆسسەڭمۇ قۇرۇيسەن بىر كۈنى.

ھەممىدىن كەچسەممۇ كەچمەيمەن پەقەت،
بولغىنىم بولغان خەلقىنىڭ چاكىرى.
بىر ھەقىقەت بار ئۇنىڭدا ئاڭلىساڭ،
ئەلگە كۆيگەن ئەر بۈيۈك ئەڭ ئاخىرى.

## يول

ئىز بىلەن تەڭلا ئېچىلار يول ھامان،
يەتمە يولچى قەدىمى بۇندا قايان.
ئۇ ھاياتتىن شوخ كۈيلەرنى ياڭرىتىپ،
دىل بىلەن باغلايدۇ دىلنى ھەر زامان.

يول ئېچىلغاندا بولسىمۇ ئۈزۈك - ئۈزۈك،
بىر قەدەم، ئىككى قەدەم قىلغاي راۋان.
چېكىگە يەتتىم دېمە، ئۇغلۇم تېخى،
باسقىنىڭ بولدى ساناقتا بىر ئاران.

يولنى ئاچقانلار ئۇلۇغ تارىخ بويى،
ئەگىشىپ ماڭغانلىمۇ باتۇر، قىران.
ياتسىلا يولدا لېكىن يولۋاس ئەمەس،
ئۇ پەقەت تەييارغا ھەييار «قەھرىمان».

بىز بېسىپ كەلدۇق بۈگۈن ئەجدادلىمىزنىڭ
ئىزىدىن ئىز قالدۇرۇپ يۆتكەپ زامان.
توختىماي باسساق يەنە يوللار ئېچىپ،
يېتىمىز ئاخىر نىشانغا بىز ئامان.

## يىگىتلىك ئوغرىسى

ئاي مارايدۇ مېنى ئۇ ھىلال بولغاندا،
مەن مارايمەن ئۇنى ئاق ئايدىڭ ئاخشامدا.
تېپىرلاپ كېتىمىز شەرەت قىلىشىپ،
يا ئۇ، يا مەن بەزىدە يالغۇز قالغاندا.

ئاي كۈلىدۇ ماڭا ھەم تولۇن بولغاندا،
مەن كۈلىمەن ئۇنىڭغا تۇمان يارغاندا.
تار دېمەستىن يەرنى بىز پومداقلىشىمىز،
ھېسلىرىمىز قىمىزدەك قىيام بولغاندا.

دېرىزەمدىن كىرسەن شەپىسىز ئاستا،
يۈكسەك ئاسمان چېتىمدىن ئۆيگە يانغاندا.
تاڭ شەپىقى سۆزلەيدۇ سىرىمنى مېنىڭ
لەۋلىرىمگە، مەڭزىمگە سۆيۈپ قانغاندا.

كۈن چىقىشتا تۇغۇلدۇم، قۇياش ئوغلىمەن،
نۇرنى نۇرغا بۆلەيمەن قۇياش بولغاندا.
دوستلىشىشنى ئىزدەيدۇ ئاي بىلەن يىگىت
يىگىتلىكنىڭ ئوغرىسى «قىران» بولغاندا.

## مەن ماناستا

دەسلېپىدە يەرگە چۈشتۈم دەپتىمەن،
بار دېسە، تەشكىل ماناسقا مەن چېنىپ.
دەپتىمەن ئويمان ئۆزۈمچە چوققىنى،
خۇددى ئاسماندا تۇغۇلغاندەك قىلىپ.

چۈشكىنىم گۈلدار زېمىن بولدى كېيىن،
دەستە ـ دەستە گۈلنى تۇتتى خۇش كۈلۈپ ماڭا ماناس.
ھەر كۈنى ھېكمەتكە تولدۇم، روھلىرىم
قار سۈيىدىن مەي ئىچىپ شەربەتكە خاس.

ئەل ئىچىگە مەن كىرىپ كەتتىم سىڭىپ،
ئالىيىپ باققان پىرايىنى مەن كۆرمىدىم.
دوستلىرۇم قومدەك كۆپەيدى كۈن ساناپ،
تېخىمۇ ئاشتى ئۇلارغا ھۆرمىتىم.

ئىشچى بار، دېھقانمۇ بار بۇ ساھەدە،
بار خوتەن، قەشقەر، ئىلى پەرزەنتلىرى.
تاغدىكى دوستۇم قازاقتىن نەچچە ئون،
قەنت كەبى خەنزۇ ئاغىنەم گەپلىرى.

بار ئىكەن بۇ يەردە شۇنچە تاغ ـ دالا،
بىرى ئېگىز، بىرى كەڭ، بايلارمۇ جىق.
بۇنچە ئامەت مەنبەسى نېمە دېسەم
شۇ ئىكەن ئاققان ئەزىم دەريادا لىق.

ئېھ، ماناس بەردىڭ ماڭا يېڭى ھايات،
سۆكۈلۈپ كەتكەن جاراھەتنى تىكىپ.
مىڭ تەشەككۈر سۇلىرىڭنىڭ تەمىگە،
ئۆلگۈچە قانمايمەن ئىچسەم دۇم يېتىپ.

## كىشىلەر ئارىسىدا

1

ھەر قېتىم ئادەملەر قېتىغا كەلسەم،
يېپيېڭى كۆرۈنەر دۇنيا كۆزۈمگە.
دات بېسىپ قالغاندا ئەقىدەم مېنىڭ
ئاۋامنى قىلىمەن بىلەي ئۆزۈمگە.

www.uyghurkitap.com



2

ياشايمەن ھەر كۈنى ئۆزگە روھلىنىپ،
دوستلۇرۇم كۈلگەچكە تەڭلا زوقلىنىپ.
دوست تۇتسالڭ جاھاندا ئاۋامدىن خىللاپ،
قويمايدۇ ئۇ، سېنى تاج ۋە توخدۇرۇپ.

3

كىشىلەر ئىچىدە نۇرغۇن مەنە بار،
ئاۋامنىڭ ئىچىدە مىليون دانا بار.
ناۋالار ئىزدىسەڭ گۈل - باغلارئارا،
بۇلبۇلدەك سايرىغان سانسىز رەنا بار.

سەلەي قاسىم

## كۈي تۆكۈلەر سەھرا قويىنىدىن

### ئانا سەھرا

گۈزەل سەھرا، ئانا سەھرا،
ئارامبەخش - خۇش ھاۋا سەھرا.
جىمى دەردكە داۋا سەھرا،
ئۈزۈلمەس كۈي - ناۋا سەھرا.

بوۋام قان تەر بىلەن يۇيغان،
دادام ياپ - ياش يېتىم بولغان.
مېنىڭ ئەجرىم - تېرىم سىڭدى
يېرىم ئۆمۈر ساڭا، سەھرا.

سۆيۈملۈكسەن ماڭا سەھرا،
كۆيۈملۈكسەن ماڭا سەھرا.
ئارامى جان ئەزىز جايسەن،
ئۆمۈرلۈكسەن ماڭا سەھرا.

### ئىشقى پۇچەك

دەل - دەرەخكە يامىشىپ
ئۆسىدۇ ھەشقىپىچەك.
ئېچىلغاچ كەچتە، بولار
نامازشام گۈلى دېسەك.

يار تېپىشقا ئۇستا ئۇ،
تاللىماس دەرەخنى ئۇ.
تۇتىدۇ چىڭ چىرمىشىپ،
ئىشقىدىن قەدەمنى ئۇ.

كونىلار ئېيتقان ئىكەن،
ھەشقى ئەمەس ئىشقى پۇچەك.
دورىسا سەھرادا كىم
بولىدۇ رىسقى پۇچەك.

ھوشۇر ئىبراھىم

## خەلقىم

تىلىگەمەن جانجان خەلقىم، دىلىڭنى سۆزلىيەلەيمەن،
كۆزۈڭمەن قۇت بىلەن كۈلكەڭ، پىغانىڭنى كۆرەلەيمەن.
قولاقىڭ - شائىرىڭ، دوستۇڭ، سېنى كۆيلەپ لىرىكامدا،
ۋۇجۇدۇم كانىدىن دۇرلار قېزىپ داستان يازالايمەن.

قۇلۇڭمەن بارمىقىم ئۇن گۈل قاقاس چۆللەرگە گۈل تەرگەن،
قارا دوسكىدا ئاق بور بوپ دىلىڭنى يورىتالايمەن.
قورالىڭ قولدىكى مەزمۇت ئوقى ھەردەمدە بەتلەكلىك،
چېۋەر مەرگەن كەبى چەنلەپ رەقىبىڭنى ئاتالايمەن.
سېنىڭ جىسمىڭ - مېنىڭ جىسمىم قۇرۇلغان ئۇستىخان - گۆشتىن،
گۈزەل رۇخسار بىلەن پەمنى سېنىڭدىنلا تاپالايمەن.
ئەقىل - زېھنىڭ تومۇرۇمدا - مېڭەمدە قان بولۇپ ئاقتى،
مىجەزىم سەن بىلەن ئوخشاش خۇيۇڭغا خۇي قاتالايمەن.
ئۆزۈڭ بار ئۇشبۇ ئالەمدە ھاياتىم مەنبەسى - كانى،
ساڭا ئىشلەپ، سېنى كۈيلەپ گويا شاھتەك ياشالايمەن.
سېنىڭ بەختىڭ - مېنىڭ بەختىم، ئەقىدەم سەن ئۈچۈن تەقدىم،
گۈزەل ئىقبال سىرى جاننى تەسەددۇق ئەيلىيەلەيمەن.
مېنىڭ قەلبىمدە دائىم سەن سېنىڭدىن ئۆزگە قىل سىغماس،
قېرىنداش رىشتىدەك رىشتىم ساڭا مەھكەم چاتالايمەن،
ياشاپ ئۆتسەم ئەگەر بىر كۈن ساڭا سادىق يۈرەكىمنى،
گويا دانكو كەبى بەختىڭ ئۈچۈن قولغا ئالالايمەن.

مۇھەممەد ئىمىن ئەھمەد

# ئىككى شېئىر

## پولۇڭ داۋانلىرى

تىك قىيا ئۈستىدە بۈركۈت ئۇۋىسى
ۋە لېكىن داۋانلار قىيادىن ئېگىز.
ئۇ گويا ئاسماننىڭ چىقىش ئېغىزى،
بۇلۇتلار داۋانغا چىقالماس ھەرگىز.

شۇ داۋان دەل مەشە ئۆتمە بولماس
مەنزىلگە يېتىشنى كۆزلىگەن ھەرجان،
ئەجدادلار قەدىمدىن مەشەدىن ئۆتكەن،
ھېلىھەم مۇشۇ يول، خەتەرلىك داۋان. . .

مەشەدە زەلىلى، دەلىلىلەرنىڭ(1)
بىر ئاھاڭ تۈزىگەن راۋابلىرىغا.
مەشەدە تۇغۇلغان ئېسىل غەزەللەر،
گۈل چەككەن ھاياتنىڭ راۋاقلىرىغا.

مەن دەسلەپ كۆرگەندە تىك داۋانلارنى،
يۈرىكىم جىغ قىلىپ چىرايىم ئۆڭگەن.
بوۋىلار ئاغزىدىن قىسسىلەر ئاڭلاپ،
داۋاندا بى خۇدۇك مېڭىشقا كۆنگەن.

*     *

ھاياتتا سىناققا دۇچ كېلەر ئىنسان،
ئەرزىيدۇ ئۇيلىسا تىك داۋانلارنى.

(1) دەلىلى - زەلىلىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى، ھېلىھەم شىخىش مازىرىدا ئۇلار ئىشلەتكەن داڭقان - قازانلار بار.

www.uyghurkitap.com



ئەڭ كۈچلۈك يالقۇندا تاۋلىنار پولات،
مۇشكۈللەر ئايرىيدۇ پەھلىۋانلارنى.

### ئانا يۇرتۇم

ئۇرغاندا جىلغىلاردىن شوخ شامالّلار
نازغىنىپ گۈل ـ چېچەكلەر ئەركىلەيدۇ.
شاملى، ساپ ھاۋاسى، نۇرلىرىغا
ئانا يۇرت بىزنى بۆلەپ پەپىلەيدۇ.

مەڭگۈلۈك قارلىق چوققا، مۇز داۋانلار
قارىساڭ باش ئۇستۇڭدە يالتىرايدۇ.
جىرالار، دەريا ـ بۇلاق شوخ سۇلىرى
تەلپۈنۈپ بىز تەرەپكە ئالدىرايدۇ.

كۈندۈزى قۇياش باقسا كېچىسى ئاي
بۇ يۇرتنى مىڭ ـ مىڭ ئەگىپ كېتەلمەيدۇ.
يۇلتۇزلار تەلمۈرىدۇ كىرپىك قاقماي،
مىڭ قىلسۇن شۇ چوققىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

ئاجايىپ بىر زېمىنكى بىزنىڭ بۇ يەر،
ئاللانىڭ نەزەر كۆزى چۈشكەن تولۇق.
تۇپرىقى ـ ئالتۇن، سۈيى ـ ھايات بەخش،
ھاۋاسى ـ ئەنبەر، ئېكىن ئوخشار بولۇق.

ئېزىز ھوشۇر

## سۆيگۈ دېگەن ئالەم ئۇچۇن قۇت

### پارلايدۇ كۆزۈمدە

چوغلانغان ئىنتىلىش قانىتىن پەرلەر،
قىيام بوپ تاۋلانغان شېرىن مۇھەببەت.
نۇرۇزنىڭ سۈپىيۈزۈك ئاخشىمى، دىلبەر
سېنىڭلا ئىسمىڭنى چاقىردىم پەقەت.

تانمايمەن مەن ئاددىي سەھرا بالىسى،
نېمىشقا چوڭ شەھەر دۈچ كەلدى ماڭا.
ئېھتىمال يوق ئىدى قەلبىم نالىسى،
يولۇقماي قالسام مەن تاش يۈرەك ساڭا.

دېرىزەم تۈۋىدە ئۆيگە چۆمۈلدۈم،
ئۆيلىرىم باغرىمغا ئاتەش تاراتتى.
كىرپىككە قونماقچى ئەمەس قەترىلەر
ۋە لېكىن بەرىبىر ساڭا قاراتتى.

ئېھتىمال ئۆيۈڭدا يوقتۇرمەن تامام،
چۈشۈڭمۇ مېنىڭدىن ئېلىپ قاچار باش.
ۋە لېكىن ھەر نۆۋەت ئۇچراتسام سېنى،
كۆزۈمدە پارلايدۇ مىليونلاپ قۇياش.

### پاكلىق

چىقىپ كەلسە مۆجىزە كەبى
قان چاچرىتىپ ئۈپۈقتىن قۇياش.
بولغانمىكىن ھەممە ئەسەبىي،
مىليون قولدىن ياغدۇرۇپتۇ تاش.

ئۆيلىمىدى ھېچكىم بىرمۇ رەت،
قۇياش نۇرغا كۆمدى زېمىننى.
قۇتلۇق قەدەم، ئۆلمەس مۆرىۋەت،
«ياخشىلىقلى ئاڭا گېمىننى.»

شۇنداق، تاشتىن ياسىلىپتۇ گۆر،
قىلىنىپتۇ كېپەنسىز دەپىن.
لېكىن تىلەپ جەننەتكە بىر ھۆر،
ئەلچى كەپتۇ ئاللا ئىگەمدىن.

### ئۆمرۈم بويى

سۈرىتىڭنى تاڭغا سىزارمەن،
جۇلالىساق جۈپ بوپ سەھەردە.
ئۆمرۈم بويى قەدرىڭ قىلارمەن،
بەختلىك بوپ كۈلسەڭ ئەگەردە . . .

ئابلەت ئابدۇرېشىت

# ھېكمەت سوقماقلىرى

## چېقىن روھ

1

دېڭىز چۇشەپ چۆلدە ئويغاندىڭ،
ئۇچۇپ كىردى قوينۇڭغا يۇلتۇز.

2

چېقىلغىنى قايسى بىر ئاسمان،
يەر قوينىدا قاتتىق قىمىرلاش.
تۇزۇپ كەتتى قىزىلگۈل كەبى،
يول بېتىنى بويىغان كۆز ياش.

3

سەن ئۆزگە ئادەمسەن، مەنمۇ ھەم ئۆزگە،
دوست بولۇپ باقمىدۇق ھەتتا بىر قېتىم.
قاىچا بوپ ئۆركۈتتى گۇمان، كوچاڭدىلـ
ھودۇقۇش ئىلكىدە كەزگەندە ئېتىم.

دوست بولۇپ باقمىدۇق، دوست بولۇپ ئەمما،
ھەممىدىن مەن سېنى كۆرۈمەن يېقىن.
مەن مۇڭلۇق باقمەن قىرغاقتا كۆككە؛
سەن پەستە لايلىنىپ ئاققان بىر ئېقىن...

4

يىراقلاپ كەتمەكتە مەنزىلدىن يۈرەك،
بىلمەيمەن ئىزدەركىن يىراقتىن نېمە؟
مەجنۇندەك ئۇلتۇرار تەلمۈرگەنچە ئۇ
يىراقالغان ئۈنىمۇشنىڭ دېڭىز كۆزىدە.

يىراقلاپ كەتمەكتە مەنزىلدىن خىيال،
سۆيگۈنى ئۇلۇغلاپ تۇرسىمۇ ۋىسال.
ياش تۆكۈپ سۆيىدۇ ئۇنى پىغانلىق
چاقنىغان ئۇچقۇنلار بىر چاغلار غىل - پال...

5

يازماقتا ئىدى شام ئۆز تارىخىنى
توختىماي پىژىلداپ كۆيۈشى بىلەن.
ئۇ تەلۋە ئاشىقتۇر ھاياتقا ئەمما،
ئۆلۈملەر ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ۋەتەن.

6

خاتالىشاي پەقەت بىر قېتىم،
ئۈنىمۇشنىڭكى خاتالىق ئۇچۇن.
گۈزەل ئىدى ئۇ بەكمۇ، ئەمما
بەكمۇ توغرا بولسىمۇ بۈگۈن.

## ماۋزۇسىز

1

ئاچچىقلاش ئەسلا بىھاجەت ماڭا،
بەرگىن پەقەت قېيداشلىرىڭنى.
سۆيۈيمۇ خوشلاشما،
ئېسىپ قويغىن خاتىرەڭدىكى
كەلمىگەن گۈزەل بىر كېچە قوينىغا
تۈمار قىلىپ كۆز ياشلىرىڭنى.

2

فېۋرال سالام بېرىدۇ
ئېرىمىگەن قارلارغا قاراپ.
باغلار سالام بېرىدۇ،
سۆيۈلمىگەن ئىستەكلەر كەبى
ئاچچىقىنە يۈرەككە تاراپ.
يول سالام بېرىدۇ،
ئادەملەرنىڭ كەينىدە
سېغىنىش بوپ قاراڭنى ماراپ.

3

قارلىغاچ ناخشىلىرىڭدىن
باچكىسىغا باسايدۇ ئۇۋا.
ئۇچرىتىشنى ئىزلەيدۇ شامال،
ئىزلىرىڭغا چېچىپ ھەم توپا.
مەن ئېلىپ كېتىمەن ئۇزۇن تارتىشىڭنى،
شادلىق ئالىمىدە ئۆتكۈزۈپ گۇناھ.

## باھار

يوللارنى يېلىنجاپ سۆيگەندە ئەگىز،
باغلاردىن تېپىشماق ماردى ئاستا.
بىردىن يەرگە قاراپ ئاقتى ھەم يۇلتۇز،
قەبرە بوپ قەپ قالدى ئۇنىڭ ئورنىدا،
بىز بىلمىگەن گۈزەل بىر ناخشا...

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرغان شاۋۇدۇن

# تۇغماس

(پوۋېست) *

تىلەمچى ئايال ئالاھىدە ئەسكەرتىۋاتقان ئاخىرقى سۆزلىرىنى تىلغا ئالغاندا ئىلگىرىكى مۇلايىملىقى بىردىنلا يوقاپ، كۆزلىرىدىن قانداقتۇ بىر ئۇچقۇن ياندى-دە، ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ تەلپۈزى قەتئىيلەشتى. بۇ تەقدىرگە تەن بەرسىمۇ، لېكىن ياشاش ئىقتىدارىنى يوقاتمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى قوغداش يولىدىكى روھىي قىياپىتىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ئىدى. بۇنى دەرھال چۈشەنگەن مەستۇرە ئامالسىزلىقتىن بىر قېتىم دەپسەندە قىلىنغان ۋۇجۇدىنى يەنىلا ھەقىقىي ئىنسانغا خاس بولغان غۇرۇر كۈچى بىلەن پاك ساقلاشقا ئىنتىلىپ، ئۆزىنى، نامرات ئائىلىسىنى قوغداشقا جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان ئاجىزەگە كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە يېڭىدىن يىلىنجاۋاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنىڭ بەرباد بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىراپ سۆز قـ ـوردى.

-مەن گەرچە سىزگە قارىغاندا، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساممۇ، لېكىن سىزگە ئوخشاشلا ئايال. ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىق تۈپەيلى بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەنلەرنى سۆز - چۆچەك قىلىش بولمىغۇر ئادەملەرنىڭلا ئىشى. بۈگۈن ياخشى مۇڭداشتۇق. بۇندىن كېيىنمۇ مۇڭدىشايلى. ئىچىڭىز پۇشسىمۇ، جىددىي پۇل لازىم بولسىمۇ، ماڭا كېلىڭ. مەن ھاجىتىڭىزدىن چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن. قېنى، سىز داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىڭ.

تىلەمچى ئايالنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. ھېلىلا كۆزلىرىدە چاقنىغان غۇرۇر ئۇچقۇنلىرى لىغىرلاپ

---

*بېشى ئۆتكەن ساندا

تۇرغان ياش بىلەن ئالماشتى. چۈنكى ئۇزىنى مېھمان ئورنىدا كۆتۈپ، يەنە داۋاملىق مۇڭدىشىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەسكەرتىشلىرىنىڭ تامامەن ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بۆرە تۈكىنى ھۆرپەيتىپ ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، كەچۈرۈم سورىماقچىمۇ، ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئاچچىق ياشلىرى بوغۇزىنى بوغۇپ، ھاياجانلىق جۈملىلەر يوشۇرۇنغان قەلب دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ قويدى.

- رەھمەت، - دېدى ئۇ ئاخىرى ئارانلا، - كەلسەممۇ كېلەي، لېكىن ماڭا قىلغۇدەك ئىش تېپىپ قويۇڭ. ئەڭ بولمىغاندا كىرىڭىزنى بولسىمۇ يۇيۇپ بېرەي. بولمىسا بىكار تاماق يېيىشتىن ئۇيۇلىمەن.

- ئەمىسە كېلىشتۇق، - دېدى مەستۈرە خۇشال كۈلۈپ، - كەلمىسىڭىز چوقۇم رەنجىيمەن.

شۇ سۆز بىلەن تىلەمچى ئايال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باللىرىنى ئويغىتىپ، دالان ئۆيگە ئېلىپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مەستۈرە چامادىنىنى ئېچىپ، كىيىۋاتقان ئىككى قۇر كىيىمى بىلەن ئون سوم پۇلنى بوپىلاپ ئېلىپ چىقتى -دە، ئۇنىڭ قولتۇقىغا قىستۇردى. ھاياجانلانغان تىلەمچى ئايال دەرھال دۇئاغا قول كۆتۈردى.

- ئالتۇن بويلىرىنىڭ ئامانلىقىنى بەرسۇن خۇدايىم! سېخىي قوللىرى مەڭگۈ دەرد كۆرمىگەي.

مەستۈرەمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى. لېكىن بارماقلىرى ئارىسىدىن تىكىلگەن كۆزلىرى ئۇيقۇسى قانغانلىقتىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەن قىز بىلەن ئوغۇلغا قادىلىپ قالغان ئىدى.

## ئىككىنچى قىسىم

### مەستۈرە

تىلەمچى ئايال تىلەمچىلىك ھاياتىدا تۇنجى يولۇقتۇرغان ئاق كۆڭۈل خانىمنىڭ ئۆيىدىكى يېرىم كۈنلۈك ئۇچرىشىشتىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ كېتىۋاتقىنىدا، مەستۈرە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئاچچىق تەسىراتىدىن تۇغۇلغان ئوي - پىكىرلەرگە بەنت بولغان ھالدا بارماقلىرىنى بېشى ئۈستىگە گىرەلەشتۈرۈپ كارىۋىتىدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېس قىلىپمۇ باقمىغان بۇ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەر رەھىمسىز رىيالىقنىڭ بىر ئاجىزەنى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان، لېكىن بۆسۈپ چىقىش تولىمۇ قىيىن بولغان ئاسارەت يىپلىرى بىلەن قاتتىق بوغۇۋېلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ تۇيۇلدى. نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئوت چاقنىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاق قۇ مەلىكىسىنىڭ ئوبرازىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ پات-پات مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆيگۈ خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى - دە، مىيىقىدا كۈلگىنىچە ئىنزاھاتسىزلا يىرتىپ تاشلايتتى. ئەگەر خەت ئىگىلىرىدىن بىر ئاز جۈرئەتلىكلىرى ئالدىنى توسۇپ، خېتىگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قالسا، كېلىشكەن قەددىنى تېخىمۇ مەغرۇر تۇتۇپ:

- خېتىڭىز يىرتىپ تاشلاندى، كەچۈرسىز، - دەپلا كېتىپ قالاتتى.

www.uyghurkitap.com



ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ھېيىقىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەمەسى بىلەن قارايدىغانلارمۇ ئازىيىپ كەتتى. ئۇ، بۇنى بەش قولدەك بىلسىمۇ قىلچە ئۆكۈنمەيتتى، چۈنكى ھېچقايسىسىنى ئۆزىنىڭ خىلى دەپ ھېسابلىمايتتى.

ئۇ يېگانە خىيال قىلغان مەزگىللىرىدە ئۆزىگە جورا بولغۇچىنىڭ سىماسىنى قەلب ئەينىكىدە غىل - پال كۆرۈپمۇ قالاتتى. قەددى - قامەتلىك بۇ سىما ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئويناپ، تەڭ كۈلەيتتى. ئۇنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلگەن مەستۇرە سەزگۈلىرىدە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ئوتتەك تەشنالىق بىلەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچاتتى، لەۋلىرىنى سوزاتتى، ئاھ. . .

لېكىن بۇ تامامەن خىيالىي كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇ قەلب ئەينىكىدە نامايان بولغان بۇ يىگىتنى رېئاللىقتىن كۆپ ئىزدىدى، لېكىن ئۇچرىتالمىدى. ئۇ ئۆزىنى قىزىقتۇرغۇچى بۇ سىمانى كۆڭلىگە پۈككىنىچە ئوقۇشنى تاماملىدى. مانا ئۇ يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماشىنىسىنى كۈتمەكتە. سائەت ئۈچكە يېقىنلاشتى، لېكىن ماشىنىدىن تېخى خەۋەر يوق. ئۇ، چۈشتىن بۇرۇنلا ئۆزى تەقسىم قىلىنغان بۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئىدى. بۇ، مەكتەپنىڭ تەتىل مەزگىلى بولغاچقا، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان خوجىلىق مۇدىرى بىلەنلا ئۇچرىشالىغان ئىدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى قاپاقلىرىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق بۇ قاتاڭغۇر ئادەم ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن چۈشتىن كېيىنلا ماشىنا ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئاڭغىچە ياتاقنىڭ غېمىنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ ئۇزۇنتۇرانىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى مەستۇرەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ جىمجىتلىققا چۆمگەن ياتاقتا قۇرۇقدالغان كارىۋاتلارغا قاراپ، تۇنجى قېتىم غېرىبسىنىشقا باشلىدى. بەش يىلدىن بۇيان خۇددى ئاچا - سىڭىللاردەك ئىچەكىشىپ كەتكەن بۇ كارىۋات ئىگىلىرىمۇ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتتىن ئايرىلغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا كېتىۋاتقاندۇ. لېكىن ئۇلار يالغۇز ئەمەس، گۇڭگۇر - مۇڭغۇر گەپلىشەلەيدۇ، ماشىنا ئىچىنى بېشىغا كىيىپ، خۇشال كۈلۈشەلەيدۇ، ناخشىمۇ ئېيتالايدۇ، مەستۇرەچۇ. . .

مەستۇرە يالڭاچلىنىپ قالغان ياتاقتا ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن كېرەكسىز قەغەز، سۈرەتلەرنى تۇپلىيىنىڭ ئېگىز پاشنىلىرىدا گېرىنچەكلىك بىلەن دەسسەپ ئۇيان - بۇيان ئايلانماقتا. خىيالىدا بالىلىقىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاستا - ئاستا جانلىنىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باسماقتا. ئۇ ئەسلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەڭ ئەركە قىزى ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئاتا - ئانىسى كەينى-كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ، بىر ئەمەلدارغا ياتلىق قىلىنغان ھەدىسىنىڭ ھامىيلىقىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ داشۆگە چىققان يىلى ئەمەلدار قېيىن ئاغىسىنىڭ خىزمىتى بىر ئاز ئۆستۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم ۋىلايەتكە ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن ئىچكۆيەر ھەدىسىدىنمۇ ئايرىلدى. بۇ يەردە شەھەردىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىدا تۇرۇۋاتقان ھاممىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا پاناھ بولغۇدەك كىشى يوق ئىدى. ئۇ گەرچە ھەدىسى بىلەن ھاممىسىنىڭ ھەر ئايدا ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ تۇرىدىغان پۇللىرى بىلەن داشۆنى بەگ بالىلىرىدەك ھېچنېمىدىن قىسىلماي مەغرۇر يۈرۈپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ھەدىسى بىلەن ھاممىسىغا بېقىنىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ

ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۆزى چوڭ بولغان بۇ شەھەردە قېلىپ قېلىشنىمۇ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلگەنلىكىدىن ئىدى.

-تاك - تاك - تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل ئۇرۇلۇشى مەستۈرەنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشالىق بۇرنى ئاستىغا ئىنچىكە بۇرۇت قويغان، قويۇق چاچلىق، قاراقاش، قارا كۆز، ئاق پۇشماق بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدە پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

كۆپتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ سىمانىڭ ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا پەيدا بولۇشى مەستۈرەنى قاتتىق ھودۇقتۇردى. ئۇ نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. يىگىت ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن چاندۇرمىدى.

-مەستۈرە سىز بولامسىز؟

-شۇنداق، - دېدى مەستۈرە يەنە ھەيرانلىق بىلەن، - سىز...

-مېنى خوجىلىق مۇدىرى ئاقۇپ ئاكام ئەۋەتتى.

مەستۈرە شۇندىلا ئۆزىنى خىيالىي دۇنيادىن قۇتۇلدۇرۇپ، رېئاللىققا قايتتى-دە، ئۆزىنى ھەيران قىلغان بۇ يىگىتنىڭ ئۇستىبېشىغا لەپپىدە قاراپ چىقتى.

22 - 23 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت كالتە يەڭ ئاق كانۋا كۆڭلەك، قارا كۆك سارجىدىن شىم كىيگەن ئىدى. پۇتىدىكى زامانغا لايىق ئۇچى ئۇچلۇق زىغىر رەڭ توپلىيى نۇرلۇق چىرايىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇ خىل ياسىنىشى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن سىياقىغا بەكمۇ ماس كەلگەن ئىدى. مەستۈرە ئۇنى بىر تۇرۇپ ناخشىچى ئارتىسلارغا ئوخشاتسا، بىر تۇرۇپ تېلېۋىزىيە دىكتورلىرىغا ئوخشىتاتتى، لېكىن بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن سىمادىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. يىگىت ھېلىلا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بۇ قىزنىڭ ئەمدى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇشلىرىغا قاراپ ھەيران بولدى.

-ئۇكام، مەسئۇد، - دېگەن ئىدى ئاقۇپ مۇدىر يىگىتكە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مەكتەپ ئاشخانىسىغا كىرىپ، -مەكتەپىمىزگە ساڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان يەنە بىر ياش ئوقۇتقۇچى كەلدى. ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە سەندىن باشقا كىمنى ئىزدەي، ئېغىر بويۇڭنى يەڭگىل قىلىپ، ئۇ قىزنى شاققىدە ئېلىپ كەلمەمسەن.

مەسئۇد ياتاقتا يېتىپ خىزمەت قىلىدىغان بىردىنبىر ياش ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئالدىنقى يىلىلا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ كەلگىنىگە قارىماي، ئايىغىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇپ، تېزلا ھەممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئاقۇپ مۇدىرنىڭ ئۇنى مەستۈرەنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشىمۇ شۇ سەۋەبتىن. لېكىن مەسئۇد ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا غەرەزسىز قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ ئويلىماي قالمايتتى. ئاقۇپ مۇدىرنىڭ تاپشۇرغان خىزمىتىنىڭ ئۇنىڭغا ياققان يېرى «ئۇ قىزنى...» دېگەن جۈملىسىلا ئىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزىگە كەسىپداش بىر قىزنى

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ كەلمەكچى. «قىز كەسپداش» - بۇ نېمىدېگەن مول مەزمۇنلۇق ئاتالغۇ. گەرچە ئۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن يامان ئەمەس ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەرى بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ قېلىش كويىدا بولمىغان ئىدى. ئۇ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتتىن ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە ھايات كەچۈرۈشكە يۈزلەنگەندىن كېيىنلا بىھۇدە ئۆتۈۋاتقان ياشلىقىغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان بىر ھەمراھىنىڭ بولۇشىنى ھېس قىلدى. شۇڭا «قىز» دېگەن بۇ سۆزدىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى دەرھال تېپىپ ئالىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئاقۇپ ئاكىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى تولۇق يېزىپ ئالدى.

- دە، شوپۇرنىڭ ئۆيىگە چاپتى. لېكىن ماشىنا سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇنىڭغا ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە بۇنى ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈۋېلىش پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ياتىقىغا قايتىپ كەلدى - دە، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساقىلىنى ئېلىپ، بۇرۇتىنى تۈزەشتۈردى.

مەستۇرەنىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ ناخشىچى ئارتىسلارغا، تۇرۇپ تېلېۋىزىيە دىكتورلىرىغا ئوخشىشىپ كەتكەن بۇ يىگىت ئەنە شۇنداق تەييارلىق باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. مەستۇرە ئۇنى قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن سىماغا ئوخشىتىپ، خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا يىگىتمۇ ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان كېلىشكەن قەددىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى ھەر بىر بۆلەكلىرىگىچە قاراپ چىققان ئىدى. ئىلىپتەك قامەت، كېلىشكەن بەدەن، مارالنىڭكىدەك تۈز ھەم ئۇزۇن پۇتلار ئۇنىڭ مەغرۇر قىياپىتىگە شاھانە تۈس بېرىپ تۇراتتى. مەسئۇد ئۆز قەددى-قامىتىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى شاھانە قامەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشقا ئامالسىز قالدى. بولۇپمۇ قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنى كېيىكنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلىتىپ قارىشى، كۈلۈمسىرىگەندە لەۋلىرىنىڭ غۇنچىدەك ئېچىلىشى ئۇنى تېخىمۇ ھودۇقتۇردى. ئۇ قىزنىڭ نېمىگە چۈچۈپ، نېمىگە شۇنداق كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەسئۇد جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن قىزنىڭ تەقلەپ قويغان شىكلىسى بىلەن چامادانىغا نەزەر تاشلىدى.

-ھە، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى تەقمۇ تەق قىلىپ قويغان ئىكەنسىز- دە، چىقىمىزمۇ؟

-ئەلۋەتتە، - دېدى قىز قاپىقىنى نازلىق تۈرۈپ، - يېرىم كۈن ساقلىغىنىممۇ يېتەر.

-ماشىنىنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ، - دېدى مەسئۇد ئەيىبكارلارچە دۇدۇقلاپ، -سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىكەن، توپتوغرا ئۈچ سائەت ساقلىدىم دەڭە.

مەستۇرە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمىغان قىياپەتتە سومكىسىنى مۈرىسىگە سېلىپ، تەلەڭگە سېلىنغان تور سومكىسىنى قولىغا ئالدى - دە، قېنى شىكلىنى كۆتۈرۈڭ دېگەندەك مەسئۇدقا تىكىلدى. مەسئۇد ئۇنىڭ مەغرۇرلۇق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە لەپپىدە قارىدى - دە، شىكلىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، ئۇن - تىنسىزلا سىرتقا ماڭدى.

كۆڭلىدە بىر - بىرىگە قاتتىق ئىنتىلگەن ئىككى ياشنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. ئۇلار قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى. بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەممىسىگىلا مەسئۇدنىڭ قىزدىن ئەھۋال سورىشى باھانە بولاتتى.

-مەستۇرە، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟
-مەستۇرە، تاماققا چىقمىزمۇ؟
-مەستۇرە، زېرىكىپ قالمىغانسىز؟

مەستۇرە بۇ سوئاللارغا ھەئە ياكى ياق دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب قايتۇرسىمۇ، لېكىن قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يىگىتكە يەر تېگىدىن تىكىلىپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددىگە بارغانسېرى مايىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. يىگىت بولسا، ئىچكى ھېسسىياتىنى بىلگىلى بولمايدىغان تېرمۇس مىجەز بۇ خېنىمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشقا ئىنتىلىپ، يۇقىرىقىدەك باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئاقۇپ ئاكا ئۇلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. جوزىغا بىرقانچە خىل قورۇما كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رومكىلارنى ئاق ھەم قىزىل ھاراقلار بىلەن تولدۇردى - دە، قىزىلنى مەستۇرەنىڭ ئالدىغا، ئېقىنى مەسئۇد بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

-ئەممىسە، - دېدى ئۇ ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرى بىلەن رومكىسىنى سىقىمدىغىنىچە مەستۇرە بىلەن مەسئۇدقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، - ساھىبخانلىق سۈپىتىم بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي.

مەستۇرە بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇندا بىللە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالغان مەسئۇد ئۆزىنى شوخ ۋە تېتىك تۇتۇشقا ئىنتىلىپ، ئاقۇپ ئاكىنىڭ سۆزىدىن پۇتاق چىقاردى.

-ئۇنداقتا باياتىنقى سۆزلىرىڭىز ساھىبخان سۈپىتىدە ئېيتىلماپتىكەن - دە.

ئاقۇپ ئاكا تۈز ھەم ساددا كىشى بولۇپ، گەپكە ئۇستا بولمىسىمۇ، چاقچاققا ئامراق ئىدى. شۇڭا مەسئۇدنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

-ئۆزۈم تومبالقۇ ئادەم بولغاچقا، گەپنى قائىدىلىك قىلالمايمەن. لېكىن سىز ئەدەبىياتچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئىچىڭىزدە تەھرىرلەۋېتىپ ھەزىم قىلارسىز.

ئۇنىڭ سۆزى قاتتىق كۈلكە كۆتۈردى. مەستۇرەمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

-سىڭلىمىز مەستۇرەنىڭ مەكتىپىمىزگە كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. شۇنىڭغىچىلىك قورۇلۇش دېگەن بۇ ئوقەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە سىڭلىمىزدىن ئەھۋالىڭىز نىچۇك دەپ سوراپ قويۇشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا مەستۇرەدىن ئەپۇ سوراش شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىشىكىمىزنىڭ قاياققا ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ ئەرزىمەس داستىخاننى يايدىم.

-رەھمەت، -مەستۇرە ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇردى، - تولىمۇ كايىغانلىقىڭىزغا رەھمەت.

-كايىغىدەك ئىش قىلالمىدۇق، - دېدى ئاقۇپ ئاكا قولىدىكى رومكىنى مەستۇرەگە تەڭلەپ، - ئەممىسە داستىخىنىمىزنىڭ غورىگىللىكىنى چاندۇرماي ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى.

-قېنى! - مەسئۇد خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، رومكىسىنى مەستۇرەگە

www.uyghurkitap.com



تەگلىدى، ــ ئالدى بىلەن مەستۇرەنى قىزغىن قارشى ئالالمىغانلىقىمىز يۈزىسىدىن ئىچەيلى.

ئەينەك رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئاۋاز چىقاردى. مەستۇرە قولىدىكى رومكىنى ئىككى رومكا هاراق ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئاغزىغا بىراقلا قۇيۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر تۇتۇپ تۇردى - دە، ئاندىن ئاستا جوزىغا قويۇپ قويدى.

ــ ئاپلا، بىر ئىشنى كەم قىپتىمەن،ــ دېدى ئاقىۋەت ئاكا مەستۇرەنىڭ ئىچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاندىن تاشقىرىقى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى،ــ زۆھرە، بۇياققا چىققىنا!

هايال ئۆتمەي بوي - تۇرقى ئاقىۋەت ئاكىدىن پەلەمپەيلەردەك پەرقلىنىپ تۇرىدىغان 45 ياشلاردىكى دىقماققىنا كەلگەن ئاق پۈشماق ئايال ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقى بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئاقىۋەت ئاكىنىڭ ئايالى ئىدى. ئاقىۋەت ئاكا ئۇنى كۆرۈپ بىر رومكىغا قىزىل هاراق تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا سۇندى.

ــ مەستۇرە بىلەن بىرنى سوقۇشتۇرۇۋال.

ــ ۋاي، ياق،ــ دېدى مەستۇرە ئالدىراپ، ــ مەن هاراق ئىچىپ باقمىغان. هۆرمىتىڭىز ئۈچۈنلا رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ قويدۇم، مۇشۇ كۇپايە بولسۇن، مېنى زورلىماڭلار.

ــ كېلىڭە ئۇكام،ــ دېدى زۆھرە رومكىسىنى مەستۇرەگە تەگلەپ،ــ «قاتاردىن قالغۇچەخاتادىن قال» دەپتىكەن، قاتاردىن قالماي ئىچىۋېتەيلى.

ــ زورلىماڭە هەدە،ــ دېدى مەستۇرە يالۋۇرۇپ،ــ هازىرغىچە ئىچمەپتىمەن، ئىچمەيلا قوياي.

زۆھرە قاقاقلاپ كۈلدى.

ــ هازىرغىچە ئىچمەپتىمەن دەيدىغانغا قانچە ياشقا كىردىڭىز، خېنىم؟ ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىق سۈپىتىڭىز بىلەن ئىچمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى خىزمەتكە چىقتىڭىز. بەرىبىر بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى چەكلەۋەرمەڭ.

ــ بۇ ئۆزۈم سۈيىغۇ،ــ دېدى مەسئۇد سۆز قىستۇرۇپ،ــ تاماقنى هەرىم قىلدۇرۇشقا پايدىسى باركى، هەرگىز ئەكس تەسىرى يوق. ئىچىپ قويۇڭ.

ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «هاراق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ سۈيۇقلۇقنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئورۇن بەرگەن هەر قانداق كىشىنى ئۆزىنى ئىقابلىغۇچى بارلىق ياسالما قىياپەتلىرىدىن تېزلا ئايرىپ تاشلاپ، هەقىقىي قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئىنتىلگەن بۇ خېنىمغا يامان خىيالدا بولۇشنى خالىمىسىمۇ، هەر هالدائۇنىڭ تېرموسنىڭكىدەك نەچچە قەۋەت مۇداپىئە تاملىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ هەقىقىي هارارىتىنى ئىپادە قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپلا قېيىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چاقىرغان تۈپتۈزۈك مېھمانلىرىنىڭ بىر - ئىككى رومكا ئىچىپلا ئۆزىگە ئوخشىماي قالغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن مەستۇرە مەسئۇدنىڭ زورلاشلىرىدىن قانداقتۇ بىر خىل غەيرىيلىكنى هېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ سېھىرلىشى بىلەن قەتئىي ئىچمەسلىك نىيىتىدىن ئاستا - ئاستا يېنىپ، رومكىنى قولىغا ئالدى.

ــ ئەمىسە،ــ دېدى ئۇ هەممىگە تەك كۆز تاشلاپ، ــ لەۋزىڭلارنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈنلا مۇشۇ

بىر رومكىنى ئىچمەن، بۇنىڭدىن كېيىن زورلىمايسىلەر.

ئۇنىڭ ئۈتۈنۈشى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىپ، رومكىلار تەڭلا كۆتۈرۈلدى. مەستۇرە رومكىسىنى سوقۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ھال رەڭ سۇيۇقلۇققا تىكىلدىدە، گويا ئېغىزى كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. جۇلالىق رەڭلەر بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك مەنزىرە ھاسىل قىلدى. بۇنىڭدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان مەسئۇد:

-قېنى، بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىڭ، - دېدى ھاياجان بىلەن.

مەستۇرە بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ زورى بىلەنمۇ، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچىمۇ قايتۇرماي ئىچىۋېرىپ، مەسئۇدنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلدى. مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ، چېھرى گۈلدەك ئېچىلدى. لەۋلىرىدە كۈلكە قاناتلاندى. بۇ چاغدا زۆھرەنىڭ كەيپىمۇ خېلىلا كۆتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇ پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان شەبنەمدەك تەر تامچىلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا سۈرتۈپ، بارغانسىرى شوخلىشىپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقان مەستۇرەگە زوقلىنىپ قارايتتى، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ رەختى، تىكىلىشى، شۇنداقلا بەكمۇ ياراشقانلىقىنى ماختاپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ماگىزىنغىمۇ پات - پاتلا ياخشى ماللارنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، لازىم بولسا، مەستۇرەگە ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلاتتى. ئاقىۋپ ئاكا بولسا، تۇتۇۋاتقان قۇرۇلۇشى توغرىلىق گەپ ئېچىپ، بىر قىسىم ماتېرىياللارنىڭ ساختىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلاتتى. مەسئۇد بولسا، كۈلۈمسىرىگىنىچە ھەممىگە كۆز سېلىپ، ئىشتىھا بىلەن تاماكا چېكەتتى.

مەستۇرە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

-نېمانچە چەككۈلۈك، - دېدى ئۇ ئۇنىڭغا، -يا ئۇنىڭغا شېكەر سېپىپ قويىمىسا ياكى ئۇ قورساق تويدىغان نەرسە بولمىسا.

-راست، - دېدى ئاقىۋپ ئاكا مەستۇرەنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، -چېكىۋېرىپ ھەممىمىزنى سۈرلەپ بولدۇڭلار، ئاداش! ئاچچىق ئىسىنى يۇتۇۋەرگىچە سەي - پەي، مېۋە - چېۋە يەڭلار. ھاراق ئىچىڭلار.

ئاقىۋپ ئاكا رومكىلارغا يەنە ھاراق تولدۇرۇشقا باشلىدى.

-مەن ئەمدى بولدى قىلاي، - دېدى مەستۇرە رومكىسىنى ئىتتىك ئالدىغا تارتىپ، - ھېلىمۇ كۆپ ئىچىۋەتتىم.

-بوپتۇ ئەمىسە، -دېدى ئاقىۋپ ئاكا ئۇنى ئاياش ھېسسى بىلەن، - ھېلىمۇ ناھايىتى ياخشى ئولتۇرۇپ بەردىڭىز.

-ماڭىمۇ بولار، - دېدى زۆھرەمۇ رومكىسىنى ئالدىغا تارتىپ، - مەسئۇد ئىككىڭلار ئىچىڭلار.

-ئەمىسە، بۇ ئاخىرقىسى بولۇپ قالسۇن، - دېدى مەسئۇد رومكىنى قولىغا ئېلىپ، - سىلەرمۇ چارچىدىڭلار، ئەمدى ئارام ئالايلى.

-تېخى ئەتىگەنغۇ، - دېدى ئاقىۋپ ئاكا سائىتىگە قاراپ، - مانا ئەمدىلا 11 بوپتۇ. يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇڭلار، بەك ئوبدان مۇزىكىلىرىم بار ئىدى. قويۇپ بېرىش ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ، ئىچىڭلار

www.uyghurkitap.com



پۈشۈپ قالغان بولسا، بىر ئاز تانسا ئوينامسىلەر يا؟

-رەھمەت، - دېدى مەستۈرە يومۇرلۇق كۈلۈپ، - ھەممىنى بۈگۈنلا تۈگىتىۋەتسەك بولماس.

-ئەمىسە ئۇكام، ئىشىكىمىز ئوچۇق، قاچانلا كىرسىڭىز ھەدىڭىز خۇشال قارشى ئېلىۋېرىدۇ.

-ئەلۋەتتە، - دېدى زۆھرەمۇ سۆز قىستۇرۇپ، - ھەر قاچان قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ئەنە شۇنداق تەكەللۇپ سۆزلەردىن كېيىن، ئاقۇپ ئاكىنىڭ مەستۈرەنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئويۇشتۇرغان ئولتۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

-باھاسىز ئادەم - دە، بۇ، - دېدى مەسئۇد سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئاقۇپ ئاكىنى ماختاپ،-چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ خۇددى ئەل - ئاغىنىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىۋېرىدۇ. ئايالىنىڭ مىجەزى ياخشى. سىزنى كۆرۈپ قىلمىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

-بىراق مېنىڭ قىلمايدىغان قىلىق تاپقىنىم يامان بولدى - دە!

-قايسى قىلىقنى دېمەكچىسىز؟

-ئۆزى زورلىغىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى قارا، - دېدى مەستۈرە قېيىدىغان قىياپەتتە مەسئۇدقا لاپ ئېتىپ قاراپ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى ئۆزى ئەيىبلىگەن نەرسىنىڭ شادلاندۇرۇشىدا گۈلدەك چاقنىماقتا ئىدى. تولۇنئاي يورۇتۇپ تۇرغان مەكتەپ سەيناسىدا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان كېتىۋاتقان مەسئۇد ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل جەزبىدارلىقتىن ئۆز قەلبىدە ئويغىنىۋاتقان مەپتۇنلۇقنىڭ ئەسەبىي تۇغيانلىرىنى باسالماي قالدى. ئۇ بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان بۇ قىز بىلەن پەقەت تۇنجى قېتىملا مۇشۇنداق يانمۇ يان ماڭماقتا. قىزمۇ ئۇنىڭغا پەقەت تۇنجى قېتىملا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، ئۆز مايىللىقىنى قېيداش قىياپىتىدە بىلدۈرمەكتە ئىدى. بەخت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى بەخش ئەتكۈچى بۇ كۆرۈنۈشلەر مەسئۇدنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپلا قالماي، پۈتۈن تەبىئىتىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالغاندەك قىلاتتى. مانا، ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك تولۇنلانغان ئاي يالتىراپ تۇرغان جىسمىدىن كۈمۈش رەڭ نۇرلارنى بولۇشىغا چاچماقتا. لەرزان شامال ئىللىق يەلپۈنۈپ، يېقىملىق پىچىرلىماقتا. يۇلتۇزلار كۆز قىسماقتا. مەسئۇد بۇ سېھرىمنىڭ ھاياجانلىق ھوزۇرىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن قىز بىلەن تەكشى قەدەم تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان ماڭماقتا. كالتە يەڭ كۆڭلەكىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ بىلىكىنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ بىلەكلىرىگە ئارىلاپ تېگىپ كېتىشلىرىدىن ھاسىل بولغان توك ئېقىمىدەك شېرىن جۇغۇلداشلاردىن تېخىمۇ مەست بولۇپ، ئۆزىنى سېھىرلىك دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا.

-گەپ قىلمايسىزغۇ؟ - دېدى مەستۈرە مەسئۇدنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىگە تاقەت قىلالماي، - ياكى مېنى قىلمىغان قىلىقنى قىلىشقا زورلىغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟

-پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، - دېدى مەسئۇد كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى يېقىملىق بولۇپ كېتىۋاتقان مەستۈرەنىڭ خۇش ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئاڭلاشقا تىرىشىپ، -لېكىن ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ئەكسىچە.

-قىزىق، - دېدى مەستۈرە مەسئۇدقا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ، -نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىڭىزنى

ئۇقالمىدىم.

-سىز ئەيىبلەۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ، - دېدى مەسئۇد كۈلۈپ، -سىزگە دورا بولمىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلەلمىگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بۇ سىزگە بەكمۇ يارىشىدىكەن ئەمەسمۇ.

-بۇنى قانداقمۇ ياراشتى دېگىلى بولسۇن، - دېدى قىز كۆتمىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ، -قاراڭە، پۇتلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك مېنى قاياققا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

بېشىــنى تىك تۇتۇپ، ھەر بىر قەدىمىنى چېكىتتەك دەسسەپ ماڭىدىغان مەستۇرەنىڭ ئاياغ ئېلىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. گويا ئۇزاق يول مېڭىپ چارچىغاندەك ئېغىر ئىدى. ئارىلاپ سەندۈرۈلۈپمۇ قوياتتى. لېكىن روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئەقلى - ھوشىمۇ جايىدا ئىدى.

-پۇتلىرىڭىزنىڭ نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەلمىسىڭىز، - دېدى مەسئۇد ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىغا يېقىملىشىۋاتقان سۆزلىرىدىن دەل جايىدا پايدىلىنىشقا ئىنتىلىپ، - مەن يېتەكلىۋالاي، ماڭا ئىشىنىڭكى...

مەسئۇد سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا، ئاجايىپ زور جاسارەت بىلەن قىزنىڭ بىلەكلىرىگە قول سوزدى. قىز گەرچە بىلەكلىرىنى قاچۇرمىسىمۇ، لېكىن توك تەپكەندەك جوغۇلداشتىن تىزلىرى پۈكۈلۈپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ھېلىمۇ ياخشى مەسئۇدنىڭ سوزۇلغان بىلەكلىرى ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك بېلىنى قامالاشقا ئۈلگۈردى - دە، ئۇنى شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئالدىغا تارتتىكى، ھارارەتلىك كۆكرەكلەر دەرھال بىر - بىرىگە يېپىشىپ، نۇرانە كۆزلەر بىر - بىرىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ قالدى.

-ماڭا ئىشىنىڭكى... - دەپ تەكرارلىدى مەسئۇد جوغۇلداشتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي.

-ئىشىــنىمەن، - دېدى قىزمۇ شېرىن جوغۇلداش ئىلكىدە ئۆزىنى قاچۇرغۇسى كەلمەي، - ئىشىنىمەن...

قىز ماغدۇرسىزلانغاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى، لېكىن تەشنا لەۋلىرى يەنىلا ئىلگىرىكى ھالەتتە مەسئۇدقا قاراپ پىچىرلىماقتا ئىدى:

-ئىشىنىمەن...

مەسئۇد چەكسىز بەختىيارلىق ئىلكىدە ئاي نۇرىدا گىلاستەك يالتىراپ تۇرغان بۇ پاك لەۋلەرگە ئاتەش لەۋلىرى ئارقىلىق سۆيگۈ تامغىسىنى باستى.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتتى، ئۇلار شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، بەختىيار ئائىلىنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى.

بەختىـيار ئائىلىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىش ئاشىق - مەشۇقلار ئارزۇسى چېچەكلىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. لېكىن چېچەككە كىرگەن ھەممىلا نېمىنىڭ مېۋە بېرىشىبېرىشى ناتايىن. مەستۇرەنىڭ ھاياتىمۇ شۇ خىل بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى. ئۇ تۇغماس چىقىپ قالدى.

مانا ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. پەرزەنت كۆرۈشنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مەسئۇدنىڭ تاقـەت كـاسىــــسى پـەقەت ئىككى يىلدىلا تولۇپ تاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى قىزغىن

سۆيۈشلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. مەستۇرە بولسا، شۇ قىزغىن سۆيۈشلەرنىڭ غۇۋا ئەسلىمىسى ئىچىدە ئانا بولالماسلىق ھەسرىتى بىلەن ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.

— سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك، — دەيتتى مەسئۇد ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلەتكەن بولۇپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ نوتىلىرىڭلار، ئۆلسەڭلەر ئىزىڭلارنى باسىدۇ، بىز بولساق، بىر جۈپ پور كۆتەكلەر، ئۆلسەك چىرىپ تۈگەيمىز، خالاس.

مەستۇرەنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئېيتىلىۋاتقان بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قوقاستەك ئۆرتەپ، كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى. «يەرگە كىرەي دېسە، يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئېگىز»تۇيۇلۇپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇۋېرىپ ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر دوستى ئۇنىڭغا مىللىي شىپاخانىغا كۆرۈنۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ تەۋسىيە قانداقلا بولمىسۇن مەستۇرەگە يېڭى ئۈمىد بېغىشلىدى.

— ئانا بولالايدىكەنسىز، — دېدى ساقاللىرى ئۆشتەك ئاقارغان تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، — دورا يېزىپ بېرەي، لېكىن بۇ دورىنى ئېرىنمەي ئۇزاق مۇددەت ئىچىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

مەستۇرەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ۋۇجۇدى خۇشاللىققا تولدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ تېۋىپقا قايتا - قايتا تەزىم قىلىپ، — ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلا بولسا، بىر ئۆمۈر ئۈزۈلدۈرمەي ئىچىشكە رازىمەن.

— تىلىكىڭىزنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى تېۋىپ ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن تەسىرلىنىپ.

مەستۇرە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسمىنى بىلمەيدىغان ھەر خىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، ئورۇقلاردىن تەركىب تاپقان بولاق - بولاق دورىلارنى قاينىتىپ، ئۈزۈلدۈرمەي ئىچىش بىلەن ھەپتە، ئايلارنى ئۆتكۈزدى. مەسئۇد مەستۇرەنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە دەسلەپكى چاغلاردا خېلى ئۈمىد بىلەن قارىغان بولسىمۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى، ئوچۇق بىر نېمە دېمىسىمۇ، لېكىن ئاشخانا ئۆيدە قايناۋاتقان دورا پۇرىقىنى ھىدلاش بىلەنلا مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىنى سەزگەن مەستۇرە كۆرمەسكە سالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى «كۆرۈپ كۆرمەسكە، بىلىپ بىلمەسكە سېلىش»بۇ ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ، ھەپتىلەر، ئايلار خۇددى يا ياغماي، يا ئېچىلىپ كەتمەي، تۇتۇلۇپلا تۇرۇۋالغان ھاۋادەك بورۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇلارنى ئاقۇپ ئاكا مېھمانغا چاقىردى.

— بۈگۈنكى سورۇنىمىزنىڭ مەقسىتى، — دېدى ئاقۇپ ئاكا تاماق يېيىلىپ، جوزىغا ھەر خىل قورۇلمىلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن رومكىلارنى تولدۇرۇپ، — ئىنىمىز مەسئۇدقا كەلگەن ئامەتنى تەبرىكلەش، شۇنداقلا ئۇنى خۇشال - خۇرام ئۇزىتىش.

ئەل قاتارى ئورنىدىن تۇرۇپ، رومكا سوقۇشتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان مەستۇرە ئاقۇپ ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاتالمىش «ئامەت» بىلەن، بىر ئۆيدە تۇرۇپمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بۇ «ئۇزىتىش»نىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئېرىنىڭ بۇنچىلىكمۇ «يات»لىشىپ كەتكەنلىكىدىن غەزىپى ئۆرلەپ ئۇنىڭغا لاپ ئېتىپ قارىدى. لېكىن مەسئۇد بۇ قاراشلارغا قىلچىمۇ ئېتىبار قىلماي

ئۆزىنى خۇش خۇي ۋە سالماق قىياپەتكە سېلىپ:

- ئاۋارە بولغىنىڭىزغا رەھمەت، - دېدى -دە، رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاقۇپ ئاكا ۋە زۆھرەنىڭ رومكىسى بىلەن بىر - بىرلەپ سوقۇشتۇردى. ئاندىن مەستۈرەگە قاراپ، - كېلە، سەن بىلەنمۇ سوقۇشتۇرۇپ قوياي، - دېدى.

غەزىپى خۇددى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ماگمىدەك ئىچ - ئىچىدىن قايناۋاتقان مەستۈرەنىڭ قولىدىكى ھاراقنى ئېرىنىڭ ھەييارلىق بىلەن چىمىلداپ تۇرغان كۆزىگە، ھەممىنى ياسالما كۈلكە بىلەن يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كېتىۋاتقان يۈزىگە چېچىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن سەتچىلىك بولمىسۇن دەپلا ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى.

- خۇش خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشمەن، - دېدى ئۇ ئاخىرى ئۆزىگە مۇلايىم تۈس بېرىپ، - ئاق يول بولسۇن، ئەپەندىم.

مەستۈرەنىڭ مەسئۇدقا تەگكۈزۈپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرەگە چاقچاق بولۇپ تۇيۇلۇپ، قاتتىق كۈلۈشتى، مەسئۇدمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلدى.

«دەردىنى ئىچىدە بىلىش»، «كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىش» - مەستۈرە ئۆزىنى بۇرۇختۇم قىلىۋاتقان بۇ ئادەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قاتتىق خىيالغا پاتتى. بۇنىڭ ئەيىبكارى كىم؟ مەسئۇدمۇ ياكى مەستۈرەمۇ؟

مەستۈرە ئويلانغانسېرى ئۆز تەبىئىيىتىدىكى ئاجىزلىقتىن ئۆككۈندى. مۇشۇ تۈپەيلى ئېرىنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقى تارتىۋاتقانلىقىدىن ئازابلاندى. ئەگەر تالاشسىلا بۇ ئاجىزلىقى يۈزىگە سېلىنىپ، ۋاقتىدا «خاتىرجەم» بولۇشنىڭ لايىھىسى ئېلان قىلىنىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بۇ دەھشەتلىك «ئېلان»نى ئاڭلاشتىن كۆرە، يەنىلا «دەردىنى ئىچىگە يۇتۇش»، «كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىش» ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تەسەللىي ئىدى. خۇدا بۇيرۇسا، مىللىي شىپاخانىنىڭ دورىسىمۇ بارغۇ.

مەستۈرە كېلىشكەن قامىتىگە مەغرۇرانە تۈس بېرىپ، ئېرى توغرىسىدا بولۇۋاتقان پاراڭلاردىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغاندەك قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. گەپ ئارا ئېرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقى، ئۆگۈنلۈككىلا يولغا چىقىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. مەستۈرە ئېرىنىڭ شۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ ئۆزىگە دېگۈسى كەلمىگەنلىكىدىن يەنە ئازابلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ تامامەن بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ - قانداق؟

مەستۈرەنىڭ ئازابلىق ئويلىنىشلار ئىچىدە بۈگۈن - ئەتىلا ئۆز ئەقىدىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان جۇدالىق سىگنالىنىڭ چېلىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھەي ئەر كىشىلەر، سىلەر نېمانچىمۇ يۈزسىز كېلىدىغانسىلەر! دۇنيادا يۈرەك - باغرىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان بىردىنبىر مەھبۇبىڭلارنى بىر سۆز بىلەنلا ئۇيان - بۇيان قىلىۋېتىشكە يۈرىكىڭلار قانداقمۇ چىدايدىغاندۇ!

مەستۈرە ئۆزىنى چىڭ تۇتۇشقا ھەرقانچە ئىنتىلسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئازابلىق سوئاللار ئاق كۆڭۈل ئاقۇپ ئاكىنىڭ سەمىمىي مېھماندوستلۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىنى بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن - ئەتىلا چېلىنىدىغان جۇدالىق سىگنالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئويلىناتتى. ئۇ گەرچە بۇ سىگنالنى ئاڭلاشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر چېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇپ، ھودۇقۇپ، بىچارە قىياپەتكە چۈشۈپ قېلىشنىمۇ غورۇرى كۆتۈرمەيتتى. شۇڭا

www.uyghurkitap.com



ئېرى ئېغىز ئاچمىغىچە بۇ ھەقتە ئۆزىنى ئارتۇقچە ئۇپرىتىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ، شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇش تۇگەپ، ئۆيىگە قايتىپ كىرگەنگە قەدەر ئېرىگە ئېغىز ئاچمىدى. ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئېرىنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى راسلاپ بېرىپ، ئۆزى ئايرىم كارىۋاتتا يېتىۋالدى. مەسئۇد كەينى - كەينىدىن تاماكا چېكىپ ئۆي ئىچىنى ئىسلىۋەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ، چىراغنى ئۆچۈردى - دە، مەستۇرەنىڭ يېنىغا كېلىپ قىسىلدى. مەستۇرە بارغانسېرى ئۆزىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ گەۋدىگە پەقەت ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەل - پەل سۈرۈلۈپ، بېقىنىدىن ئورۇن بەردى. مەسئۇد ئۆزىنى ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قۇچاقلىدى. بەدەنلىرىنى سىيلاپ، لەۋلىرىگە سۆيدى. مەستۇرە بولسا، گويا پۈتۈن سەزگۈلىرىدىن ئايرىلغاندەك مىتمۇ قىلماي قويمىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقى مەسئۇدقا بەكمۇ ئايان ئىدى. ئۇ مەستۇرەنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ، ناھايىتى ئەزىزلەپ ئالدى. ئۇنىڭ بەستىدىكى گۈزەللىك، مىجەزىدىكى مەردانىلىقتا مەپتۇن بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا بەردى. لېكىن ئانا بولالماسلىقتىن ئىبارەت بىرلا يېتىشسىزلىك كەلگۈسىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كۆڭلىنى غەش قىلىشقا باشلىدى. مېۋىسىز دەرەختەك ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ كۈچكەن يۇلتۇز، ئۆچكەن ئوتتىن نېمە پەرقى بار؟ ئويلانغانسېرى چۆلدىكى سەراپقا ئەگىشىپ، ئۇسسۇزلۇقى قانمىغان كارۋاندەك بۇ گۈزەلنىڭ چىرايلىق قامىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئورۇق - ئەۋلادسىز ئۆتۈپ كېتىشنى خالىماي قالدى. ئۇ، بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى كۆتكەندىكىدىنمۇ ئارتۇقراق ۋاپادار بۇ خوتۇننى بىراقلا رەنجىتىپ قويۇشنى خالىماي، ئۇنى ئاستا - ئاستا زېرىكتۈرۈش خىيالىغا كەلدى. ئۇندىمەسلىك، تاپا - تەنە قىلىش، بوگۈنكىدەك زور ئىشلاردىنمۇ ئۇنى خەۋەردار قىلماسلىق - مانا بۇ ئۇنىڭ زېرىكتۈرۈش يولىدا ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى. ئۇندىمىسىمۇ بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆز جېنىغا پېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدىغان جان بولامدۇ؟ مەستۇرەدەك چېچەن ئايالدىن بۇ ھەقتە سوئال سوراش ھاجەتسىز. شۇنىسى ئۇ نېمىشقا ئۇندىمەيدىغاندۇ؟ مەسئۇدقا شۇ تاپتا مەستۇرەنىڭ سەزگۈلىرىدىن ئايرىلغان مۇزدەك گەۋدىسى ھەممىنى چۈشەندۇردى. ئۇ، ئۇنى ھەرقانچە قۇچاقلاپمۇ ئىللىتالمىدى. دېمەك، ئۇ ئاستا - ئاستا زېرىكتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىپ بولغان ئىدى. ئەمدى ئېغىز ئاچسىلا مۇزلىغان تېنىنى ئىللىتالمايدىغان بۇ گەۋدىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانلىقىنى ئېيتمىدىغاندەكلا قىلاتتى. لېكىن مەسئۇد يەنىلا چىدىمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆمرىگە كېلىپ، مەستۇرەدەك قىزنى ئۇچراتمىغان ئىدى. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق ۋاپادارغا نائىل بولۇشقا كۆزى يەتمىدى. تىببىي ئىلىم تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەستۇرەنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

- شىپاخانىنىڭ دورىسىنى ھازىرمۇ ئىچىۋاتامسەن؟

- ئىچىۋاتىمەن.

مەستۇرەنىڭ جاۋابى ئىنتايىن سەمىمىي، ئاۋازى يەنىلا يېقىملىق ئىدى. مەسئۇد بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۈمىدۋارلىقىنى تېخىچىلا يوقاتمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. كۆز ئالدى نۇرلىنىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى قانداقتۇ بىر جۇغۇلداش ئىلكىدە لەرزىگە كەلدى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە مەستۇرەنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

- بىز جەزمەن بالىلىق بولىمىز.

مەستۇرە ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى لەپپىدە ئاچتى. نېمىز پەردىلىك دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى ئېرىنىڭ سەممىمىي تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ چىراي مەكتەپ سەيناسىدىكى ھېلىقى ئايدىڭ كېچىدىكىدەك ئىللىق ۋە يېقىملىق ئىدى. بۇ ئىللىقلىق ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا قېتىشقا باشلىغان سۆيگۈ سەزگۈلىرىنى بىراقلا جانلاندۇرۇپ، بىمەزگىل سوۋۇشقا باشلىغان ياشلىق ھارارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ سەينادىكى تۇنجى ئۇچرىشىشتىكىدەك مەستخۇش قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئېرىگە يۈزلەندى.

- نېمىشقىدۇ، - دېدى مەسئۇد ئايالىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ، - شىپاخانىنىڭ دورىسى شىپالىق رولىنى نامايان قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

- قانداق؟ - دېدى مەستۇرە ئەۋرىشىمدەك قوللىرى بىلەن ئېرىنىڭ گەۋدىسىنى بوش قۇچاقلاپ، - چۈشەنگىنىزدە ئايان بولدىمۇ - يا؟

ئايالىنىڭ ئەركىلەپ قىلغان چاقچىقى مەسئۇدنىڭ يۈرەك - باغرىنى يايرىتىۋەتتى.

- مەن بۇنى ئىشەنچ، ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېيتىۋاتىمەن، - دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، - ئازكەم بىر يىلدىن بۇيان ئۇنى ئۆزمەي ئىچىۋاتقانلىقىڭ ئەلۋەتتە خۇدانىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

- سىزنىڭ تەسىرلەنگىنىڭىز خۇدانىڭ تەسىرلەنگىنىگە باراۋەر، - دېدى مەستۇرە يەنە چاقچاققا يۆلەپ، - چۈنكى ئەر دېگەن يېرىم خۇدا ئەمەسمۇ.

- ئاخىر يۈزۈمگە سالدىڭ - دە، - دېدى مەسئۇد بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن، - مېنى كەچۈر، خوتۇن.

- بولدى، گەپ قىلماڭ، - دېدى مەستۇرە لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى توسۇپ، - مېنى چىڭ قۇچاقلاڭ.

تاڭ ئاتتى. مەستۇرە ئادەتتىكىدىنمۇ ئارتۇق چەبدەسلىك بىلەن ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ، يېرىم كۈن ئىچىدىلا مەسئۇدنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تەق قىلدى.

مانا بۈگۈن مەسئۇدنىڭ ئىچكىرىگە كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇ، بۇ جەرياندا شىپاخانىنىڭ دورىسىنى ئىچىشنى ئۈزۈلدۈرمىسىمۇ، لېكىن ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي بولالمىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن، بىر يىلغىچە ئۈنۈم بەرمىگەن بۇ دورىنىڭ ئەمدى قانچىلىك رولى بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەسئۇدنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكىدە يەنە كونا سەنەمگە دەسسىمەي قالمايدىغانلىقىدىن خاۋاتىرلىنەتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى زىندىيەتلىك خىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ گەرچە ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇغان بولسىمۇ، بىر نەرسە يېزىشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. ئانچە - مۇنچە رومان ئوقۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن بەكمۇ يىراقتىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىدىن بىزار بولۇپ، ئايغىنى چىقارمايلا تاشلىۋەتكەنىدى. پەقەت دەرس ئۆتۈش ئېھتىياجى بىلەنلا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئوقۇشلۇق كىتابتىكى تەھلىلگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئەمەك يوق ئىدى. دېمەك ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھېچقانداق قىزىقى قالمىغانىدى. تىلەمچى ئايالنىڭ ئەنە شۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ قەلبىگە بىسىپ كىرىشى ئۇنىڭ بارلىق نېرۋىلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭ قايتا دىدار كۆرسىتىشىگە تەقەززا بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى

بەختسىزلىككە ئۇچرانقان تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش كويىدا تۈنجى قېتىم قاراملىق قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ ئىككى بالىنىڭ قايسىسىغا بولمىسۇن، ئىشقىلىپ پەقەت بىرىگىلا ئېرىشىش ئۈچۈن تىلەمچى ئايال بىلەن سودىلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارتۇقچە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالىماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى - دە، سىرتقا ماڭدى.

ئۇ، شۇ كۈنى بازارنىڭ تىلەمچىلەر ئولتۇرىدىغان بارلىق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى، لېكىن ئۆزى ئىزدىگەن تىلەمچى ئايالنى ئۇچرىتالماي ھېرىپ - چارچاپ قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم سىرتقا چىقىپ، ئۇنى يەنىلا تاپالمىغاندىن كېيىن ۋەدىسى بويىچە كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۆيىدىمۇ كۈتتى. لېكىن ئۇ كەلمىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. مەستۈرە ئاخىرى ئۇنى مەھەللىسىدىن تېپىشنى نىيەت قىلىپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرغىنىدا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ كۈتمىگەن بۇ مېھمانىنىڭ كىملىكىنى بىلىش نىيىتىدە ئىشىككە ئورنىتىلغان ئەينەكچىدىن سىرتقا باقتى. سىرتتا ئالىپتە كىيىنگەن بىر ياش ئايال تۇراتتى. مەستۈرە شۇنچە سىنچىلاپ قاراپمۇ، ئۇنى تونىيالمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاستا ئاچتى.

- ئەسسالام، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، خېنىم.

قەددى - قامىتى كېلىشكەن زىلۋاغىنە ئايال كېلىشكەن چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، قەدىناسلاردەك كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. مەستۈرە ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن دەماللىققا ئەسلىيەلمەي، ھاڭ - تاڭ بولۇپ:

- خۇش كەپسىز، - دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدى.

ئايال بىر ئاز كىيىلگەن بولسىمۇ، تېخى ئىسكەتتىن كەتمىگەن ئاراپاشنا توپلىيىنى كارىدورغا سېلىپ قويۇپ، ئىچكىرىگە ماڭغىنىدىلا مەستۈرەنىڭ يۈرىكى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ توپلىيىنى تونۇغانىدى. بۇ ئۇنىڭ بىر يىلچە كىيىپ، كېيىن تىلەمچى ئايالغا باشقا كىيىملىرى بىلەن قوشۇپ بېرىۋەتكەن توپلىيى ئەمەسمۇ؟! ئۇنداقتا بۇ ئايالچۇ؟ . . .

مەستۈرە كېلىشكەن ئايالنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالدى. قويۇق، قارا چاچلىرىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بۇ ئايالنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى كۈلۈپ، ئويماقتەك ئېغىزى تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك ئىنچىكە، قاڭشالىق بۇرنى تولۇنئايدەك يۈزىگە تېخىمۇ كۆركەم تۈس بېرىپ تۇراتتى. مەستۈرە ئۇنىڭ ئۇچىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كىيىۋالغىنىمۇ مەستۈرەنىڭ بىر يىل ئىلگىرى كىيگەن شاپتۇل چېچەكلىك گۈللۈك تېگى سارغۇچ بەل پۈرمە كۆڭلىكىگە ئوخشاش ئىدى. مەستۈرە بۇ كۆڭلىكىنىمۇ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ھېلىقى تىلەمچى ئايالغا بېرىۋەتكەنىدى. ئەمىسە بۇ كىم؟ مەستۈرە ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تىلەمچى ئايالنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالما ئورۇقى رەڭ بەل پۈرمە شىپىلىك دوخاۋا كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا خىيالەن كىيگۈزگەندىن كېيىنكى گۈللەر ئىچىدە ھەممىدىن ئېگىز ئۆسۈپ، لەرزان شامالدا يېقىملىق تەۋرىنىپ تۇرغان غۇنچە قامەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

- ئاھ . . .

مەستۈرە ئۇنى تونۇدى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەستۈرە قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، ئاندىن قوللىرىنى قويۇپ بەرمەي، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا

يەنە بىر قېتىم زوق بىلەن قالپ چىقتى.

- مانا، يارىشىپتۇ، - دېدى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇش بولۇپ، - «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، لاتا ئەسكىسى» دەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن، بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، تونۇماي قاپتىمەن.

- ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، - دېدى تىلەمچى ئايالمۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، - دۆلىتىڭىزدە مۇشۇنچىلىك ئىسكەتكە كىرىپ قالغىنىمغا خۇشالمەن.

- بۇ لاتا - پاتىلار گۈلدەك قامىتىڭىزنىڭ ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيتتى، - دېدى مەستۇرە تىلەمچىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، - خۇدا بۇيرۇسا ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىللىرىنى ئېلىپ بېرىشكە قادىرمەن.

- شۇنىسى، - دېدى تىلەمچى ئايال غەمكىن كۈلۈپ، - مەن يەنىلا تىلەمچى، بۇ ھالىمدا ماڭا ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ. ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇنى مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈچۈنلا كىيدىم.

- نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، تازىمۇ يارىشىپتىغۇ.

- يارىشىشىنىغۇ ياراشتى، لېكىن بۇ كىيىملەر بىلەن تىلەمچىلىك قىلسام، ماڭا كىم سەدىقە بېرىدۇ.

تىلەمچىنىڭ سۆزلىرى مەستۇرەنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

- راست، - دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، - بۇ سىياقىڭىز بىلەن تىلەمچىلىك قىلسىڭىز، سىزگە نان ئەمەس، جان بېرىدىغانلارمۇ كۆرۈنگىلى چىققۇدەك.

- بۇنداق جان بەرگەنلەرنىڭ نەچچىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىمغۇ، يەنە چىقسا، شۇلارچىلىكلا بولار.

- ئەگەر مەن يىگىت بولغان بولسام، - دېدى مەستۇرە يەنە چاقچاق قىلىپ، - سىزنى بىر تۇتۇۋالغىنىمچە، ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرمىگەن بولاتتىم.

- ئەگەر راستىنلا يىگىت بولغان بولسىڭىز، - دېدى تىلەمچى ئايالمۇ كۈلۈپ، - پۈتىڭىزغا ئېسىلىۋېلىپ، قوغلىسىڭىزمۇ چىقىپ كەتمەيتتىم.

ئىككى ئايال تەڭلا كۈلۈشتى.

- توۋا، - دېدى تىلەمچى ئايال كۈلكىدىن ياشلانغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، - خۇدا ئادەم دېگەننى شۇنداقمۇ تەلتۆكۈس ياراتقان بارمۇ. سۈلىتىڭىزمۇ، دۆلىتىڭىزمۇ بار ئايالكەنسىز، ئىچى - قارنىڭىز بولسا، بىر دەريا. ئېرىڭىز ئۆز بەختىدىن بەكمۇ شادلانسا كېرەك.

- ئانچىمۇ ئەمەس، - دېدى مەستۇرە شۈركەنگەندەك قىياپەتتە تىلەمچى ئايالغا لاپ ئېتىپ قاراپ، - بۇنى سىزگە ئايرىم ئېيتىپ بېرىمەن.

مەستۇرە شۇنداق دەپلا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. تىلەمچى ئايال «گادايىنى ھۆرمەت قىلساڭ چورىقى بىلەن تۆرگە چىقار» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويدىممۇ نېمە دېگەن خىيال بىلەن ئارتۇقچە ئېچىلىپ، يېيىلىپ، بولمىغۇر پاراڭلارنى قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈندى.

مەستۇرە داستىخان ئېلىپ كىرىپ شىرەنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا تۇتۇق بولۇپ، لەۋلىرىدە قېتىپ قالغان كۈلكىسى كەچكۈزدە ئېچىلالماي قالغان غۇنچىدەك سولغۇن ھەم جۇلاسىز ئىدى. تىلەمچى ئايال ئۇنى ھەقىقەتەن رەنجىتىپ قويغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىچىدە ئۆزىنى نەچچە مىڭنى ئەيىبلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– كىچۈرۈڭ، – دېدى ئۇ ئاخىرى تاقەت قىلالماي، – ئۆز ھالىمغا باقماي سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم.

– نەدىكى يوقىلاڭ گەپنى قىلىدىغانسىز، – دېدى مەستۇرە سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ، – ئالدى بىلەن چاي - پاي ئەكىلەي، ئاندىن تاقەت قىلىپ ئاڭلىسىڭىزلا، سورىغان سوئالىڭىزغا تالىق سۆھبەتكە كىرىشىمىز.

– ۋاي، ياق، – دېدى تىلەمچى ئايال قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن چۆچۈپ، – مەن بۈگۈن سىزگە كىر يۇيۇپ بېرىش ئۈچۈنلا كەلدىم. چايمۇ ئىچمەيمەن، قىلىدىغان ئىشلىرىمنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىزلا بولدى.

مەستۇرە ئۈن - تىنسىز چىقىپ كېتىپ، دەملەنگەن چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

– قىزىقكەنسىز، – دېدى مەستۇرە پىيالىلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ، – سىز ھەرگىزمۇ رەنجىتىدىغان گەپ قىلغىنىڭىز يوق، ئەكسىچە مېنىڭ سىزگە دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىمنىڭ بۇرۇنراق باشلىنىشىغا يول ئاچتىڭىز، خالاس . . . قېنى چايغا بېقىڭە!

تىلەمچى ئايال مەستۇرەنىڭ زورى بىلەن پىيالىدىكى چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئۇنى رەنجىتىپ قويمىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بۇ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىغا قىزىقتى.

– مەن، – دەپ گېپىنى باشلىدى مەستۇرە، – سىز ئويلىغاندەك ئانچىمۇ بەختلىك ئەمەس، ئېرىمنىمۇ مەندىن ئانچە رازى دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى مەن ئۆتكەندە سىزگە ئېيتقىنىمدەك پەرزەنت كۆرمىگەن. پۇلغىمۇ سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان بۇ ئىقتىدارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمدە يېتىلدۈرەلمىدىم، خۇدا بەرمىسە، نېمە ئامال . . .

مەستۇرە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بىزگە مەلۇم بولغان سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى - دە، بىزگە مەلۇم بولغان ئارزۇسىنىمۇ دۇدۇقلاپ ئولتۇرماي ئاشكارىلا ئوتتۇرىغا قويدى.

– بۇنىڭ ئۈچۈن، – دېدى ئۇ ئاخىرى يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە، – سىزنى خالىغىنىڭىزچە رازى قىلىمەن.

– بۇنىڭغا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، – دېدى تىلەمچى ئايال كۈتمىگەن مەردانىلىق بىلەن، – قايسى بالامنىڭ بولمىسۇن سىزدەك ئېسىل ئانىغا ئېرىشىشى ئۇنىڭ بەختى دېگەن گەپ. مېنىڭ قولۇمدا ئاچ - يالىڭاچ ئۆسۈپ، توپا - تۇمان ئىچىدە مەندەك تىلەمچى بولۇپ يېتىلگەندىن كۆرە، سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆزىگە چاڭ يۇقتۇرماي چوڭ بولغىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ. قېنى، خالىغىنىڭىزنى تاللىۋېلىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

تىلەمچى ئايالنىڭ بۇنچىلىك مەردانىلىقى مەستۇرەنى ئېسەنكىرىتىپ قويدى. ئۇ ئەسلىدە تىلەمچى ئايال ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئوڭلاش كويىدا مەلۇم دەرىجىدە سودىلىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

– دەردىمگە دەرمان بولغىنىڭىزغا رەھمەت، – دېدى مەستۇرە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئورنىدىن

تۇرۇپ، - بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

- ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ كەلگەن ئىدىم، - دېدى تىلەمچى ئايال سەممىيلىك بىلەن، - ئەتە ئېلىپ كېلەي، قايسىنى ئۆگىتىۋېلىشقا كۆزىڭىز يەتسە، شۇنى ئېلىپ قېلىڭ ياكى قورسىقىمدىكىنى ئالامسىز - يا؟ ئۆزىڭىز تۇغقاندەكلا چوڭ قىلىۋالىسىز.

بۇ سۆز مەستۈرەگە كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشاللىق بېغىشلىدى، شۇنداق بولغاندا بالا ئۆزىگە ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلمايلا، مەستۈرەنى ئۆز ئانىسى بىلىپ چوڭ بولۇۋېرىدۇ. تەبىئىي مېھىر-مۇھەببەتتىنمۇ بەھرىمەن بولالايدۇ.

- ئەگەر خالىسىڭىز، - دېدى تىلەمچى ئايال مەستۈرەنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، - مەن بىلەن تەڭ قورساق كۆتۈرۈڭ. تۇغقاندىمۇ تەڭ تۇغايلى. بۇنداق بولغاندا بالىڭىزنى ھېچكىممۇ «ئاسراندى» دېيەلمەيدۇ.

- ۋاھ! - مەستۈرەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چېھرى گۈلدەك ئېچىلدى، - بۇمۇ بولىدىغان گەپكەنغۇ. بۇنچىلىق تەدبىرلەرنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان بولغىيدىڭىز.

- بۇ يېزىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش. تۇغماسلىقتا ئەيىبلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا بەزىلەر ماڭىمۇ بۇ يولنى كۆرسەتكەن، لېكىن بالىسىنى بېرىدىغان ئىككىقات ئاياللارنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇنداق قىلالمىدىم.

- چېنىپ قالماس - ھە؟

- قانداق چاناتتى، ئىككىمىز چاندۇرمىساقلا بولمىدىمۇ.

- ئىككى ئايلىق بولدى، دېدىڭىزمۇ؟

- توپتوغرا ئىككى ئايلىق بولدى.

- ئۇنداق بولسا، ئېرىمگىمۇ چانمىغۇدەك.

- نېمە، ئۇنىڭدىنمۇ يوشۇرامسىز؟

- ئۇنىڭغا شىپاخانا دورىسىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەنلىكىنىلا ئۇقتۇرسام بولدى.

مەستۈرە شۇ مىنۇتتىن باشلاپلا باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ئۇ تىلەمچى ئايال بىلەن كېيىنكى ئۇچرىشىشلىرى توغرىسىدا كېلىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھامىلىنى ئاسراشنىڭ ئۇسۇللىرىنى قايتا - قايتا تاپىلاپ، ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بېرىپ، خوشلاشتى - دە، ئېرىگە خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

## ئۈچىنچى قىسىم

### يوچۇن ئادەم

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئازكەم ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەستۈرەنىڭ تىلەمچى ئايال ئارقىلىق تۇنجى ئېرىشكەن بالىسى بىر ياشقا يېقىنلىشىپ، تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ قوشۇما قاشلىق، ئۆسكىلەڭ بويلۇق، بودرۇققىنە ئوغۇل ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى مەستۇرەگىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچى قولۇم - قوشنا، يار ۋ - بۇرادەرلەر ئۈچۈنمۇ خېلىلا زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئوغۇلنىڭ پەرزەنتسىزلىك تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئىككى ياشنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق رىشتىنى قايتا مۇستەھكەملىگىنىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار ئىدى. بولۇپمۇ ئاقۇپ ئاكىنىڭ ئايالى زۆھرە بۇ بالىنىڭ دەل ۋاقتىدا دۇنياغا كېلىشىدە ئۆزىنىڭمۇ ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىگەنلىكى توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن ھېكايە قىلاتتى.

- مەستۇرە كۆڭلىدىكىنى ماڭىلا ئېيتاتتى، - دەيتتى ئۇ ماختانغان قىياپەتتە، - مەن ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا بەكمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بىئارام بولاتتىم، مەن ئاخىرى ئويلىنىپ - ئويلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ تىبابەتچىلىكىمۇ خېلى ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگىغۇ، شۇنىڭغىمۇ كۆرۈنۈپ باقسا قانداق دېگەن ئەقىلگە كەلدىم. بۇ ئويۇمنى مەستۇرەگە ئېيتىۋېدىم، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۆزىمىزنىڭ دورىسىمۇ قالتىسكەن، ئۇ، بۇ دورىلاردىن بىر قانچە بولاق ئىچىشى بىلەنلا بويىدا قاپتۇ.

- تەشكىلمۇ مەستۇرەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، - دەيتتى مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئايال شۇجىسى، - بىز ئۇنىڭ ساغلام پەرزەنت كۆرۈشى ئۈچۈن يەڭگىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرىلا خىزمەتتىن ئاجرىتىپ، ئۆزىنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇق.

خېلىلا ئاشۇر ۋۇجۇدىدىن يالقۇنلاپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتلار بىلەن سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەستۇرەنىڭ رەت قىلىشىغا مۇھتاج بولمىغان بۇ سۆزلەر تەسىرلىك ھېكايىگە ئوخشاش ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەتراپقا خېلىلا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەستۇرەنى يوقلاپ، مۇبارەكلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغىمۇ خېلىغىچە ئۈزۈلمىدى.

- مۇبارەك بولسۇن، - دەيتتى ئۇلار بولاق - بولاق نەرسىلەرنى بۆشۈكتىكى پاقلاندەك بوۋاقنىڭ بېشىغا قىستۇرۇپ، - خۇددى ئاتىسىغىلا ئوخشاپتۇ.

- ياق، مەستۇرەگە ئوخشايدۇ.

مەستۇرە كۈلۈمسىرىگىنىچە، يا ياق، يا ھەئە دېمەي پەقەت «رەھمەت» دەپلا قوياتتى. لېكىن بۇنىڭ ئۆتمۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، خەق ئاڭلىسا، بىر ئۆمۈر كۈلكە بولىدىغان مەسخىرىلىك بىر ئويۇننىڭ ئاساسىي قەھرىمانىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى.

- چېنىپ قالارمۇ، - دەيتتى ئۇ تىلەمچى ئايال بالىنى ئېمىتىشكە باشلىغاندا ئىشكىنى تاققىدەك ئېتىپ قويۇپ، - كىشىلەرنى كۆرسەملا خودۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

- نېمىگە خودۇكسىرەيتتىڭىز، - دەيتتى تىلەمچى ئايال ئۇنى جىمىلەپ، - ئىشلىرىمىزدا خەقنى گۇمانلاندۇرىدىغان ھېچقانداق يوچۇق قالمىدىغۇ.

«يوچۇق» قالمىغان بۇ ئىشلارنىڭ جەريانى مەستۇرە ئۈچۈن ھازىرقىدەكلا ئايان ئىدى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئادى بىلەن ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى ئاشكارىلىماقچى بولدى. بۇنىڭغا ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىق كەتمىدى. ئاقۇپ ئاكىنىڭ ئايالى زۆھرەگە «تىنىپ»لا قويۇۋېدى، بۇ خەۋەر ئىككى كۈن ئىچىدىلا ھەممىگە ئايان بولدى. ئاندىن تىلەمچى ئايالنىڭ قورسىقىغا تەقلىد قىلىپ، تېنىنىڭ ھامىلىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قىسىملىرىغا خەيمەندىن كۆپتۈرمە قويدى. شۇنداق قىلىپ، قىش چىقىرىپ 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغىچە قورسىقى گۈمبەزدەك يوغىناپ، ئالچاڭلاپ ماڭالمايلا قالدى. ئاندىن

ھامىسىنىڭ ئۆيىدە بوشىنىپ كېلىشىنى ئېيتىپ، «يەڭگىش»تىن بىر ئاي ئىلگىرىلا تىلەمچى ئايالنى ئېلىپ سەھراغا چىقىپ كەتتى. ئۇ، بۇ خىلۋەتتە ئاق كۆڭۈل ھامىسى بىلەن بىللە تىلەمچى ئايالنى كـارـۋاتتىن چۈشۈرمەي كۈتتى. بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىككى بالىسىنىمۇ بەگ باللىرىدەك ئەتىۋارلىدى. ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدىنىمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۈتۈلگەن تىلەمچى ئايال 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭغا كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن مەسئۇدقا ئاھاڭداش مـەخمۇد دېگەن ئىسمىنى قويۇشتى. تەلەيلىك مەخمۇد ئۈچ ئاينىڭ قولىدىن چۈشۈرمەي ئەتىۋارلاپ كۈتۈشى بىلەن ئىككى ئايدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئەمدى ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەستۇرەنىڭ «تۇغۇت»تىن كېيىنكى دەم ئېلىشى يازلىق تەتىلگە ئـۇلىنىپ كەتكەچكە، تولىمۇ ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ، شۇ يەردە تۇرۇپ، مەخمۇدنى قۇچىقىغا ئالغان ھالدا سۈرەتكە چۈشۈپ مەسئۇدقا يوللىۋەتتى. مەسئۇد خەت بىلەن سۈرەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا پەرزەنت ئـاتـا قىلغان جانابىي ئاللاغا نەچچە مىڭ شۈكرى سانا ئوقۇپ، تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن ھامان يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى. خەت بىلەن بىللە بىر خالتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا مەخمۇدقا بىر قانچە قۇركىيىم، مەستۇرەگە ئىككى كىيىملىك رەخت سېلىنغانىدى. مەستۇرە بۇنى ئېلىپ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ «يوچۇق»چىقماس تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئېرىنىڭ شەكسىز تەشەككۈرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ئالدىغانلىقىدىن تولىمۇ ئازابلىناتتى.

مەسئۇد شۇ يىلى تەتىلدە كېلەلمىدى، مەكتىپى ئۇلارنى جەنۇبىي جۇڭگونى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئـورۇنلاشتـۇرغانىدى. ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇ پۇرسەت مەستۇرەنىڭمۇ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

— مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، — دېدى مەستۇرە ئېرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋېتىپ، — ئۆيدە بالا باققۇچى ئايال بار، ھامامىمۇ پات - پاتلا كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سالامەتلىكىممۇ ناھايىتى ياخشى. مانا قۇچىقىمدا مەخمۇدمۇ بار.

— مەخمۇد! مەخمۇد! دادا دېگىن، بالام!

تۇرۇپكىدىن مەسئۇدنىڭ مەخمۇدقا ئىلتىجا قىلغان خۇشال ئاۋازى كەلدى. مەستۇرە تۇرۇپكىنى مەخمۇدنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. مەخمۇد باللاردىكى ھەممىنى ئاغزىغا سالىدىغان ئادەت بويىچە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن تۇرۇپكىغا يېپىشىپ، گۇڭگۇرلىغىنىچە ئۇنى يالاپ، ئاغزىغا پاتقۇزالمىغاندىن كېيىن جىملى بولۇپ يىغلىۋەتتى. مەستۇرە قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئـاڭلاۋاتامسىز؟ ئۇ ئاۋۋال سىزنى سۆيدى، سىزدىن سادا بولمىغاندىن كېيىن، دادام مېنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ يىغلاۋاتىدۇ.

مەسئۇد قاقاقلاپ كۈلدى.

— بالام، دادالڭ سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قارىغىنا، مەنمۇ سېنى سۆيۈۋاتىمەن. بىر، ئىككى، ئۈچ. مانا تۆتىنچىسى ئاپاڭغا مەنسۇپ بولسۇن!

مەسئۇدنىڭ لەۋلىرىنى تۆت قېتىم چوكۇلداتقىنى بەكمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. بۇ چوكۇلداش گەرچە تۇرۇپكىدىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تۇغماسلىقى تۈپەيلىدىن خېلى يىللاردىن بۇيان ئېرىنىڭ بۇنداق قىزغىن

سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولمىغان مەستۇرە گويا ئۇنى ئۆز لەۋلىرىگە تېگىپ چىقمۇاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىللىق مۇھەببەت تەپتىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

– ئاڭلاڭ، – دېدى ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ، ئوغۇلنىڭ مەڭزىگە سۆيگەچ، – مانا، سىز ئۈچۈن ئوغلىڭىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

– مەن ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە تەئەللۇقنىچۇ؟

– ئۇنى قىشلىق تەتىلدە كەلگىنىڭىزدە.

– ھا، ھا، ھا ...

پەرزەنت خۇشاللىقى بىلەن چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلگەن ئەر - ئاياللىق مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتى. مەستۇرە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنى بىئارام قىلغۇچى بىھۇدە خىياللاردىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن بۇ پەرزەنتكە پۈتۈن مېھرىنى بېغىشلىدى.

– پاتەمخان، – دەيتتى ئۇ تىلەمچى ئاياللىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇزۇۋقلىنىشقا ئۈندەپ، – ئۆزىڭىزگە قۇۋۋەت بولىدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ يېيىشىڭىزمۇ كۆڭۈل بۆلۈڭ، بۇنىڭ بالىغىمۇ پايدىسى بار.

– قاراڭە، – دەيتتى پاتەمخان كۈندىن - كۈنگە ئەت ئېلىپ يوغىناپ كېتىۋاتقان بەل - كۆكرەكلىرىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك سىلىغانچە كۈلۈپ، – كېچە - كۈندۈز بېقىلىۋېتىپ، بوردىغان توپاقتەك بولۇپ كەتتىم، ھېلىغۇ بىر مەخمۇدكەن، ئۇنىڭدەك ئونىغىمۇ يەتكۈدەك قۇۋۋىتىم بار.

پاتەمخاننىڭ سۆزلىرى دەۋرەقە راست ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تېتىپ باقمىغان ھەر خىل تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تاشقىرى بەدەن قۇۋۋەتلىگۈچى ھەر خىل شېرىنلىكلەردىنمۇ بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى، مەستۇرە بۇلارنى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىنلا ئەمەس، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىدا ئېيتىلغىنى بويىچىمۇ تېپىپ كېلەتتى، نەتىجىدە پاتەمخان ئىلگىرى كۆرگەنلەر تونۇمايدىغان ھالەتتە رەڭ تۈزەپ، كېلىشكەن قامىتىگە يارىشا ئاپئاق ۋە يۇمشاق ئەت ئېلىپ، يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرىغا خاس كۆركەم سىياققا كىردى.

– نەدىن تېپىپ ئالغانسەنۇي بۇ خېنىمنى، – دەيتتى پاتەمخانغا زوقلانغان مەستۇرەنىڭ دوستلىرى چاقچاق قىلىپ، – سىياقىدىن بالا باققۇچى ئەمەس، سېنىڭ خوجايىنىڭدەكلا كۆرۈنىدىغۇ.

– يېزىدىكى ھامام تېپىپ بەرگەن، – دەيتتى مەستۇرە ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، – «تەلەي كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك بۇمۇ مېنىڭ تەلىيىم.

مەستۇرە ئېغىزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆزى بىر ئۆمۈر تولدۇرالمايدىغان بوشلۇقنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ جەۋھىرىنى مەردانىلىق بىلەن بەخش ئېتىش ئارقىلىق تولدۇرۇپ بەرگەن بۇ مەردانە ئاياللىڭ رېئاللىقتىكى ئورنىنى تولىمۇ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالاتتى.

گەرچە ئۇ ھازىر مەستۇرەنىڭ ھىماتىدا سىياقى جەھەتتىنلا ھەقىقىي خوجايىنغا ئوخشاپ قالماي، كۈتۈلۈش جەھەتتىنمۇ ھەقىقىي خوجايىنغا خاس ئېتىبارلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغىنى بىلەن، ۋاقتى يېتىپ ئۆيىگە قايتسىلا بىر يىل ئىلگىرىكى تىلەمچىلىك سىياقىغا كىرىپ، ئۆز نېسۋىسىنىمۇ تىلەپ تېپىپ يەيدىغان ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

مەستۇرە ئۇنى ئاشۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش قوينىدىن تامامەن تارتىپ ئالالمىسىمۇ، ھەر ھالدا

ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش كويىدا كۆپ باش قاتۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن 2000 سوم دەسمايە كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاممىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىش ئالدىدا تاراقلاپ تۇرغان 100 سوم پۇلدىن 20نى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئويلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى، لېكىن پاتەمخان كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، پۇلغا قاراپمۇ قويماي، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا مەستۈرەگە مۆلدۈرلەپ تىكىلدى.

— بۇنداق گەپنىڭ بولۇشى ماڭا بۇرۇنلا ئايان ئىدى. چۈنكى مەن قاچانلا بولمىسۇن، قايتىپ كېتىدىغان ئادەم. لېكىن مەخمۇدنىڭ ئانا سۈتىگە تويۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يىلچە تۇرساممىكىن دەيمەن. ئەگەر ئېغىر كۆرمىسىڭىز بۇ تەلىپىمنى ئويلىشىپ كۆرسىڭىز. بۇ ھەرگىزمۇ پۇل ياكى قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس. بالىغا قىيالمايۋاتقانلىقىمۇ ئەمەس.

پاتەمخاننىڭ ئاۋازى ئېچىنىشلىق تىترەپ، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. باشتىنلا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەستۈرە ئۇنىڭ ئانىلىق مۇھەببەتكە تولغان سۆزلىرىنىڭ تەكتىگە يەتتى. ئۇ ھەممە جەھەتتىن كاپالەتكە ئېرىشكەن يۈرەك پارىسىنىڭ ساغلام ئەي بولۇشىنى كۆزلىمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانا سۈتى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

— ئېيتقانلىرىڭىز ماڭا مايدەك ياقىدۇ، چۈنكى سىز مەخمۇدقا بەخش ئېتىدىغان نەرسىنى بالا باققۇچى ئاتالغانلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر يولدىشىڭىزنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزلا، ئىشىكىم سىز ئۈچۈن ئوچۇق.

— ئۇ، قولى ئانچە - مۇنچە پۇل كۆرسىلا رازى بولۇۋېرىدۇ، لېكىن . . .

پاتەمخاننىڭ كۆز ياشلىرى توختاپ، چىرايىغا مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى تېپىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازى يەنە قانداقتۇ بىر خاتىرجەمسىزلىك بىلەن تىترەپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالماي تۇرۇپ قالدى. مەستۈرە ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق تۇرۇپ قالغانلىقىغا قىزىقىپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلدى.

— ئەجەبمۇ تۇزۇت قىلىپ كەتتىڭىزغۇ، يا بىز يېڭى تونۇشقانلاردىن بولمىساق. قېنى، ئاغزىڭىزغا كەلگەننى ئاياپ ئولتۇرماي دەۋېرىڭ.

— لېكىن، — دېدى پاتەمخان بىچارىلەرچە تىرنىقىنى تاتىلاپ، — ئىككى بالامدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

— شۇ گەپمىدى؟ — دېدى مەستۈرە قاقاقلاپ كۈلۈپ، — مېنىڭ ئۇلاردىن زېرىكىپ قالغىنىم يوققۇ. يەنىلا يېنىڭىزدا ئويناپ يۈرۈۋېرەمدۇ. قانداق، شۇنداق بولسا بولامدۇ؟

پاتەمخان ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللىنىپ كۈلۈپ قويدى. بۇ، ئۇنىڭ تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. سىز بۇنىڭغا قاراپ: «تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ئۈچ جاننىڭ بىر بالىنى بېقىش ھېسابىغا ئاز ۋاقىت بولسىمۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشى تىلەپ تاپقىلى بولمايدىغان ئامەت تۇرسا، نېمىشقا خۇش بولۇپ كۈلمىگۈدەك» دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەستۈرە ئۈچۈنمۇ ئانچە يەڭگىل يۈك ئەمەس. لېكىن بۇ يېڭىدىن دۇنياغا قوشۇلغان پەرزەنتىنىڭ ساغلام قاتارغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش ۋەجىدىنلا بولۇۋاتقاچقا، ھەر ئىككى تەرەپتە ھېچقانداق غەيرىي خىيال يوق ئىدى. پاتەمخان كاپالەتكە ئېرىشكەن پەرزەنتىنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قولى بىلەن ئەي قىلىپ بېرىش پۈرسىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىدىن خۇش بولغان بولسا، مەستۈرە ئۆز ھاياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان بۇ پەرزەنتىنىڭ ئانا سۈتى بىلەن قاتارغا قوشۇلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتتى. تەلەيلىك مەخمۇد پاتەمخاننىڭ مېھرىلىك سۆيۈشى، مەستۈرەنىڭ خۇشال قۇچاق يېيىشلىرى ئىچىدە پاتلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئىككى ئانىنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگە خۇشال كۈلكە، تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ھەمجاۋاب بولالايدىغان بولدى.

مەخمۇد تۇپتوغرا ئون ئايلىق بولغاندا تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن شادلانغان مەستۈرە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن مەلىكە بولۇپ ئۆتكۈزەتتى.

چاغدا ئۇ قوشۇمچە ئاش - تاماققا خېلىلا كىرىشىپ قالغاچقا، پاتەمخاننى خۇمارلىقىدىلا ئېمىپ قويمىسا، ھەتتە تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، كۈلكە - سۈرەنلىرى بىلەن ئۆينى بېشىغا كىيىپ، ئويناپ يۈرۈۋېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن پاتەمخاننىڭ ئۆيىنى بېسىقتۇرۇپ، ئاش - تاماق ئېتىشكىمۇ، ھەپتىسىگە ئۆز ئۆيىنى يوقلاپ، ئېرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقىمۇ پۈرسەت چىقىپ تۇرىدىغان بولدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەستۈرە دېرىزە پەردىلىرىدىن ئۆتۈپ، يۈزىگە چۈشكەن قىش قۇياشىنىڭ قىدىقلىشىدىن كۆزىنى ئاچتى. پاتەمخان ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىگە شەنبىلەپ كەتكەچكە، ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. يېنىدا كېچە خېلى ئۇزاققىچە ئويناپ چارچىغان مەخمۇد يۈزىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تەڭگە - تەڭگە نۇرلارنىڭ تەپتىنىمۇ سەزمەي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مەستۈرە ئۇنىڭ نۇر ئىچىدىكى قوشۇما قاش، قاڭشا بۇرۇنلۇق ئوماق چىرايىغا قارىغانسېرى مەستلىكى ئېشىپ، ئۇنىڭ دىدارىغا تەشنا بولۇپ، ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇرۇۋاتقان ئېرىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ خېتىنىڭ ھەربىر قۇرىدىن پەرزەنت خۇشاللىقىدىن ۋۇجۇدى يالقۇنلاپ تۇرغان ئاتىنىڭ بەختىيار سىماسى جىلمىيىپ تۇراتتى. مانا بۈگۈن 1 - ئايغا 15. ئەگەر ئۇنىڭ قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدىغان ۋاقتى خېتىدە يېزىلغىنىدەكلا بولسا، مانا بۇ نۇر ئىچىدە ئوماقلىشىپ تۇرغان سەبىي چىرايى بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ئۆزىنى سېغىندۇرغان ئاتىنىڭ بەختلىك سۆيۈشلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۈلكىسىگە كۈلكە، خۇشلۇقىغا خۇشلۇق قاتىدۇ.

مەستۈرە شۇ شېرىن خىيال بىلەن تەشنا لەۋلىرىنى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەخمۇدنىڭ يۇمران مەڭزىگە تەگكۈزدى - دە، سائەت توققۇزغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يېنىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ، كىيىنىشكە باشلىدى.

سائەت ئونغا يېقىنلاشقان چاغ. مەخمۇد تېخىچە ئۇخلىماقتا. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ، ئۆي ئىچىنىمۇ چىنىدەك پاكىزلەپ چىققان مەستۈرە مەخمۇدنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ، ھېلىدىن ھېلىغا ئۇنىڭ خانىسىغا كىرىپ، نۇر ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ بەلكىم ئۇزاق ۋە شېرىن بىر چۈشنىڭ يېقىملىق ئەركىلىتىشىدىن ھوزۇر ئېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمدىلا تولۇقلىنىۋاتقان گۈرۈچتەك ئاق، ئۈنچىدەك يالتىراق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، پات - پات كۈلۈپ قوياتتى. ھەر كۈلگىنىدە گىلاستەك لەۋلىرىدىن گۈل ئېچىلغاندەك بولۇپ، قاشتېشىدەك سۈزۈك، ئالمىدەك رەڭدار چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ كېتەتتى. مەستۈرە ئۇنىڭغا تىكىلگەنچە ھەقىقىي ئانىغا

خاس ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ چۈشلىرىنى بىلگۈسى ۋە شۇ چۈشلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكۈسى كېلەتتى.

- تاق - تاق - تاق . . .

ئىشىك ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلدى. قوپاللىق بىلەن تەمكىنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئۇرۇلۇشتىن كەلگۈچىنىڭ بۇ ئۆي بىلەن خېلى تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، لېكىن مەستۈرە ئۇنى تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىتالمىدى. چۈنكى بۇئەتراپتا ئۇنىڭدەك قوپاللىق بىلەن ئىشىك قاقىدىغانلار يوق ئىدى. مەستۈرە نېمىشقىدۇر قورقۇمسىراپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن نەيچە كۆزگۈدىن سىرتقا باقتى. ئۇ ئۆڭ قولىنى ياغلىق بىلەن بوينىغا ئېسىۋالغان، ئېگىز بوي، يىرىك ساقاللىق يوچۇن كىشى ئىدى. ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە قولىقىنى ئىشىككە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆي ئىچىدىن تىۋىش ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى يەنە قوپال تاقىلدىتىشقا باشلىدى. مەستۈرە بۇ يوچۇن كىشىنىڭ يوچۇن ھەرىكەتلىرىدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىپ، ئاۋاز چىقارماسلىقنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەخمۇدنىڭ چۈچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ قوپال تاقىلدىتىشقا خاتىمە بەرمەكچى بولدى.

- نېمە ئىشىڭىز بار؟ - دېدى ئۇ ئاخىرى نەيچە كۆزگۈدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يوچۇن كىشىدىن كۆز ئالماي تۇرۇپ.

- مەن . . . مەن . . . - دېدى يوچۇن كىشى كۈتمىگەن سوئالدىن تەمتىرەپ، ئۇنىڭچە «تولۇمدىن توقماق چىققاندەك» بۇنداق قاملاشمىغان سوئالنى سورىغاندىن كۆرە، ئۆز ئادىتىمىز بويىچە «كىم؟» دېيىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت ھازىرلىناتتى. مانا ئەمدى بولسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى خالىمىغان ئۆي ئىگىسىگە نېمە دېيىشى كېرەك؟ ئۇ بىرقانچە سېكۇنتلۇق تېڭىرقاشتىن كېيىن «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك گېپىنى ئۇچۇقلا ئېيتتى:

- مەن پاتەمخاننىڭ ئېرى، بالامنى كۆرگىلى كەلدىم.

- ئاھ . . .

ئىشلىرىدا قىلچە «يوچۇق» قالمىغانلىقىغا كۆڭلى ئەمدىلا ئەمىن تېپىپ، قەلبىدە ھەقىقىي ئانىغا خاس مېھىر - مۇھەببەت يېتىلدۈرۈۋاتقان مەستۈرەگە ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ ساياقنىڭ كۈتمىگەن سۆزلىرى گويا بېشى ئۈستىدە پارتلىغان بومبا بولدى. ئۇ، بۇ كۈچلۈك زەربىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا پۇت - قولىغىمۇ ئىگە بولالماي، ئېگىرىغىنىچە ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى. ئىشىك كەينىدە بولسا، ئۆز سۆزىنىڭ قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ يەتكەپ ساياق خىرىلداپ كۈلمەكتە ئىدى.

- قانداق، خانىم، تەلىپىم ئورۇنلۇقتۇ؟

مەستۈرە كېگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش ھېسابىغا بىر «ئانا» بىلەن بىر خوتۇنغا ئېرىشىپ، ئۆزىنى باقتۇرۇپ كەلگەن بۇ پارازىت توغرىسىدا پاتەمخاننىڭ ئېيتقانلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئېسىگە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى. مانا، مۇشۇنداق ئادەمنىڭ مەستۈرە بېقىۋالغان بالىنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى قېقىشى مەستۈرەنىڭ زور بەدەل تۆلەشكە

www.uyghurkitap.com

مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنىڭ دەسلەپكى سىگنالى ئىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن مەستۈرە بۇنداق بالا - قازاغا چېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئەڭ بولمىغاندا، پاتەمخاننى ھامىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدىلا رازى قىلىپ قايتۇرۇۋەتكەن بولسا، بۇنداق پېشكەللىكمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى كەم ئەقىللىقتا ئەيىبلەپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن تېخىمۇ توگۇلۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك؟ ئەگەر بۇ ساياقنىڭ دىلىغا ئازار بەرسە، ھەقىقىي ئەھۋالنى پاش قىلىپ تاشلاپ، مەستۈرەنى جامائەت ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان بۇ ئىشلىرىنى پەرزەنت كۆرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن مەستۈرەدىن بۇرۇنلا سوۋۇشقا باشلىغان ئېرى توغرا چۈشىنەرمۇ ياكى شاللاق، ساختىپەزلىكتە ئەيىبلەپ، بىراقلا يۈز ئۆرەرمۇ؟



مەستۈرەنىڭ ئارتۇقچە ئويلىنىشقا ماجالى قالمىدى. ئۇنى ئاخىرقى ئېھتىمال ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ئايال بولۇپ يارىلىپ، مۇشۇنداق زىندىيەتكە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئىختىيارسىز خۇداغا نالە قىلدى.

- ئاھ خۇدا، تەلتۆكۈس باراتقان بەندەڭنى نېمىشقىمۇ نامەردلەرگە موھتاج قىلىدىغانسەن؟

- دېمىگىنى نېمانچە ئىچكىنىزگە چۈشۈپ كەتتى، خانىم؟ بالىنىڭ ئانىسى شۇنچە قەدىرلىنىۋاتقان يەردە بالىنىڭ ئاتىسى بوسوغىدا تۇرۇپ قالسا، تولىمۇ ئەگىزلىك بولارمىكىن؟! ئىشكنى ئېچىڭ!

ساياقنىڭ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بارغانسېرى ئەۋزەيلەۋاتقان زەھەرلىك سۆزلىرى مەستۈرەنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ نېمە قىلارنى بىلەلمەي «يامانغا يېلىن» دېگەن ھېكمەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن بىخەتەر قۇلۇپنى ئاچتى، لېكىن ئۇنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋەتمىدى. شۇڭا ئىشىك بىر غېرىچلا ئېچىلدى. ساياق مەست ئىدى، ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە يوچۇققا يېقىنلاپ كېلىپ، مەستۈرەگە قاراپ ھىجايدى. غالىبلىق بىلەن ھەيۋىلىق ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ كۆلكىدە داپشاقلىق بىلەن بېشەملىكمۇ ئۆز مەنىسىنى تولۇق تاپقانىدى. بۇنىڭدىن مەستۈرەنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ، يىرگىنىشتىن ھۇ بولۇپ كەتكىلى

تاس قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى. ۋۇجۇدىدا بولسا، ئاجايىپ بىر خىل تىترىكىش ئالامەتلىرى بىخلاندى.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى تونۇمايدىكەنمەن.

— تونۇمايمەن؟ — ساياق قاقاقلاپ كۈلدى، — ئۆزىڭىزنى خۇپسەنلىككە سالماڭ، خانىم، زىيان تارتىپ قالىسىز.

— گېپىڭىزنى ئوچۇقلا ئېيتىڭ، سىز مەندىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

— مانا ئەمدى ئىزىڭىزغا چۈشتىڭىز، خانىم. دېمەكچى بولغىنىم، مەن سىزگە بالىنى بىكارغا بەرمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالىمنىڭمۇ سىزگە ئىشلىگەن ھەققى بار.

— كىملىكىڭىز ماڭا نامەلۇم بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا سىز بىلەن بۇنداق سۆزلىشەلمەيمەن. گېپىڭىز راست بولسا، شۇ ئايالىڭىزنى بىللە ئېلىپ كېلىپ سۆزلىشەلى.

— ئۇ ئايالنىڭ ھەر شەنبە كەچ كېتىپ، ھەر يەكشەنبە كەچقۇرۇن ئۆيىڭىزدە ھازىر بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ھېلىمۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە.

— ئەمىسە، كەچقۇرۇن كېلىڭ.

— لېكىن مەن قۇرۇق قول قايتالمايمەن. كۆردىڭىزغۇ، بىر قولۇمنىڭ ناكاللىقىنى. مەن بۇنى خوتۇنۇمنىڭ يوقلۇقىدىن ئاش - تاماق ئېتىمەن، دەپ قازانبېشىغا پۇتلىشىپ سۇندۇرۇۋالدىم. دېمەكچىمەنكى، بۇنىڭغىمۇ سىزنىڭ چېتىشلىقىڭىز بار. شۇڭا بۇنى داۋالىتىشىم ئۈچۈن 30 - 40 سوم بېرىسىز.

مەستۇرە ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۆلۈكنى ئارتىۋاتقان بۇ ساياقنىڭ تەلىپىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولمىغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايتا پاراكەندە قىلماسلىقى ئۈچۈن پاتەمخان كېلىشى بىلەن ئارىنى ئۈزۈۋېتىشنى ئويلىغاچ، ئۇنىڭغا 40 سوم ئېپ چىقىپ بەردى. ئۇ سەدىقە ئالغاندىكىدەك ساق قولىنى ساقال بېسىپ خۇنۇكلىشىپ كەتكەن يۈزىگە ئاپاردى - دە، دۇئا ئىشارىسىنى بىلدۈرگىنىچە ھەييارلىق بىلەن ھىجىيىپ يولىغا راۋان بولدى.

كەچقۇرۇن پاتەمخان ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مەستۇرەنىڭ نېمىشقىدۇر چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، ئەجەب ھارغىن كۆرۈنىسىزغۇ؟

مەستۇرە ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە كۈندۈزى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— 40 سومنى بېرىۋەتتىڭىز؟ — دېدى پاتەمخان مەستۇرەنىڭ بوزەك قىلىنغىنىغا ئۆكۈنۈپ.

— نېمە ئامال؟ قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم.

— كاززاپ! — دېدى پاتەمخان ئېرىگە بولغان غەزىپىنى ئىپادىلەپ، — قارىمامدىغان بۇ ئەبلەخنىڭ بېشىمىزنى سىيلىغان بىر ئاق كۆڭۈلگە ئەسكىلىك قىلغىنىنى. ۋۇي ئىگىسىنى چىشلەيدىغان ئىت!

— 40 سومنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى مەستۇرە تېخىچە لوقولداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — ئەمدى بۇنداق پاراكەندىچىلىك بولۇۋەرسە بولمايدۇ. شۇڭا . . .

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۇنى ئەتىلا تۇۋا قىلدۇرۇپ، سىزنى ئالداپ بويىنىغا ئېسىۋالغان قولىنى راستىنلا چېقىپ تاشلايمەن.

- نېمە؟ - دېدى مەستۇرە ھەيران بولۇپ، - راست سۇنغان ئەمەسمۇ؟

- نەدىكىنى؟ بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېپىۋالغان ھۈنىرى. ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزىدە پۈتىنىمۇ شۇنداق تېڭىۋالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەستۇرە ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

- ئەمىسە ئۇنىڭدىن رەنجىمەسمۇ بولغۇدەك.

- قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بېقىشقا تېگىشلىك ئۈچ جانغا سىز يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈۋاتىسىز. ھىممىتىڭىزدە قولىمىزمۇ ھەر ئايدا پۇل كۆرۈۋاتىدۇ، ھەر شەنبە دېگۈدەك ئۇنىڭ ھەپتىلىك ئوزۇقىنىمۇ بۇ ئۆيدىن توشۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بەرگەن بالىنى قايتا تىلغا ئېلىپ سىزنى بوزەك قىلسا، كىممۇ ئۇنىڭدىن رەنجىمەيدۇ. مەن ئۆتكەندە ئۇنىڭ: «سىبنى بورداۋاتقان ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنى كەينىڭدىن ماراپ بېرىپ بىلىۋالدىم. ئەمدى مەنمۇ بوردۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلسام بولغۇدەك» دېگىنىنى ئاڭلاپ، چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، تولىمۇ كەم ئەقىللىق قىپتىمەن. مانا قارالڭ، ئۇ ئىپلاسنىڭ پەس كۆڭۈللۈكىنى، خەپ، تاڭمۇ ئاتار!

- ئەمدى ئۇنداق ئاۋارىچىلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، - دېدى مەستۇرە خورسىنىش ئىچىدە، - ئۇ مېنىڭ راسا ئەندىش قىلىدىغان يېرىمدىن يوچۇق ئېچىۋالدى. «ئۆگەنگەن خوي ئۆلگىچە قالماپتۇ» دېگەندەك، ئۇ قىلمىدىغىنىنى يەنە قىلىدۇ. شۇڭا سىز بۇ «يوچۇق»نى قانچىلىك پۇل بىلەن ئەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىڭ. پەقەت كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى بۇزمىسىلا بولدى.

- پۇل دېگەننى تىلەپمۇ تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن كۆڭۈلنى پۇل بىلەن ئۆلچەش تەس. مەن مەخمۇدنى سىزگە كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەردىم. شۇڭا كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ. ئەگەر پۇلغا خۇشتار بولغان بولسام، مەخمۇدنى سىزگە بېقىشىپ بېرىمەن، دەپ نېمىشقا ئاۋارە بولىمەن. ھامىلىڭىزنىڭ ئۆيىدىكى چاغدىلا، ئالدىمغا قويغىنىڭىزنى ئېلىپلا كەتمەسمىدىم، - پاتەمخاننىڭ كۆزلىرى ھەسرەتلىك پىلدىرلاپ، بۇرنى ئىچىشىشقا باشلىدى. بوغۇزىغا نېمىدۇر تۇرۇۋالغاندەك سۆزدىن توختاپ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتتى.

- كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، - دېدى مەستۇرەمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، - لېكىن كۆڭلۈمنىڭمۇ نېمىشقا پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىڭ، مەن ئەندىشە قىلىۋاتقان «يوچۇق»نى ۋاقتىدا ئېتىۋالمىسام، ۋاقتى كەلگەندە «كىرىشكە يەر قاتتىق، چىقىشقا ئاسمان ئېگىز» بولۇپ قالىدۇ.

- زادى مەن ئۇ نائەھلىنىڭ ئاغزىنى ئەتسەملا بولامدۇ؟ - دېدى پاتەمخان تاقەت قىلالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، - تېخى ئاپتوبۇس توختىغىنى يوققۇ. مەن ھازىرلا بېرىپ كېلەمەن.

مەستۇرە ئالدىراپ ئۇنى توستى.

- بولدى قىلىڭ، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بارغۇ!

- كاللامغا كىرىۋالغان بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەم. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. خاپا بولماي ئۆز رايىمغا قويۇپ بېرىڭ.

پاتەمخاننىڭ سۆزلىرى تولىمۇ قەتئىي بولۇپ، ئەلپازىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماسا بولمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەستۇرە كۆڭلىدە ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىكىگە خۇشال بولغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇنىڭ خاپىلىقتا تەلۋە ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى چاپىنىنى كىيىشكە تەمشىلىۋاتقان پاتەمخانغا يېپىلىنىپ، — لېكىن دانالارنىڭ: «ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئىچىڭدە يۈزنى سانىۋەت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار، بۇ ئاچچىقىڭدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمە، دېگىنى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، ھازىر بارغىنىڭىزمۇ بىكار. چۈنكى ئېرىڭىزنىڭ قولىدا 40 سوم پۇل بار. ئۇ، بۇنىڭ مېغىزىنى ھەرگىزمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ چاقىدىغانلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

مەستۇرەنىڭ ئاخىرقى سۆزى پاتەمخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ ھاراق ئۈچۈنلا تۇرەلگەندەك ئاشخانا، قاۋاقخانىلار ئالدىدا مەست - ئەلەسلىكتە ئۆتكۈزۈۋاتقان سەسكىنىشلىك ھاياتىنى ئەلەم بىلەن ئەسلىدى. ئۇ، بۇ جايلاردا پۇلى بولسۇن - بولمىسۇن، خۇددى قوشخانىدىكى يەم ھىدىغا ئۆگەنگەن قوتۇر ئىتتەك دائىملا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. پۇلى بولسا، سېتىپ ئېلىپ ئىچەتتى، پۇلى بولمىسا، تىلەپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ قولىنى ياكى پۇتىنى ناكا بولغان قىياپەتتە تېڭىۋېلىشى كوچىدا پۇل تىلىگىنىگە ئوخشاشلا، بۇ پەردىمۇ دەستمايە بولاتتى.

— بۇرادەرلەر، — دەيتتى ئۇ ئىچىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا تەپتارتمايلا كېلىپ، — بىرەر رومكا خۇش كەتمىگە داخىل قىلىۋالساڭلار قانداق؟ قولۇمنىڭ سىرقىرىشىغا داۋا بولۇپ قالاتتى . . . نېمە، دوختۇرغا بار، دەمسىلەر؟ مېنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچى ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرىڭلار بولغان بولسا، بۇنداق پايدىلىق گەپ قىلمىغان بولاتتىڭلار، ئەپسۇسكى، قولۇمنىڭ ناكا بولۇشى شۇ ۋاقىتلىق ئىشىمىمۇ توپا چاچتى. ئەمدى بۇ قوللار ئىنسابىڭلارغا تىلەپ دۇئا قىلىشقىلا يارايدۇ.

— ئەممىسە، دۇئا قىل!

كەيپچىلىكتە قىلغىلى قىلىق تاپالماي تۇرغان بەزى ھاماقەتلەرگە بۇ ھاراق قەلەندەرنىڭ قىزىقارلىق سۆزلىرى ئەمەك بولاتتى. ئۇلار كۆكسى قانغۇدەك كۈلۈۋېلىش ئۈچۈن بىر رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە بايلىق، ئامەت، ھەتتا چىرايلىق قىز تىلىتىپ، ئۇنى قايتا - قايتا يۈكۈندۈرەتتى. ئۇ، رومكا ئىچىدىكى سىمابتەك تاۋلىنىپ، كۈلكىدىن سىلكىنىۋاتقان قولدا ئۈزلۈكسىز چايقىلىپ يېرىملىشىۋاتقان سۇيۇقلۇققا تەشنالىق بىلەن تىكىلگىنىچە، ئۇلار نېمە دېگىن دېسە، شۇنى دەيتتى، نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلاتتى، لېكىن ئىچىۋېلىپلا:

— بولماپتۇ بۇرادەر، يېرىمىنى تۆكۈپ بوپسەن ئەمەسمۇ. چىشىمنىڭ كاۋىكىگىمۇ دال بولمىدى. باشقىدىن قۇي، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەمەك قىلىۋاتقان بۇ ئويۇننى يەنە باشتىن باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ھاراق قەلەندەرى ھاراققىمۇ توياتتى. زاكوسكىدىنمۇ بەھرىمەن بولاتتى.

پاتەمخان ئۇنىڭ بۇ قىلمىقلىرىنى يېقىندىلا ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى:

— ھاراقنىمۇ تىلەپ ئىچكەن بارمۇ؟ ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قېلىپمۇ شۇنداق مايمۇن ئويۇننى ئويناپ بەرسىڭىز، خەق نېمىمۇ دەر؟

— خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ، — دەيتتى ئېرى خوتۇنىنىڭ ۋايساشلىرىنى قايتىلىغىمۇ ئالماي،—

مەن ھەممىنىڭ نەزەرىدە تىلەمچى. تىلەپ تاپقان پۇلۇمغا ھاراق ئىچىدىغىنىمنىمۇ ھەممىسى بىلىدۇ. پۇلنى تىلەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ھاراق ئېلىپ ئىچكەندىن كۆرە، ھاراقنىلا تىلەپ ئىچسەم، نېمە يامىنى باركەن؟

- ئۇيالمايدىغانلىقىڭ كېپىنى قارا، ھاراققا شۇنداق تەشنا بولسىڭىز، ھاراق زاۋۇتىنىڭ ھويلىسىنى سۈپۈرسىڭىز بولمايتتىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا ھاراقنى بىكارغا ھىدلايتتىڭىز.

- ئارزۇيۇمچە بولىدىغان بولسىغۇ، ھاراق قاچىلايدىغان تۇڭلا بولۇۋالاتتىم. لېكىن خۇدايىم مەندەكلەرگە ئۇنداق ئامەتنى بەرمەيدىكەن. ئېلىڭ بولمىغاندا ھاراق بوتۇلكىسى ياكى رومكا بولۇۋالسامىمۇ مەيلىدى.

- خۇدايىم سىزنى ھەقىقەتەنمۇ يېڭىلىشىپ يارىتىپ قويغانىكەن، - دەيتتى پاتەمخان ئېرىنىڭ تەلۋىلەرچە ھېجىيىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالماي، - ئەڭ بولمىغاندا، ھاراق ئارزىڭىز قىلىپ يارىتىپ قويغان بولسىمۇ، كالا بورداپدىغانلارغا پايدىڭىز تېگىپ قالاتتى.

- لېكىن خۇدايىم ئۇنداق قىلمىغىنى بىلەن ماڭا ھەممە نېمىنى بەردى، شۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار. ئىككى بالام، ھېلىقى خېنىمغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئوغۇلمۇ بار.

- ئۇ ئوغۇلنى تىلغا ئالغۇچى بولماڭ، مەن ئۇنى خېنىمغا كۆڭلى - كۆكسۈمدىن چىقىرىپ بېرىۋەتتىم، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ چېقىلالمايسىز.

- سەن شۇنىڭ ھېسابىغا يامان ئەمەس كۈن كۆرۈۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ مانا قارا، ئېتىڭگە ئەت قونۇپ، ئىسكەتىڭمۇ تۈزىلىپ قالدى، مىجەزىڭمۇ خېنىمغا ئوخشاپ، مېنىڭ قىلىقلىرىمدىن ئېۋەن تاپىدىغان بولۇۋالدىڭ. ساڭا ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ. سەن ماڭا تولا ئەقىل ئۆگەتمە!

- ھەي، سارالڭ، - دېدى پاتەمخان ئۇنىڭ مۈرىسىدىن سىلكىپ، - مەن سېنى ئادەم بولغاندىكىن ئادەمدەك ياشا دەۋاتىمەن. خوتۇن جېنىمدا ئۆيىنىڭ، بالا - چاقىنىڭ غېمىدا تېپىرلاپ يۈرۈۋاتسام، سەن پۇتۇنسۇرۇڭ بىر ئەر تۇرۇپ، كوچا - كويىنىڭ ئەخلىتى بولۇپ قۇسسۇقىڭغا مىلىنىپ يۈرسەڭ، كىممۇ سېنى قالتىس ئەر دەيدۇ. «ئېتىڭگە ئەت قونۇپ، ئىسكەتىڭمۇ تۈزۈلۈپ قالدى» دەيسەن تېخى. ئۆز خوتۇنىڭنىڭ ئىسكەتىگىمۇ ئىچىتارلىق قىلساڭ سېنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولىدۇ. مەنمۇ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھوشۇڭنى ۋاقتىدا يىغساڭ يىغ، بولمىسا سەن بەغەرەزنىڭ دەردىنى تارتىۋەرمەيمەن.

- بالىنى خېنىمغا بېرىش ھېسابىغا قولۇڭغا كىرىۋاتقان تۆت - بەش تەڭگە ئۈچۈن شۇنداق نوچىلىق قىلىۋاتامسەن؟ - دېدى ئەر زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ، - مەنمۇ بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇش ھېسابىغا خېنىمدىن تۆت - بەش تەڭگە ئېلىشنى بىلىمەن.

- ئاغزىڭنى يۇم!

- قانداق، پۇل تېپىشنى بىلەمدىكەنمەن؟ ھا، ھا، ھا ... بىلىپ قوي، سەن مەندىن تېنىپ كەتكىنىڭ بىلەنمۇ خېنىم تانالمايدۇ.

ئېرىنىڭ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان سۆزلىرى پاتەمخانىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇنى قانداقمۇ سارالڭ دېگىلى بولسۇن. ئۇ كوچا - كويدا مايماق دەسسەپ، بىر رومكا ھاراقنى تۇققۇز تەزىم بىلەن ئىچىپ يۈرگىنى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئاجايىپ

نازۇك تەرەپلىرىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ. مانا ئۇ، شۇ ئۇستىلىقى ئارقىلىق موماي بىلەن پاتەمخاننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلگەندەك، مەستۇرەدىن پايدىلىنىشنىڭمۇ ئەپچىل چارىسىنى ئىلان قىلماقتا. ئار - نومۇسنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ياۋۇز نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ئېيتقىنىنى قىلماي قالمايدۇ. ئۇ ھالدا مەستۇرەنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن، تەلەپ قىلغىنىنى بەرمەي ئامالى يوق! بۇ نېمىدېگەن ئىنسابسىزلىق!

ھېلىلا ئۆزىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى ئارقىلىق ئېرىنىڭ پەسكەش قىلمىقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەۋاتقان پاتەمخاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئولاشتى. ئەمدى ئۇ ئېرىنى ئەيىبلەش ئۈستىدە ئەمەس، ئۇنى قانداق قىلىپ، ئاخىرقى پىكرىدىن قايتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا.

- گەپ قىلمايسەنغۇ؟ - دېدى ئەر ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ قويماقچى بولغاندەك مەغرۇر ھىجىيىپ، - دەيدىغىنىڭنى دەۋال!

- ھېلىلا: «مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ، ماڭا تولا ئەقىل ئۆگەتمە» دەۋاتاتتىڭىزغۇ، ئەمدى سىزگە ئارتۇقچە ئېغىز ئۈپرىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى.

- گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سەن مېنى ھاراقتىن توسيالمايسەن. «تىلەپ ئىچمە» دەيدىكەنسەن، قولۇمغا پۇل بەر. بولمىسا تولا كۆزۈمگە كىرىۋالما.

- مېنىڭ نەسىھەتلىرىم سىزگە نېمە يامانلىق ئېلىپ كەپتۇ. ئەقلىڭىزنى سەل - پەللا ئىشقا سالسىڭىز، بۇنىڭدىن ئېرىگە كۆيۈنگەن بىر ئايالنىڭ پاك كۆڭلىنى كۆرەۋالالايسىز. بوپتۇ، يەنىلا مۇشۇ پاك كۆڭلۈم بىلەن ھارىقىڭىزنىڭ پۇلىنى كۆتۈرەي. لېكىن سەتلىشىدىغان قىلىقلارنى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭ.

پۇلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، خۇنۈك چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ كەتتى.

- ئىشنىڭ يولى مۇنداق بولمامدۇ، خوتۇن، - دېدى ئۇ سورۇندىكىلەردىن ھاراق تىلىگەندىكىدەك ھېيارلىق بىلەن كۈلۈپ، - كەچكىچە «موللام دۇئاغا زورلاڭ» دېگەندەك ئۇنى قىلماڭ، بۇنى قىلماڭ، دەۋەرسەڭ، قۇلاققا خوش ياقامدۇ. شەيتانمۇ «توپا يەمسەن دېسە، يېغى بارمىكەن؟» دەپتىكەن. ئەكە پۇلۇڭنى.

پاتەمخان كۈلدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئېرىنىڭ ھاراق پۇلىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى مەستۇرەنى پاراكەندە قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش بىلەن مەستۇرەنى ئەنسىرىتىپ كېلىۋاتقان «يوچۇق»نى ئېتىۋېتەلىسىلا، سەرسانلىقىغا خاتىمە بەرگەن مۇساپىرخانىسىنى ئوڭلاش كويىدا يىغىۋاتقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئېرىگە بېرىشكە رازى ئىدى. ئۇ، مۇشۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 20 سوم بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇ ئۇنىڭ مەستۇرەدىن ھەر ئايدا ئېلىپ تۇرىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ بۇنچىلىك پۇلنى بىر قانچە يۈز كىشىگە مىگبىر تەزىم قىلىپ، جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا ياخشى تىلەك ئاتا قىلىش ھېسابىغا ئاران تاپاتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ پۇلنى يارىماس ئېرىنىڭ بىرلا قېتىم تەرسالىق قىلىشى بىلەن قولىدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈپمۇ قالدى. ئەر بولسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، پۇلنى يانچۇقىغا سالدى - دە، ھاراق خۇمارىنى بېسىشقا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر

www.uyghurkitap.com



مەيتە ئۆتۈپ، پاتەمخان ئۇنىڭ ئۇ پۇلنى ئىككى كۈندىلا خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق خاپا بولدى. «ئاي تۇشمىغىچە قايتا پۇل بەرمەيمەن» دەپ دوق قىلدى. ئەر ئىمىشقىدۇر ئۇنىڭ دوقلىرىغا ئاچچىقلانمىدى. ئەكسىچە بىلىكى سۇنغان كىشى قىياپىتىدە بىر قولىنى بوينىغا ئېسىپ، ئۇن - تىنسىزلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. پاتەمخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، خىجىللىقتىن تىلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىشقا كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە ئۇ ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ ئۆيگە كېلىپ، مەستۇرەنى پاراكەندە قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

پاتەمخان خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى مەستۇرە ئۆز سۆزىنى قايتا تەكىتلەپ، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشسىڭىز ئىش تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ. ياخشىسى، پۇل بىلەنلا كۆڭلى تىنىدىغان بولسا، قانچە ئالىمەن دېسە، شۇنچىلىك بېرەي، شەرت بوسۇغامغا قايتا ئاياغ باسمىسۇن. سىزمۇ ئۆيىڭىزگە قايتىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭ.

— شۇنچە چىرايلىق ئۇچرىشىپ، بۇنداق ئايرىلىشساق، ماڭا ئەلەم بولىدۇ. مەن ئۇ تەلۋىنى ئەيۋاشقا كەلتۈرۈشنىڭ باشقا چارىسىنىمۇ ئويلاپ باقاي، يامىنىغا كەلسە، ئۇنىڭ كۈندىلىك ھارىقى ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇرسام‌لا، ئاغزى ئېتىلىدۇ.

— باق، باق، پاتەمخان! سىز ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھاراقنىڭ پۇلىنى تېپىپ بېرىپلا ئۆتەلەمسىز؟ «جان بار يەردە قازا بار» دېگەندەك تۇرمۇشتا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ. ئۆيگە - ھېيىپ قويۇپ سېتىشىمۇ ئارتۇقچە دەسمايە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش. كاۋاپچىلىق قىلىشقىمۇ، گازىر - پۇرچاق ئېلىپ - سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ئېرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇڭ. مەن سىلەر ئۈچۈن 2000 يۈەن دەسمايە سېلىپ بېرەي.

مەستۇرەنىڭ سۆزلىرى پاتەمخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بىرەر تىجارەتنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالسىلا، تاپقان پايدىسىنى دەسمايە قىلىپ بولسىمۇ، تەلۋە ئېرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالايدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەستۇرەنىڭ مەسلىھەتىگە ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئۇز تەمىنى تېتىغان بۇ ئۆينىڭ ئاخىرقى خىزمەتلىرىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆي قېقىش، كىر - قات يۇيۇش، كىيىم - كېچەكلەرنى دەزماللاش بىلەن بولۇپ، ئۈچ - تۆت كۈننى بەكمۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزدى. 5 - كۈنى كەچتە ئۇزاقتىن بۇيان مەستۇرە يولغا قاراپ كەلگەن مەسئۇد چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۆي بايرام تۈسىگە كىردى. ئۈچ - تۆت كۈنگىچە مەسئۇدنى يوقلاپ، يىراق - يېقىندىن كەلگەن دوست - يارەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. پاتەمخان سەي قورۇش، تاماق ئېتىش ھەلەكچىلىكىدە ئائىلىسىگە بېرىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. مەستۇرە بولسا، بايرام كۈندىكىدەك ياسىنىپ، ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىلىقىدا ئاش - تاماق توشۇش، چاي قويۇش ئالدىراشلىقىدا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى كۈندەك ئېچىلغان بولۇپ، مەخمۇدنىڭ دادىسىغا يېپىشىپلا ئالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. مەسئۇدمۇ مەخمۇدنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئۇماق يۈزىگە ھېلىدىن ھېلىغا سۆيەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تاتلىق

قىلىقلىرىنى مېھمانلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چوڭچوڭ تىللار بىلەن ئەركىلىتىپ، گەپكە سالاتتى. مەخمۇد گەرچە يېقىملىق گۇڭگىراپ «داد ـ دا» دېگەندىن باشقىنى ئېغىزغا ئالالمىسىمۇ، دادا بولۇشقا ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن مەسئۇد ئۈچۈن شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ھاياجانغا كەلگەن مەستۇرە قىمىن ـ قىمىنغا پاتماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن تەلتۆكۈس ئېتىلىپ كەتمىگەن «يوچۇق»نى پات ـ پاتلا ئېسىگە ئېلىپ، پاتەمخاننى ھېلىقى مەسلىھەتنى تېزرەك پىشۇرۇپ كېلىشكە ئۈندەپمۇ قوياتتى. لېكىن ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان مېھمانلارنى كۈتۈشتە يالغۇزلۇق قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن پاتەمخانمۇ ئالدىراۋاتقان ئۇ ئىشقا ۋاقىت چىقىرىپ بېرەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، ئۇلار ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان «يوچۇق»تىن ئاخىرى بالا تاشتى.

بۇ يەكشەنبە ئەتىگىنى بولۇپ، تالادا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. پاتەمخان تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىسىنى ئويغىتىۋەتمەي، ئۆزى ياتقان ئۆي بىلەن مېھمانخانىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ سەيلەرنى يۇيۇپ، ئەمدىلا توغرىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا ئىشىك تۇساتتىن تاقىلداپ قالدى. ئۇ ئالدىراپ ئاشخانا ئۆيدىن چىقىشىغا، ئىچكەركى ئۆيدىن مەسئۇدمۇ چىقىپ قالدى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. پاتەمخان كەلگۈچىنىڭ كىملىكىگە قاراپمۇ قويماي، ئاشخانا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. لېكىن مىنۇت ئۆتمەي كەلگۈچىنىڭ ئاۋازىدىن قانداقتۇ بىر بالا ـقازانى سەزگەندەك يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. تۇزۇتسىزلا ئېيتىلىۋاتقان قوپال سۆزلەر ئۇنىڭ ھازىرلا تۆت سەر ئىچىپ كەلگەنلىكى ياكى ئاخشامقى مەستلىكىدىن تېخى سەگىمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ـ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ـ دېدى مەسئۇد ئۇنىڭغا ئىشىك ئالدىدىلا، ـ مەن سىزنى تونۇمىدىمغۇ!

ـ خىيالىڭىزدا مېنى بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالدى، دەپ ئويلاۋاتقان ئوخشىمامسىز، ئەپەندىم؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق خاتا كىرىپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس.

ـ ئۇنداقتا، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

ـ سىز كىم، نېمە ئىشىڭىز بار، دەۋاتامسىز؟ ھا ... ھا ... ھا ...

ئۇ ساراڭلارچە قاقاقلاپ كۈلدى. بۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئەنسىرەپ كەلگەن «يوچۇق»تىن تاشىدىغان بالانى ئالدىنئالا سەزگەن پاتەمخان ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقتى.

ـ خاپا بولماڭ، ئەپەندىم، ـ دېدى ئۇ مەسئۇدنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يېلىنغان ئاھاڭدا، ـ بۇ مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ.

ـ سىزنىڭ ئېرىڭىز؟

مەسئۇد ھەيرانلىق بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى بىر پاتەمخانغا، بىر ئۇنىڭ ئېرىگە تىككىنىچە تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق كېلىشكەن چىچەن ئايالنىڭ بەدبەشىرە، مەينەت بىر تەلۋىنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى.

ـ شۇنداق، بۇ مېنىڭ ئېرىم، تايىنلىق مېنى ئىزدەپ كەلگەن گەپ.

پاتەمخان شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇستىبېشىدىكى قارنىمۇ قاقماي، خۇددى قاردىن ياسالغان ھەيكەل

www.uyghurkitap.com



سىياقىغىلا كىرىپ قالغان ئېرىنى مەيدىسىدىن سىرتقا ئىتتەردى.

- يۇرە، كېپىلىڭ بولسا، تالادا قىلىشايلى.

تەلۋە ئارقىسىغا شۆڭگۈگىنىچە، قىيا ئوچۇق ئىشىكنى دۈمبىسى بىلەن يېپىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى.

- قارىغىنا ئۇستىبېشىڭغا، - دېدى پاتەمخان ئۇنى سىرتقا چىقىشقا ئۈندەپ، - ئەلىڭ بولمىغاندا مەينەت ئايىغىڭنى تالادا قالدۇرۇپ، ئۇستۇڭدىكي قارنى ئېرىغدىۋېتىپ كىر.

تەلۋە ئۇستىبېشىدىكى ئېرىشكە باشلىغان قارنىڭ ئۆپكىدەك كۆپچۈگەن پاسكىنا ئايىغىدىكى توڭ بىلەن بىللە ئېۋىپ، كارىدوردىكى قىپقىزىل پالازغا ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سۇيۇنۇپ كۈلدى.

- «گادايىنى ھۆرمەت قىلساڭ، چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقىدۇ» دېگەننى بىلمەيمىدىڭ، خوتۇن. بۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش. لېكىن بۇنچىلىك پالازنى سەنمۇ سېتىپ ئالالايسەن. بىز بەرگەن نەرسىنى بولسا، بۇ غوجاملار بويى بىلەن تەڭ پۇل خەجلەپمۇ تاپالمايدۇ.

- ئاغزىڭنى يۇم! - پاتەمخان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھۆرپەيدى، - بۇنداق بىلجىرلىغىچە، ھاراقتا پۇلۇم يوق دېسەڭ، بولمامدۇ. مە، خالىغىنىڭچە ئىچ!

پاتەمخان 20 سوم چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى. تەلۋە پۇلغا قاراپمۇ قويماي پاتەمخاننىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان مەسئۇدقا تىكىلدى.

- قانداق دېدىم. ئەپەندىم، سۆزۈمدە سو يوقتۇ؟

مەسئۇد تەلۋىنىڭ سۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ تەكتىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى.

- قېنى، ئۆيگە كىرىڭ. ئايىغىڭىزنىمۇ سالماڭ. مۇشۇنداقلا كىرىۋېرىڭ.

تەلۋە پاتەمخانغا خۇددى جەڭدە يەڭگەن غالىبتەك مەغرۇر قاراپ قويۇپ، مەسئۇدقا ئەگىشىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. پاتەمخان ئۆزىنى مەستۇرەنىڭ خانىسىغا ئاتتى. مەستۇرە ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، غال - غال تىترىگىنىچە كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

- مەن شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم، - دېدى پاتەمخان ئۇنىڭ بولغان ئىشتىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ.

- «پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ياسىن ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» - دېدى مەستۇرە ئېغىر خورسىنىپ، - مەيلى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.

- تەقدىرىمىزنىڭ ئۇ تەلۋىگە چېتىلىپ قالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان. كونىلار «يېغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن.

- تۇرمۇشنىڭ قىزىقى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، - دېدى مەستۇرە ئارانلا ئاڭلىنىدىغان تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلاپ، - ھېچقىسى يوق، مېنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن ئىدى. ئەمدىلىكتە . . .

مەستۇرەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغان مەسئۇد

غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىدا ئولتۇرغان مەستۇرەنى مۈرىسىدىن سىلكىپ قوپۇرۇپ، ئۆزىگە يول ئاچتى - دە، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەخمۇدنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ تىكىلدى. روھى چىقىپ كەتكەندەك تاتىرىپ كەتكەن مەستۇرە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تىكىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي، تاشقىسى بالا - قازاننىڭ ۋەھىمىسى بىلەن تىترەپ تۇرغىنىدا مەسئۇد ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، غەزەپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەستۇرەگە مىختەك قادىدى.

- ئېيتە، بۇ بالىنى كىمدىن تاپتىڭ؟

- پاتەمخاننىڭ ئېرى ھەممىنى ئېيتىپ بەرگەندۇ، يەنە نېمىدەپ مەندىن سورايسىز؟

- دېمەك، بۇنى ئۇنىڭدىن تاپقانلىقىڭغا ئىقراركەنسەن - دە! ۋۇي، ئىپلاس بۇزۇق!

«چاڭ» قىلغان شاپىلاق ئاۋازى بىلەن تەڭ مەستۇرە يەرگە يىقىلدى. پاتەمخان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى - دە، مەسئۇدنىڭ قايتا قول سالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھىمايىسىگە ئالدى.

- نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئەپەندىم، سىز ئۇ ئىپلاسنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

- ئۇنداق بولمىسا، توغرىسىنى سەن ئېيتە، قېنى!

- خەقنىڭ خوتۇنىنى نېمىدەپ «سەن»لەيسىز، - دېدى مەستۇرە مەسئۇدنىڭ گۇناھسىز پاتەمخانغا بىھۇدە ئازار بېرىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، - ھەممە ئادەم مەن ئەمەس، نېمە دېسىڭىز بولۇۋېرىدىغان.

- ئەمىسە، بۇنىڭ ئېرى بىلەن يۈزلىشەلەمسەن؟

- يۈزلىشىپ يۈزلەشمەي خۇدۇكۈم بارمىدى؟! قېنى چاقىرىڭ!

مەسئۇد تەلۋىنى چاقىرىپ كىردى. تەلۋە ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن پۈتۈن بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، جىددىيلەشكەن، تاتارغان، غەزەبلەنگەن چىرايلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ مەسئۇدقا پەقەت: «سىلەر مېنى بۇنچىلىك چەتكە قېقىپ كەتمەڭلار، مەن بولمىسام بۇنچىلىك بالا سىلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ، بالا مېنىڭ، يالغان بولسا، ئەينەككە قاراپ، چىرايىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ» دېگەن سۆزنىلا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايلا مەستۇرەنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ بۇنچىلىك پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغانلىقىدىن چۆچۈگەن تەلۋە: «ئەر خوجايىن ئىسكەتىمگە قاراپ، مەندەك بىر تەلۋىنىڭ بالىسىنى بېقىشنى لايىق كۆرمىسە كېرەك، ئەمدى〉 ئال بالاڭنى، نەگە ئاپارساڭ، ئاپار، دەۋەتسە ھاراقتا پۇل ئۇندۇرەلمەيدىغان بولدۇم - دە» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

- قېنى، باياتىن ماڭا دېگەن سۆزلىرىڭىزنى مەستۇرەنىڭ ئالدىدا تەكرارلاپ بېقىڭا، - دېدى مەسئۇد تەلۋىگە تىكىلىپ.

- بۇنى تەكرارلاشتىن قورقىدۇ دەمسىز، ئەلۋەتتە بالا مېنىڭ.

- ئاڭلىدىڭمۇ، مەستۇرە، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

- مېنى بۇ كىشى بىلەن يۈزلەشتۈرۈشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز ھازىرقى «ئىپلاس، بۇزۇق» دېگەن سۆزىڭىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. شۇنداق ئويلىسىڭىز «يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەن» دەك

بولىسىز، خالاس. مەندە خاتالىق بارمۇ دېگەندە، ئەلۋەتتە بار، بۇ بولىسىمۇ ئۆزۈمنىڭ «تۇغماس» ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ساختا قورساق كۆتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەقىقىي قورساق كۆتۈرگەن كىشى مانا بۇ پاتەمخان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بالا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست.

- مۇنداق دېگىن، - مەسئۇد ئۆتكەن ئىشلاردىن قاتمۇ قات ھېكايىلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مەستۇرەنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەر گەرچە ياش بىلەن غۇۋالىشىپ تۇرسىمۇ، تېگى - تېگىدىن تىنىق ئاسماندەك ئۆزىنىڭ پاك ۋە غۇبارسىزلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. مەسئۇد شۇنچە ئويلاپمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك خۇپىيانە ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، - ئۇنداقتا بۇ ئىشنى مەڭگۈ سىر پېتى ساقلاپ كېتەلەيتتىڭمۇ؟

- ئائىلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايتتىم. لېكىن سىر پېتى قالىدىغان نەرسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

مەسئۇد بۇرۇلۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بۇرنىنى كوچىلاپ تۇرغان تەلۋىگە تىكىلدى.

- ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟ بالىمىزنى ئېلىپ كېتەمسىز؟

- ياق - دېدى پاتەمخان ئالدىراپ، - مەن ئۇنى كۆڭلى - كۆكسۈمدىن چىقىرىپ مەستۇرەگە ئاتىۋەتكەن. بۇنىڭ بالىدا قىلچە ھەققى يوق.

- شۇنداقمۇ؟ قېنى ئۆزى بىر نېمە دېسۇن.

- مەن، - دېدى تەلۋە دۇدۇقلاپ، - ھەر قايسىڭلاردەك گەپكە ئۇستا ئەمەس، دېمەكچى بولغىنىم، ماڭمۇ ئانچە - مۇنچە قاراپ قويساڭلار.

- قېنى، كۆڭلىڭىزگە پۈككىنىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ.

- ماڭا پۇل كېرەك، بۇنى باشقىچە چۈشەنمەي ئۆزئارا ياردەم دېگەن مەنىدە چۈشەنسىڭىزلا، قانچىلىك بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئاتىغىنىڭىزنى بىراقلا بېرىۋەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

غەزىپى ئىچ - ئىچىدىن تېشىپ تۇرغان مەسئۇدقا تەلۋىنىڭ بۇ سۆزلىرى بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. لېكىن ئۇ قاپىقىنىمۇ ئاچماي، تەلۋىگە يەنە تىكىلدى.

- ئەگەر بالىمىزنى كۆتەرتىپلا قويسامچۇ؟

- ئۇمۇ بولىدۇ، - دېدى تەلۋە زەھەرلىك كۈلۈپ، - لېكىن بۇ ھەممىتىڭلار ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۆزلىرىنى ئەمەك قىلىدىغان سۆز - چۆچەككە ئېرىشىدۇ. بۇنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرسىڭىزلا. . .

- ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، بالىمىزنى ئېلىپ كېتىڭ.

- خوپ، - تەلۋە ئارتۇقچە تاكاللىشىپ تۇرمايلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىغا قاراپ ماڭدى. جىددىيلىشىپ تۇرغان مەستۇرە بىلەن پاتەمخان ئۇنى تەڭلا توستى.

- ئۆت نېرى! - دېدى پاتەمخان ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ.

- قانچە ئالىدىغىنىڭىزنى ئېيتىڭ، پۇلنى مەن بېرىمەن، - دېدى مەستۇرە ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ.

- ئىككى «توقماق» بولسىلا كۇپايە، - دېدى تەلۋە تەلۋىلىك بىلەن ھىجىيىپ، - قانداق، ئاز

بولۇپ قالمىغاندۇ، خوتۇن؟

— ۋويې، بالاخور ئەرۋاھ، مەككىنىڭ رۆدۇپپىيى، پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئاپەت! قانداقمۇ قۇتۇلارمەن سەن مەرەزدىن؟!

پاتەمخان ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. مەسئۇد تاقەت قىلالماي ئارىغا كىردى. شۇ ئەسنادا مەستۈرە ھەربىرى مىڭ سوملۇقتىن ئىككى باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەلۋىگە سۇندى.

— مانا، ئېلىڭ.

تەلۋە بىلەن پاتەمخان تەڭلا چاڭ سېلىپ، ھەر بىرى بىر باغلامدىن پۇلغا ئېرىشتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان مەسئۇد غەزەپتىن يېرىلغىدەك بولۇپ، ئۇيان - بۇيان ماڭدى، يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ چەكتى، ئاندىن ئۇلارنى تاشلاپ، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— «قوينۇمدىن تۆكۈلسە، قونچۇمغا چۈشەر» دېگەندەك بولدى خوتۇن، — دېدى تەلۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قاپتىلىغىمۇ ئالماي، — سەن مىڭ سوم، مەن مىڭ سوم بولدى، بۇمۇ غەنىيمەت، خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم.

تەلۋە ھېجايغىنىچە، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى. قاقىقان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان ئىككى ئايال بىر - بىرىگە قاراشقانچە ھالسىزلىنىپ، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا مەسئۇد مېھمانخانا ئۆيدە ئۈزمەي تاماكا چېكىپ، توختىماي ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئاغزى قۇرۇپ، بېشى ئايلىناتتى. كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تۇرۇپ ئۇنى غەزەپكە كەلتۈرسە، تۇرۇپ ھەيرانلىقتا سېلىپ، قەلبىدە چۈشىنىكسىز سوئاللارنى ئويغىتاتتى. سەممىمىي، مۇلايىم، ئوچۇق-يورۇق ئايالىنىڭ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىك ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ھەيرەتكە سالاتتى.

ئۇ مەستۈرەنىڭ «ھامىلدار» بولغاندىن باشلاپ، مەخمۇدنى تېلېفوندا «سۆزلەتكەن» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەتلىرىدىكى «ئانا»لىق ھېسسىياتلىرىنى، ئۆزىنىڭ «ئاتا» بولۇش خۇشاللىقىدا كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزغان «بەخت»لىك كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پەخىرلىك كۈنلىرى ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئالداش، ئالدىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ساختا كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، بولۇپمۇ كىشى قاراڭغۇدا كۆرسىمۇ تېنى شۈركەنگىدەك بىر ساياقنىڭ «مەن بالىنىڭ ئاتىسى» دەپ ھەق - تەلەپ دەۋاسى قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا گەۋدىسىنى مەغرۇر كېرىپ تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە، چىدىغۇسىز ئەلەم ۋە خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. مەستۈرەگە بولغان غەزىپى تونۇردەك يېلىنجاپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا قويۇۋەتمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئىشىك تىرىقلاپ، ئۇنىڭ خىيال دېڭىزىنى چالغىتىۋەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ پاتەمخاننىڭ ئىككى بالىسىنىڭ مەخمۇدنى ئىككى ياندىن يېتىلىگىنىچە خۇشال ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇخلاپ ئۇيقۇسى قانغان مەخمۇدمۇ بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇ ئانار دەك قىپقىزىل ئىككى مەڭزىدىن يالقۇن چاقنىتىپ، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن گۈل ئېچىلدۇرغىنىچە، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئىككى تال چىشىدىن ئۈنچىدەك نۇر چاقنىتىپ: «داد - دا» دېگىنىچە مەسئۇدقا كۈلۈپ، تەلپۈنۈپ كېلىۋاتاتتى. ئازابلىق خىيال دېڭىزىدىن

www.uyghurkitap.com



يېڭىلا بېشىنى كۆتۈرگەن مەسئۇد بۇ يېقىملىق كۆرۈنۈشنى قەلبىگە سىغدۇرالمىدى. خىيالىدا بۇمۇ ساختىدا، ئەگەر بولمىغاندا ئاشۇ ساختا كۆرۈنۈشنىڭ سايىسى بولۇپ تۇيۇلۇپ، غۇزژىدا ئاچچىقى كەلدى.

- نېمە بار سەنلەرگە بۇ يەردە، - دەپ ۋارقىرىدى مەسئۇد ئاشۇ ئاچچىقتا، - ماڭ چىقىش!

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال ۋە دەھشەتلىك چىقتىكى، بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان ئۇچ بالا قورقىنىدىن ئارقىغا بىرداجىدى - دە، خۇددى ئالۋاستىغا يولۇققاندەك ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان مەستۇرە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، بىردىنلا پارتلىدى:

- بالىلارنى بۇنچىۋالا قورقۇتقىچە، دەيدىغىنىڭىزنى ماڭىلا دېسىڭىز بولمامدۇ، نېمىدېگەن قاملاشمىغان قىلىق بۇ!

- ھەرقانچە قاملاشمىغان بولسىمۇ، - دېدى مەسئۇدمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، - خۇپپىيانە ئىش قىلغاندىن مىڭ تۈزۈك.

- شۇلىمۇ؟ قېنى، يەنە دەڭ، قورسىقىڭىزنى بىراقلا بوشىتىۋېلىڭ!

- سەن ھېچ نەرسىگە ئورۇن قالدۇرمىغان تۇرساڭ، ساڭا يەنە نېمە دېگۈلۈك، ياخشىسى، مەن بىلەن تاكاللاشما.

- مەن قىلغىنىمدىن تانمايمەن. پەقەت ئۇسۇلىملا خاتا بولدى.

- مېنى ئالداشقا پېتىنغانلىقىڭمۇ ئۇسۇلىڭدىكى خاتالىقمۇ؟

- سىز ئوقۇشقا كېتىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن پاتەمخان بىلەن يولۇقۇپ قالدىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەخمۇدقا ئېغىر ئاياغ بولغىنىغىمۇ ئىككى ئاي بولغانىكەن. بىز خېلى مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ تۇغماسلىق دەردىدە ئازابلىنىپ يۈرۈۋاتقانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، سالامەت يەڭگىسە، بالىنى ماڭا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن بالىنىڭ ئاسراندى ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تەڭلا قورساق كۆتۈردىم. سىزگە ئۇقتۇرماسلىقتىكى سەۋەب توغالايدىغانلىقىمنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بالىسىزلىق تۈپەيلىدىن سوۋۇشقا باشلىغان كۆڭلىڭىزنى قايتا ئىللىتىش ئىدى.

- ئەمدىچۇ؟

- بولغۇلۇق بولدى. لېكىن مەخمۇدتىن كېچەلمەيمەن. ئەگەر سىز ئۇنى بالا قاتارىدا كۆرۈپ، مېھرىڭىزنى بېرەلمىسىڭىز سىز بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالىمەن. بولمىسا . . .

- بولمىسا ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇ؟

- بۇ سىزنىڭ كۆڭلۈمنى توغرا چۈشىنىشىڭىزگە، ئائىلىمىزنى قوغداپ قېلىشنىلا ئويلاپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى كەچۈرەلىشىڭىزگە باغلىق.

- ھە. . . ي . . .

مەسئۇد جىددىيلىكتىن تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن تاماكا يۆگەپ چەكتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيان - بۇيان ماڭدى. تام - تورۇسلارغا، رەسىم جازىلىرىغا تىكىلدى. بۇ ئۇنىڭ بىرەر قارارغا كېلىش مەقسىتىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ياخشى چۈشەنگەن مەستۇرە تا ئۇ بىر تال تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغىچە ئۈن - تىنسىز كۈتۈپ ئولتۇرۇۋەردى. شۇ ئەسنادا ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلىپ، ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرە خۇشال كىرىپ كەلدى. ياش ئەر - خوتۇنلار ئىچكى زىددىيىتىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مېھمانلارنى تۆرگە باشلىدى.

- ئەتىلىگىنى ئۆيدىلا ئۇتكۇزەمسىز نېمە، مەسئۇد؟! تالا - تۈزگە چىقىپ باقاي دېمەيسىزغۇ؟- چاقچاق قىلدى ئاقۇپ ئاكا.

- ئۆيىنى بەك سېغىنغان بولسام كېرەك، - كۈلدى مەسئۇد.

- «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن شۇدە! - قوشۇمچىلىدى زۆھرە.

- ياكى مەستۇرە رۇخسەت قىلمايۋاتامدۇ - يا؟ - چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى ئاقۇپ ئاكا.

- نېمدەپ رۇخسەت قىلمايدىكەن.

- كۆپرەك كۆرۈۋالاي، دەپچۇ.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

- ئىككى ئالقان تەڭ ئۇرۇلمىسا ئاۋاز چىقامدۇ، - زۆھرەمۇ قىزىشىپ چاقچاققا كىرىشتى، - مەستۇرەنىڭمۇ تالادا كۆرۈنمىگىنىگە قارىغاندا، مەسئۇدمۇ ئۇنى كۆپرەك كۆرۈۋالاي، دەپ تۇتۇۋالغان گەپ.

- دېمەك، «ئۆيىنى بەك سېغىنغان بولسام كېرەك» دېگىنىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن - دە.

- ھا - ھا - ھا . . .

بىر دەمدىلا كۈلكە - چاقچاق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى. مەستۇرە ئالدىراپ - تېنەپ چاي تەييارلاپ پاتەمخانىغا بىر قانچە خىل سەينىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشنى تاپىلىدى. ھەش - پەش دېگۈچە سەيمۇ تەييار بولدى. مەستۇرە رومكىلارنى چايقاپ ھاراق كەلتۈردى.

- قالتىسقۇ، - دېدى ئاقۇپ ئاكا كۈلۈپ، - بۇ نېمىلەر ئەمدى سىزنىڭ قولىڭىزدىن چىقىدىغان بولۇپ قاپتىغۇ ياكى مەسئۇدنى تېخىچىلا مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋاتامسىز؟!

- ئۇ تەرىپىمۇ بار، لېكىن ئۇزاق تارىخنى ئەسلىگەندە: بۇنىڭ تەمىنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىلىپ قالغىنىم بويىچە ئۇزۇم قۇيۇپ ئىچمىسەم ئىسسىق باسماس بولۇپ قالدى.

- ھا - ھا - ھا، قالتىس كەلتۈرۈۋالدىڭىز - دە، بۇنى.

مەستۇرەمۇ قالتىس كەلتۈرۈۋالغىنىغا خوش بولدى، چۈنكى ئۇ شۇ سۆزى ئارقىلىق مەسئۇدقا يېقىن تونۇشقان مەزگىللىرىنى ئەسلەتمەكچى بولغانىدى. مەسئۇدمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشىنىپ، يەككە - يېگانە قالغان چاغلىرىدا زوق بىلەن ئەسكە ئالىدىغان ئۇ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشنى خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ سورۇننى ۋۇجۇدىغا ئىشىق ئوتىنى ياققان بۇ قىزغا ئۆز ئىشقىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت، دەپ بىلگەنىدى. ئۇ ئادەتتە تىلغا ئېلىش تولىمۇ تەس بولغان بۇ بىر ئېغىز سۆزنى ھاراقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىزھار قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ مەستۇرەنىڭ ئىچىپ باقمىغىنىغا قارىماي، ئاق كۆڭۈل ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرەگە ماسلىشىپ، سۆز خەزىنىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق دۇردانىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچكۈزگەن. ئۆزىمۇ راسا ئىچكەن. دەر ھەقىقەت بۇنىڭ ئۇنۇمى كىتابخانىغا مەلۇم بولغىنىدەك ئۇنىڭمۇ يادىدا. مەكتەپ مەيدانىدىكى ئايدىڭ كېچە، يالىڭاچ بىلەكلەرنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ يالقۇنلۇق بەدەننىڭ توك تەپكەندەك شېرىن جۇغۇلدىشى، بىلەكلەرنىڭ گىرەلىشىش، ئىللىق سۆيۈشۈشلەر . . .

- ئۇھ!

- ھا - ھا - ھا! - ئاقۇپ ئاكا قاقاقلاپ كۈلدى، - مەستۇرەنىڭ بوتۇلكىنى ئېلىۋالغىنى كۆڭلىڭىزگە كەلدىمۇ، نېمە؟ ئەجەپ ئۇھ تارتىپ كەتتىڭىزغۇ؟

www.uyghurkitap.com

– شۇنى دېمىنا، – دېدى مەستۇرەمۇ كۈلۈپ، – ئۇنچىلىك يېرى بولسا، قېنى، مەرھەمەت. مەنمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئىچىشكە تەشنا.

مەستۇرە كۆڭۈللۈك كۈلكە ئىچىدە ھاراق ۋە رومكىلارنى مەسئۇدقا ئۇزاتتى، مەسئۇد لەۋلىرىگە زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ، رومكىلارنى ئاق ۋە قىزىل ھاراقلار بىلەن تولدۇرۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئۆزىگە تەئەللۇق رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

– ساق - سالامەت جەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى ئەمىسە، مەڭگۈ ساق بولايلى، ئۆلمەيلى، خوشە!

– ياق - ياق، بولمىدى، – ئاقۇپ ئاكا قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىدىن قۇسۇر چىقاردى، – مەڭگۈ ساق بولايلى، ئۆلمەيلى، دېگەننىمۇ گەپمۇ؟ خىيالىڭىزدا بىزنى مەنتىقە بىلمەيدۇ، دەمسىز؟ سۆزىڭىزنى دەرھال تەھرىرلىۋېلىڭ.

– بۇ ئارزۇ، – دېدى مەسئۇد كۈلۈپ، – ئۇنداق بولسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ئىچەيلى.

– ھە، بەللى! – تەستىقلىدى ئاقۇپ ئاكا، – ئەر - ئايال تەڭ قېرىپ، بالىلارنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ قىزىقىنى تەڭ كۆرۈشنى تىلەپ ئىچەيلى.

– مېنىڭچە، – دەپ گەپ قىستۇردى زۆھرە، – ئالدى بىلەن بالىلارنى تۇغقان ئانىلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

– تازا شەخسىيەتچىلىك بولدى - دە، بۇ، – كۈلدى ئاقۇپ ئاكا، – دادىلار بولمىسا، بالىنى سىلەر نەدىن تاپاتتىڭلار؟

– ئەمىسە، – دېدى مەستۇرە كۈلۈپ، – ئانىلار دادىلار ئۈچۈن، دادىلار ئانىلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

ئادەتتىكى قەدەھ سۆزىنىڭ گەپ ئويۇنىغا ئايلىنىپ، بارا - بارا ئاتا - ئانىلارغا مەدھىيە ئوقۇشقا يۈزلىنىپ قېلىشى مەسئۇدنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، بالا بېقىۋالغانلارنىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيىگە كىرگۈزگىلى بولامدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. لېكىن سورۇن كەيپىياتىغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى باستى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. ئۇ ئەسلى ئۆز پۇشتىدىن تامغان پەرزەنتكە تەشنا ئىدى. لېكىن مەستۇرەنىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى بىلەن بۇ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. بۇنى ئۇ خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش خىيالىغا كېلىشى ھامان، مەستۇرە بالا بېقىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇنى مەستۇرەنىڭ ئۆيىنى بۇزماسلىق يولىدىكى ئىزدىنىشى دېيىشكە بولاتتى. ئەگەر مەسئۇد پەيلىنى بۇزماي، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەستۇرە بىلەن كېڭەشكەن بولسا، مەستۇرەنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئەينى يىللاردىلا ئەمەلگە ئېشىپ، بۇ چاقىقچە ئۇلار تۆت - بەش ياشلىق بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قالاتتى. مەسئۇد ئويلىنا - ئويلىنا مەستۇرەنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا سەممىي بولمىغانلىقىدىن، دەپ بىلدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر مەسئۇد ئۇنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ھېسابىغا ئۆيىنى بۇز ۋۇەتسە، بىر قىسىم سۆز - چۆچەكچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ مەستۇرەدەك پاك قىزغا ئېرىشەلەمدۇ - يوق؟ ئۇ تۇرمۇشتا خۇددى نەسىللىك كالىدەك تۇغۇپ بېرىشنىلا بىلىپ، ئىككى ئاغىنىنى باشلاپ كىرسە، تۈزۈك كۆتەلمەيدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. ئېرىگە بالىلىرىنى قوڭغۇراقتەك ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغىمۇ توسقۇن بولىدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. كۈنچىلىك قىلىپ، بويىغا يەتكەن بىرەر قىزى بار ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىگىمۇ يول قويمايدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. ئاھ، خوتۇنلار، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا. ئايال ھەممە جەھەتتىن ئەر بىلەن مۇۋاپىق كەلمىسە، ئەرنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. شۇڭا «ئەرنى

ئەر قىلمىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلمىدىغانمۇ خوتۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئەرلەرمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشى كېرەك. ئۇ، خوتۇننى خوتۇن قىلىشى كېرەكمۇ ياكى ئوتۇن قىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ مەستۈرەنىڭ ھېچقانداق خوتۇنغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان ئاجايىپ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خورلۇق كۆرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنى خورلۇقتا سالغان تۇغماسلىقتىن ئىبارەت بىرلا ئاجىزلىقى. ئەگەر بۇ ئىش مەسئۇدنىڭ بېشىغا كەلگەن بولسىچۇ؟ مەسئۇد قانداق قىلاتتى؟ مەستۈرەچۇ؟

— ھا - ھا - ھا، — ئاقۇپ ئاكىنىڭ قوپال كۈلكىسى ئۇنى خىيالىدىن ئويغاتتى. ئۇ، ئۈچ كىشىنىڭ رومكىلىرىنى تۇتقىنىچە ئۆزىگە تىكىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان كىشىدەك سەل - پەل تەمتىرەپ قالدى، لېكىن چاندۇرمىدى. ئاقۇپ ئاكا غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەستۈرە، — دېدى ئۇ كۈلگىنىچە، — ئېرىڭىزگە ئۇيقۇ دورىسى ئىچۈرۈپ قويمىغانسىز، مۈگدەپلا تۇرىدىغۇ؟

— ياقەي، — دېدى مەستۈرەمۇ كۈلۈپ، — بۇياق «يەتتە ئويلاپ بىر كېسىدىغان» كىشى، بەلكىم قەدەھ سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتسا كېرەك.

— بىر رومكىغا مۇشۇنداق ساقلاتساڭلار، بىر بوتۇلكا ھارىقىڭلارنى ئىچىش ئۈچۈن قونغىدەكمىز. قېنى تېزرەك دەڭلار، نېمە ئۈچۈن ئىچىمىز؟

— خوتۇنلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

— بەللى ئاغىنە، مۈگدىشىڭلاردا گەپ بار ئىكەن - دە!

— توغرىغۇ، — گەپكە ئارىلاشتى زۆھرە، — «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار» دېگەندەك سىلەر بىز ئۈچۈن ئىچسەڭلەر، بىزمۇ سىلەر ئۈچۈن ئىچمەيمىزمۇ.

— «سەن ياخشى، مەن ياخشى» دەيدىغانغا بۇمۇ ئەپلىك چارىكەن. قېنى ئەمىسە!

ئاقۇپ ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈپ، رومكىسىنى ھەممە رومكىلارغا ئۇرۇشتۇرۇپ، تەشنالىق بىلەن سۈمۈردى.

سورۇن باشتىن - ئاخىر خۇشال كەيپىياتتا ئۆتتى. شۇ كۈنى كەچتە مەسئۇد مەستۈرە كۈتمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قويىنىغا كىردى. ئىككى باش بىر ياستۇققا قويۇلدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى، ئىككى باشنىڭ بىر ياستۇقتىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بالىنى ئۆزلىرى باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن پاتەمخان قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتتى، مەسئۇدنىڭ تەتىل ۋاقتى توشۇپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىپ يۈرگىنىدە، ئوشتۇمتۇت پۇتى قايرىلىپ كېتىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ پېيى سوزۇلغان ئىدى. بۇنداق كېسەل سۇنۇقتىنمۇ يامان بولسا كېرەك، ئاغرىق ئازابىدىن چىرايى سولۇپ، بىر ئاز ئورۇقداپمۇ قالدى. ئۇنىڭغا ئۈچ ۋاقىتلىق تاماقنى ئۆيدىن توشۇپ، قاراۋاتقان مەستۈرەمۇ چارچىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئولتۇرۇپ قوپسا بېشى قايىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىپ تاماقمۇ قارىمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسئۇد ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئەھۋالنى دوختۇرلارغا ئېيتتى، دوختۇرلار مەستۈرەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەسئۇد ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، مەستۈرەنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— راست، — دېدى مەستۈرە خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاستا سۈرتۈپ، — بۇ شىپاخانىدىن بېرىلگەن



دورىلارنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك، مەن ئۇنى بىر يىلغىچە ئۇزمەي ئىچكەنىدىم.

مەسئۇدنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش ئەگىدى. چىرايىدىن مەستۈرەنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، كۆڭلىدىن «تۇغماسلار بالا بېقىۋالسا تۇغىدۇ» دېگەن سۆز راست بولسا كېرەك، بۇ جەزمەن مەخمۇدنىڭ خاسىيىتى دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى. لېكىن تېشىغا چىقىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، مەستۈرەنى يەڭگىل قۇچاقلاپ، پېشانىسىغا سۆيدى.

## خاتىمە

7 - ئاي مەزگىللىرى، كۈن قايرىلغان چاغ، سالقىن شامال كۈندۈزكى ئىسسىقنى قوغلاپ، مەكتەپ بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ خۇش ھىدىنى دىماققا ئۇراتتى. چىڭقى چۈشنى پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزگەن مەكتەپ خادىملىرى ئەمدى ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، گۈللۈك ئەتراپىدىكى ئارىسىغا ئورۇندۇق قويۇلغان دەرەخلەر ئاستىغا بىر - بىرلەپ توپلىشىپ، ئىللىق ھاۋانىڭ ھوزۇر بەخش پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن كەچقۇرۇنلۇق ئەمىكنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بەزىلەر قارت، بەزىلەر شاھمات ئوينايتتى، بەزىلەر ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرسا، بەزىلەر ئۆز ئارا چاقچاقلىشىپ، خۇشال كۈلكە ئىچىدە يايرىشاتتى.

مەسئۇد بىلەن مەستۈرەمۇ مەخمۇدنى يېتىلەپ چىقىپ كەلدى. ھەر ئىككىسى خېلىلا سەمرىپ قالغان بولۇپ، چىرايىدا بەختىيارلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

- دادا! دادا! كېپىنەك تۇتىمەن، - يۇلقۇندى مەخمۇد گۈللۈككە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇشۇۋاتقان كېپىنەكلەرگە تەلپۈنۈپ.

- توختا، بالام، مەن تۇتۇپ بېرەي.

مەسئۇد گۈللۈككە يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېپچەكلەپ تۇرغان مەخمۇدنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقىنىچە،

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى.

- مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەت، بالام، - ئىلتىجا قىلدى مەستۈرە خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى زورۇقتۇشتىن ئاياپ، - داداڭ بىلەن كېتىۋەر!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆمۈر سالاسۇن بىلەن قورشالغان گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن مەخمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى.

- ئاۋۇنى، ئاۋۇ ئايروپىلانغا ئوخشاشىنى، دادا!

ئۇ مەسئۇدنى گۈللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا خۇددى سىمابتەك يالتىراپ، گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ، ئۇزۇن تۇمشۇقىنى تەڭكۈزە - تەڭكۈزمەيلا ئۆزىگە شىرنە يىغىۋاتقان گۈلقوچقوچىنى تۇتۇپ بېرىشكە قىستىماقتا ئىدى. مەسئۇد ئۇنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، بالىنىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن سالاسۇننى ئايلىنىپ، ھەر تەرەپكە تىنىمسىز يۈگۈرمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنگەن مەستۈرە گەرچە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرمىسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن ئۇلار بىلەن تامامەن بىرلىشىپ، گۈلقوچقوچىنىڭ قاياقتا ئۇچۇۋاتقانلىقىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى.

- مەستۈرە مۇئەللىم، خەت، سىزگە كەپتۇ.

پۈتۈن دىققىتى گۈلقوچقوچى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن مەستۈرە قولىقىنىڭ تۈۋىدە قايتا تەكرارلىنىۋاتقان بۇ ئاۋازنى ئاڭلىماي، پەقەت ئېتىكى تارتىلغاندىن كېيىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى ئەمەت ئاكىنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنىڭ ئۆزىگە بىر كونۋېرتنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

- خەت؟

مەستۈرە ھەيرانلىق بىلەن كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان پەقەت مەسئۇد بىلەنلا قويۇق خەت يېزىشىپ تۇراتتى. ھەدىسى بىلەن ھاممىسىغا جىددىي زۆرۈرىيەت بولمىسىلا، خەت يازمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىنمۇ كۆپ خەت كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ مەسئۇد ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن بۇيان خەت يېزىش، خەت تاپشۇرۇپ ئېلىش دېگەنلەرنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى.

ئۇ تەئەججۇپ ئىچىدە خەت ئىگىسىنىڭ ئادرېسىغا تىكىلدى - دە، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. خەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىن كەلگەنىدى، ھەيران قالارلىق يېرى ئۇنىڭغا پاتەمخاننىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى.

شۇ پاتەمخانىمىدۇ؟ مەستۈرە مەخمۇدنىڭ ئانىسى پاتەمخاننى ئەسكە ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ پاتەمخاننى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكىنىگە بەش ئايدىن ئېشىپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن پاتەمخانمۇ كەلمىدى، مەستۈرەمۇ سۈرۈشتە قىلىپ قويمىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، تۇرمۇش سەھنىسىدە ئوينالغان جىددىي توقۇنۇشلۇق بۇ ئويۇننىڭ مۇشۇ يەردە تاماملانغانلىقى يېتەرلىك بولغانىدى. ئەگەر بۇ ئويۇن يەنىلا داۋاملاشسا، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى ھەرگىزمۇ چىداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۈتمىگەندە كەلگەن بۇ خەت مەستۈرەنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ تەئەججۇپ، تەشۋىش، ياخشى تىلەكلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئالدىراپ ئوقۇدى، خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ھۆرمەتلىك مەستۈرە خانىم! يىراقتىن يېزىلغان بۇ خەتنىڭ كۈتمىگەندە قولىڭىزغا تېگىشى سىزنى ھەيران قالدۇرغاندۇ؟ سەۋەبى ئۆيىڭىزدىن مەيۇس ھالدا ئايرىلغان چېغىمدا مەنمۇ سىزگە بۇنداق يىراقتىن

خەت سالارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم. كونىلار «خۇدا بەندىنىڭ رىسقىنى ھەر قايانغا چاچقىدەك، بەندىلەر ئۇنى تېرىپ يېمەكلىك ئۈچۈنلا سەرسان بولغىدەك»، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. مەن سىلەر تەرەپتىكى رىسقىمنى تېرىپ ياكى تىلەپ يەپ بولدۇممۇ، ئىشقىلىپ ئۆز يۇرتۇمغا ئۇشتۇمتۇت يول ئېلىپ قالدىم. بۇنىڭغا ئېرىمنىڭ ۋاپاتى سەۋەب بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىنىمسىز ئىچىدىغىنى سىزگە مەلۇم. بولۇپمۇ ھېلىقى مىڭ سومنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن مەيخانە، ئاشخانىلاردا كېچە - كۈندۈز، ھەتتا قونۇپ دېگۈدەك ئىچىدىغان بولۇۋالدى. مەن «قېنى، مۈڭگۈز - قۇلىقىڭ چىققىدەك ئىچۋال»، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ نەدە يېتىپ، نەدە تۈنىشى بىلەن كارىممۇ بولماي، ئىككى بالامنى بېقىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. كىم بىلسۇن، بىر كۈنى قاتتىق شىۋىرغان بولدى، ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئىتتەرسەم ئېچىلمايدۇ. «شىۋىرغان ئىشىكنى قار بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ - دە»، دېگەن ئوي بىلەن تازا كۈچەپ بىر - ئىككى مۇرىدىۋېدىم، ئىشىك قىيا ئېچىلدى، قارىسام، ئېرىمنىڭ گەۋدىسى. پۇت - قولۇمدا جان قالماي، قىيا ئېچىلغان ئارىلىقتىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇ تامامەن مۇزلاپ، مۇردىغا ئايلىنىپ بولغانىكەن. نىمە قىلارىمنى بىلمەي قولۇم - قوشنىلاردىن بىر قانچىسىنى ئويغاتتىم، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، ھېچقانچىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، پەقەت: «خوۋلۇق كۆرمىگەن ئادەم ئىدى، ئاخىرەتلىكىنى خۇدا بېرەر» دەپ قويدى. مەن ئۇنى ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپ يەرلىككە قويدۇردۇم. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ مېنىڭ رىسقىمنى تىلەپ، تېرىپ يەپ، ھايات كەچۈرۈشىمگە پاناھلىق بەرگۈچى، نىكاھلىق ئېرىم، ئىككى بالامنىڭ ئاتىسى ئىدى. < يامانىنىڭ ئوتى يامان> دېگەندەك ئۇنىڭ پىراقىدا يىغلاپ - قاقشاپ 40 كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ئاندىن: بۇنداق ئىچ ئاغرىقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە، نىمە كۆرسەممۇ ئۆز يۇرتۇمدا كۆرمەيمەنمۇ، دېگەن ئوي بىلەن يۇرتقا قايتىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭغا كۆپ ئىش كەتمىدى. چۈنكى قولۇمدا سىزدىن ئالغان 2000 سومغا يېقىن ئاقچا بار ئىدى. ئىككى بالامنى ئېلىپ، قاتناش ماشىنىسىغا ئولتۇردۇق - دە، يۇرتقا كېلىپ قالدىم. يۇرت مېنى خۇشال قىلدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت بېشىمنى سىلىدى. ئىككى بالامنى نوپۇسقا ئېلىپ، ئۈچ كىشىلىك قالدۇرۇق يەر بەردى. خۇدا ئاخىرقى رىسقىمنى مۇشۇ يەرگە چاچقان بولسىلا، بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقنى تىلەيمەن.

گېپىم كۆپىيىپ كەتتى، دېمەكچى بولغىنىم، قىسقىغىنە ئارىلىقتا ئۆتكەن سەرسانلىقىمنى ئەسلىگىنىمدە، سىزنى تومان ئىچىدىن قولۇمدىن تارتىپ چىققان نىجادكارىمدەك ھېس قىلىمەن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، خۇدا خاتىرجەملىكىمىزنى بەرسۇن. مۇبادا خەت يېزىشنى خالىسىڭىز، ئائىلىڭىز بويىچە چۈشكەن سۈرىتىڭىزنى ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەپ: پاتەمخان.

مەستۈرە خەتنى ئوقۇپ چىقىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ پاتەمخاننىڭ ئېيتقىنىدەك، «خۇدا چاچقان رىسقىنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن» ئەمەس، ئەكسىچە ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ «تۇغماس»لىق دەردىدە تارتقان كۆلپەتلىرىنىڭ ئويلىمىغان سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ئاخىرلاشقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ ياش تۆككەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ياشنى قىلچىمۇ يوشۇرغىسى كەلمىدى، بۇ ياشمۇ خۇددى سۈيى تۈگىمەس بۇلاقتەك ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن توختىماي چىقماقتا ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، گۈلقۇچقۇچىنى تۇتۇش خۇشاللىقى بىلەن بولۇپ كەتكەن مەسئۇد بىلەن مەخمۇد تۆكۈلگەن بۇ ياشتىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. مەستۈرە تۆكۈلۈۋاتقان بۇ ياشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى تۆكۈلۈۋاتقان بۇ ياشلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شۇ خۇشاللىقنى بېغىشلىغانىدى.

(تۈگىدى)

# ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1896 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە تونۇلغان ئۆلىما ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 16 ياشقا كىرگەن مەزگىلىدە شائىر مەۋلانە ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ بايقىشى ۋە تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان ھەمدە تەجەللى بىلەن بىللە گۇمىدىن قاغىلىققا كەلگەن. تەجەللىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ھەر خىل ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىستېدات ۋە قابىلىيەت جەھەتتە تېز ئۆسكەن. ئۈچ يىللىق تەربىيىدىن كېيىن شائىر تەجەللى ئۇنى ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللا ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن. ئابدۇ قادىر داموللا تەجەللىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجېلىلنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن.

ئابدۇجېلىل قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يەنە باشقا تونۇلغان بىلىم ئىگىلىرى قولىدىنمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. ھىجرىيىنىڭ 1338 ـ يىلى (مىلادىيە 1929 ـ 1930 ـ يىللار) ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «داموللا» دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئابدۇجېلىل داموللا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ كېلىپ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. نادانلىق، خوراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە زالىملىقتەك ئىللەتلەرگە قارشى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان.

1934 ـ يىلى ئابدۇجېلىل داموللا ھەج سەپىرىگە چىقىپ، ھىندىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق ئەللەردە بىر مەزگىل تۇرغان. ئىلىم ـ ئەھلىلىرى ۋە ئەدىبلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان، مۇشائىرىلەر يېزىشقان. ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى 1937 ـ يىلى چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى شېڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۈرگۈزگەن باستۇرۇش، تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي، ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك دىنىي ئۆلىما ۋە يېتىلگەن شائىر ئىدى. ئۇ ئانا تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا، ئوخشىمىغان شېئىرىي شەكىللەردە سالامنامە، تەشەككۈرنامىلەرنى؛ قەسىدە، مۇشائىرە، بېغىشلىما، قىتئەلەرنى ھەممە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلارنى

يازغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئون پارچە شېئىرىي مەكتۇپىنى ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلدى. ① ئۇ يەنە شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان بىر قىسىم قەسىدە ۋە سالامنامىلىرىنىمۇ نەشرگە تەييارلىدى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئورىگىناللىقنى ئۇنىڭ نامە ژانىرىدا يازغان شېئىرىي مەكتۇپلىرىدىن روشەن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شائىر 1935- يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغاندا يازغان مۇرەببەسىدە ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزھار قىلىدۇ:

«نەبەلا ئېرۇر بۇ، يارەب،
كى بۇ كېچە يوق قارارىم.
ساناماق فەلەكدە يولدۇز،
ئەدەدىنى بولدى كارىم.

قاراتاش باشىمدا پەرقۇ،
قاپاغىمدىن ئۇچتى ئۇيقۇ،
تالان ئەتتى فىكرۇ قايغۇ،
مېگەم ئىچىدە يوقۇ بارىم.

نەكىتاب كۆرگەلى تاب،
نە مۇڭ ئۇلغالى يوق ئەھباب،
نە ئىچەي دېسەم مەي ناب،
نە قۇچاي دېسەم نىگارىم.

كۆڭۈل ئىچىدە بىھەد ئارمان،
غەمۇ فىكرۇ دىنۇ ئەۋتان،
ئونۇتۇرغا يوقتۇر ئىمكان،
چىقارۇرغە ئىقتىدارىم.»

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگىدۇر.

ئىمىنجان ئەخمىدى تەييارلىغان
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

① شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر بايانلاردا ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى يازغان «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» سۆزى ئاساس قىلىندى.

# دانىش ھەنىفى

دانىش ھەنىفى (تولۇق ئىسمى موللا دانىش ھەنىفى پەرزەندى ياقۇپ ھاجى) 1889 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاراتال يېزا سات كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1908 - يىلدىن 1916 - يىلغىچە قاراتال بازىرى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1917 - يىلى قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن.

قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئون يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلىش داۋامىدا دانىش ياقۇپ (ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى «دانىش خەلپەت» دەپ ئاتىغان) شۇ دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆتتۈلىدىغان ھەممە پەنلەرنى تولۇق ئىگىلىگەن، ئۇ شۇ مەزگىللەردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ، ئەسەرلىرىدە «ھەنىفى» (پاك، ساغلام مەنىسىدە) تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى «دانىش ھەنىفى» دەپ ئاتىغان.

دانىش ھەنىفى 1929 - يىلى ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، قۇمباش يېزىسىدىكى مەدرىسكە مۇدەررىس بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قازىلىقىغا، 1935 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قازى قۇززاتلىقىغ تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان.

دانىش ھەنىفى شۇ يىللاردا «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقىرىپ، يېڭى مەدەنىيەت، ئويغىنىشنى تەشۋىق قىلغان. ئاقسۇدا تۇنجى پەننىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم دەرسلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. خوتۇن - قىزلارنىڭ يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئاقسۇ «مىللەتلەر كۇلۇبى»نىڭ قۇرۇلۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ يەنە شۇ يىللاردا ئاقسۇدا ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى يولىدا پائال كۈچ چىقارغان، ئاقسۇ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

شۇ يىللاردا ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كاتىپ بولغان جامال بەكرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دىنىي ئىلىمدە، ئىلمىي مەنتىقتە كامالەتكە يەتكەن زات ئىدى. شېئىرىي نوتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى. 1936 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇيۇشما ئىشخانىسىغا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىنى ھۆسن خەت بىلەن يېزىپ چاپلاپ قويۇپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، شېئىرنىڭ 1 - كۇپلېتى مۇنداق ئىدى:

دوستۇم جانابىلى، ئىشچىمۇ سەن ساق،
گەر ئىشچى بولسالى بۇ سۆزگە بىر باق:
دىلىڭدا ئويلا، تىلىڭدا سۆزلە،
كۆزۈڭدە كۆزلەپ، قولۇڭدا ئىشلە. . .

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ 1937 - يىلدىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە دانىش ھەننىي بىر مەزگىل نەزەربەند قىلىنغان، 1938 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، بىرقانچە يىل مۇدەررىسلىك ۋە تىۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىمۇ توختىتىپ قويمىغان. مەركىزىي (ئۆلكىلىك) ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىدىغان «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ژۇرنال خىزمىتىگە ئاكتىپ ياندىشقان. كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا تونۇلغان شائىرلاردىن نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى داموللام، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

1946 - يىلى دانىش ھەننىي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنقىلابىي ئاما ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپتە تۇرۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان. سايلام ھەرىكىتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن زىچ ھەمكارلاشقان. شۇ يىلى 18 - سېنتەبىردە ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ئاقسۇ لەڭگەر چوڭ خانىقا ئالدىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. يىغىن ئاخىرى ئاممىۋى نامايىشقا ئايلانغان. نامايىشچى ئاما شۇ كۈنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەشۋىقات قورالى بولغان «ئاقسۇ گېزىتى»نى ئۇيۇشما نامىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى دېموكراتىيە، خەلقچىللىق سايلام ھەرىكىتىنىڭ تەشۋىقات مۇنبىرىگە ئايلاندۇرغان.

ئازادلىقتىن كېيىن دانىش ھەننىي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قىزغىن قوللاپ، ئاكتىپ تەشۋىقاتچى ۋە تەشكىلاتچى بولغان. ئاقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا دانىش ھەننىي «مەسىلە تاپشۇرۇش»قا مەجبۇر قىلىنغان، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان. ئۇ بۇ ئېغىر روھىي ۋە جىسمانىي زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 1970 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاپات بولغان.

دانىش ھەننىي 1930 - يىللاردا ئۆز شېئىرلىرىنى دىۋان قىلىپ رەتلەپ چىققان. شائىرنىڭ مەزكۇر دىۋانى ھەققىدە ئاقسۇ شەھەر چوڭ خانىقا ئىمامى مەمتىمىن ھاجى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «دانىش داموللام تۈرمىدىن چىقىشتىن بىرقانچە يىل بۇرۇن، مەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر كىتابپۇرۇشنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بىر قولىيازما دىۋاننى كۆرۈپ قالدىم. دىققەت قىلىپ قارىسام، ئۇ دانىش داموللامنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەرەبىي، فارسىي ۋە ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىنى رەتلەپ تۈزۈپ چىققان دىۋانى ئىكەن. مەن كىتابپۇرۇشتىن ئۇ دىۋاننى يېرىم سەر كۆمۈش تەڭگىگە

سېتىۋالدىم. داموللام تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز دىۋانىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ ئاختۇرۇلغاندا مۇسادىرە قىلىنغان بۇ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قولۇمغا چۈشۈش تەپسىلاتى بىلەن تونۇشۇپ، ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مەن دىۋاننى داموللامنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردىم.»

دانىش ھەنىفى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىم داۋامىدا يەنە ئۇنىڭ 1940 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى»، 1950 - يىللاردا «شىنجاڭدىكى پەلسەپىۋى ئېقىملار» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم بولدى. ① ھالبۇكى، دانىش ھەنىفى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆز يېزىسىدىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېلىنگىنىدە، ئەسەرلىرىمۇ جىنايەت پاكىتى سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن. شائىرنىڭ دىۋانى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا دانىش ھەنىفىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان بىر بۆلۈك شېئىرلىرى تېپىلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، يېڭى دەۋرگە مەدھىيە، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدىكى ناچار تەرەپلەرنى تەنقىد قىلىش بۇ شېئىرلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئىچىدە «جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكى 1957 - يىل ھەج ئەھۋالىدىن» دەپ ناملانغان شېئىر تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن باشلانغان:

«ھەج بايانى قىلماق ئۈچۈن كۆڭۈل قىزىپ،
ئىزھار قىلدى بۇ ئەھۋالنى قەلەم يېزىپ.
مىلادى ئىدى مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك يەتتە.
ھىجرەت ئىدى بىزنىڭ ئۈچيۈز يەتمىش ئالتە.
ئۈمىد قىلىپ ھەق تائالى دەرگاھىدىن،
ئون يەتتە جان ھەجگە چىقتۇق بىز جۇڭگودىن.
بىزگە مۇنداق ئۇلۇغ سەپەر نېسىپ بولدى،
ۋۇجۇدىمىز بۇ شەرەپتىن توشۇپ تولدى.
. . . . . . . . . . . .
بىزنىڭ جۇڭگو خەلق دۆلىتى سىزگە رەھمەت،
سىزدىن بولدى دىنىمىزگە ئىززەت - ھۆرمەت.»

دانىش ھەنىفى ئۈستىدىكى ئىزلىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تېپىپ خەلققە تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

ئىمىنجان ئەخمىدى تەييارلىغان
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

① بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى ئابدۇللا تالىپ، ئىرشىدىن تاتلىق يولداشلار بەرگەن.



زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

# قومۇش كۆل

(ھېكايە)

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان، ئەتراپى قومۇشلار بىلەن ئورالغان، يازچە ياۋا غازلار ماكان تۇتىدىغان بۇ كىچىك كۆلنى بۇ يەردىكىلەر قومۇش كۆل دەپ ئاتايتتى. بۇ كۆلنى پەقەت مۇشۇ يېزىدىكىلەرلا بىلىدۇ.

بۇرۇن بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ كۆل يېقىنىدا ئىدى. چوڭلار بۇ كۆل ھەققىدە تۈرلۈك قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، بىزنى بۇ كۆلگە بېرىشتىن توساتتى. بىراق مەھەللىدىكى بىر نەچچە بالىلار بىر بولسافلا كۆلگە بېرىپ ياۋا غاز بالىلىرىنى تۇتاتتۇق. بىر كۈنى قومۇش كۆلدىن قايتىپ كېلىۋاتساق، ئالدىمىزغا روزى موللام ئۇچراپ قېلىپ، نەبىسىنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپلا تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئىنچىكە، ئاپتاپتا قارىداپ يېرىلغان پاچىقىغا تىرنىقى بىلەن سىزىپ كۆردى-دە: «ھوي، دەرىلەر، يەنە شۇ قومۇش كۆلگە بېرىشىپسەنە! شەرتلىك جايلارغا قالايمىقان دەسسەشسەڭ يۇرتقا ئاپەت ياغىدۇ. قولۇڭ تۇتماس، پۇتۇڭ باسماس بولۇشىدۇ، بەدبەخلەر!» دەپ قايناپ كەتكەندى.

كىچىككىمدە بىرى قىلما، دېگەن ئىشنى قىلىپ كۆرۈپ باققۇم كېلىدىغان تەرسا مىجەزىم بار ئىدى. قومۇش كۆلگە بارما دېگەن گەپلەر تەكرارلانغانسېرى كۆپ بارىدىغان، ھەتتا كېچىلىرى يالغۇز بارىدىغان بولدۇم. ئاپام دائىم دەيدىغان قومۇش كۆل ئاستىدا ياشايدىغان پەرىزاتنى كۆرۈپ باققۇم، ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە ئېيتىدىغان ناخشىسىنى ئاڭلاپ باققۇم كېلەتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۆزۈم يالغۇز قومۇش كۆلگە بېرىپ، كۆل يېقىنىدا ـ قومۇشلار ئارىسىدا

زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۆلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر ياۋا غاز ئۇچۇپ كېلىپ، كۆل ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇققا قوندى. قومۇشلار لىڭشىپ، كۆل سۈيى داۋالغۇدى. سۇ يۈزىدىكى ئاينىڭ شولىسى، قومۇشلارنىڭ شولىسىمۇ پارچىلىنىپ، گويا سانسىز يىلانلار مەن تەرەپكە ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك بولۇپ مېنى قورقۇنچ باستى. قاچماقچى بولۇپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ بىر قەدەم ئېلىشىمغا، پۇتۇم مۇزدەك يۇمشاق بىر نەرسىنى دەسسىدى. قورققىنىمدىن ئاۋازىم چىقماي قالدى. سوس ئاي يورۇقىدا ئېگىلىشىپ قاراپ، پۇتۇم ئاستىدا يوغان بىر چارپاقنىڭ مىجىلىپ ياتقىنىنى كۆردۈم. تېنىمنى دەھشەتلىك سۈر باستى. قاتتىق ۋارقىراپ، يىغلاپ قومۇشلارنى شاراقلىتىپ يۈگۈرگەنچە مەھەللىگە بارىدىغان يولغا چىقتىم. نەدىن بىلەي، ئالدى تەرەپتىن بىر نەچچە ئىت ماڭا قاراپ قاۋاپ كېلىۋېتىپتۇ. چىرقىرىغىنىمچە كەينىمگە ـ قومۇش كۆلگە قاراپ قاچتىم. قومۇشلۇققا ئەمدى يېتىشىمگە بىر ئىت يېتىشىپ كېلىپ مېنى بىسىۋالدى. مەن بېشىمنى قولۇم بىلەن توسقىنىمچە دۈم يېتىۋالدىم. ئىتنىڭ دۈمبەمنىڭ بىر نەچچە يېرىنى چىشلىگىنى ئېسىمدە. بىر نەرسىنىڭ تاڭ قىلغان ئاۋازى بىلەن ئۈستۈمدىكى ئىت مېنى قويۇۋېتىپ قاچتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام گۈرجەك تۇتۇۋالغان بىرىنىڭ ئىتنى قوغلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم. دۈمبەم ئاچچىق ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. قولۇم بىلەن تۇتۇپ گۈللۈك دۆڭغاقلى كوپتامنىڭ تىمتىما-تىمتىما بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۆي بولغان بولسا ئۈنۈمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ يىغلارىدىم. بىراق، بۇ يەردە يىغامنى ئاڭلىغۇدەك ھېچكىم يوق. شۇ چاغدا ھېلىقى گۈرجەك تۇتقان كىشى يېنىمغا كېلىپ گەپ قىلماي ئۈستىمدىكى ئاق كۆڭلىكىمنى سېلىپ، يېڭىنى يىرتىپ، دۈمبەمدىكى قان ئىزلىرىنى ئېرتتى. مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن تۇرقى، گۈدەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىدىن 18 ـ 19 ياشلاردىكى ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ـ ئۆيىڭىز نەدە؟

ـ ئاۋۇ مەھەللىدە.

ـ بۇ كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ ـ بۇ سوئال رەنجىش تەلەپپۇزىدا قوپال ئېيتىلدى.

ـ كۆل ئاستىدىكى پەرىزاتنى كۆرگىلى، ناخشىسىنى ئاڭلىغىلى كەلگەنتىم.

ـ بۈگۈن بۇ كۆل سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىدى. يۈرۈڭ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي...

مېنىڭ ئېسىمدە بايىقى دەسسىۋەتكەن پاقا بولغاچ، يەرگە قاراپ ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىشقا باشلىدىم، بۇ ھالىمنى كۆرگەن بالا بىلىكىمدىن تۇتۇپ يېتەكلىدى. تېرە بىلەن سۆڭەكتىنلا ئىبارەت ئاۋاق قولۇم، كۈچلۈك بىر قولنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ كېتىۋاتاتتى.

ـ ھەلىمە ھەدەمنىڭ ئوغلى، ـ دېدى ئاپام قارا مۇتۇق بالا مېنى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، ـ ياخشى شۇ بالىغا ئۇچراپ قاپسەن، بولمىسا ئىتلار يەپ كېتەتتىكەن. قانچە قېتىم دېدىم ساڭا شۇ كۆلگە بارما دەپ.

ـ بىچارە بالا، كىچىك تۇرۇپلا جاپاغا قالدى. ئەخمەت مۇئەللىمنى «ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، بالىسىنى دۇينىڭ ئېغىر ئىشلىرىغا سېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ كېچىدە ئۇيقۇسىز سۇ تۇتۇپ يۈرۈپتۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ ئوينايدىغان، قانغۇدەك ئۇخلايدىغان چاغلىرى ئىدى. ھەي... جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ـ دېدى دادام ئېغىر تىنىپ.

شۇ كېچە مېنى دۈمبەمنىڭ ئاغرىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەكرەك، سۇ تۇتۇپ يۈرگەن ئاشۇ بالا، ئۇنىڭ دۈمبەمدىكى قاننى ئېرتقاندىكى ئىسسىق قولى، بىلىكىمنى تۇتۇپ مېڭىشى، ھاياتىمدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىچكى ھېس-ھاياجانلار ئۇخلاتمىدى. شۇ چاغقىچە مەن ئوغۇل بالىلاردىن تارتىنىپ باقمىغاندىم. بىراق بۈگۈن ئۇ بالىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق دۈمبەمدىن نومۇس قىلدىم. ئۇ بالا ماڭا تەنە قىلىپ: «قومۇش كۆل سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىمىدى» دېسىمۇ زۇۋان سۈرمىدىم. باشقا چاغ بولسا ماڭا قاتتىق تەگكەن ئادەمنى ھېچ بولمىسا، ئىككى ئېغىز تىللاپ قېچىپ كەتكەن بولاردىم. مانا ھازىر نېمە ئۈچۈن ئۇ بالىغا بويسۇنۇپ قالغىنىمنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈنمۇ؟ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بۇ خىيالىمنى رەت قىلاتتى. قەلبىمنىڭ پىنھان بوشلۇقىدا ئاجايىپ بىر شېرىن ھېسلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. لېكىن مەن ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن قىز ئىدىم. بۇ ھېسلارنى چوڭلاردىن ئاڭلىغان بەزى گەپلەرگە بۇراشقا نومۇس قىلاتتىم.

شۇ ئىشتىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بىر كۈزدە، يېزىلىق ئىتتىپاق تەشكىلى بىزنى يېزىدىن ھەربىي سەپكە تاللانغان بەش ياشنى ئۇزىتىشقا تەشكىللىدى. يېزىدىن ناھىيىگە بارىدىغان شېغىللىق يولنىڭ ئىككى چېتىدە، قوللىرىمىزدا قەغەز گۈللەرنى تۇتقان ھالدا ئۇزاتماقچى بولغان ياشلارنى كۈتتۇق. ئالدىدا قاۋۇل بەش يىگىت، كەينىدىن ئۇلارنى ناھىيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئات ھارۋىنى ھەيدەپ، سېلىم بوۋا كېلىۋاتاتتى. بەش يىگىتنىڭ مەن تەرەپتە ماڭغىنى دەل ھېلىقى ئەخمەت مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئىدى. «دىلمۇرات» دەپ ئاۋازىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم مەن. ئۇنىڭ مەندىن يىراققا كېتىدىغىنىنى ھەپتە بۇرۇن بىلگەنىدىم. لېكىن بۇ كۈن مەڭگۈ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ھازىر ئۇنى ئۇزاۋاتقانلار قاتارىدا كۆرۈپ، ئىندىكىپ كەتتىم. ئالتە كۈن بۇرۇن ئۇ شۇ كۆل بويىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «بىلەمسەن زۇلپىيە، ماڭا ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەرسىمۇ ساڭا تەڭ قىلالمايمەن. سەندىن باشقىسىنى پەرىزات بولغان تەقدىردىمۇ ئالمايمەن. مەيلى قەيەردىلا بول، سېنىمۇ مەندىن بۆلەكى ئالالمايدۇ» دېگەنىدى.

ئۇنى شۇ كۈنى كۆپچىلىك بىلەن بىر قاتاردا ئۇزىتىپ قويدۇم. يەنى مەشۇقى سۈپىتىدە كۈيگەن يۈرىكىم بىلەن ئەمەس، «ياشلار ۋەكىلى» سۈپىتىدە «قىزىل يۈرەك» بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا يازغان بۇرۇنقى خەتلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان «مېنى كۈتمە» دېگەن خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان قېيداش، يېزىدىن بىزار بولۇش ھېسلىرىم بىلەن ھامام كادىر، ياخشى يىگىت، دەپ ماختاپ قۇلىقىمغا قۇيۇۋەتكەن، ئىلگىرى ھامامنىڭ ئوغلى بىلەن ئۆيىمىزگە پات-پات كېلىپ كۆزلىرىمگە مولۇندەك پارقىراپ قارايدىغان بىر يىگىتكە ياتلىق بولۇپ ناھىيىگە كەتتىم.

توي قىلىپ ئالتە ئايغىچە ئىككى يەكشەنبىدە بىر يېزىغا ئاتا-ئانامنى كۆرگىلى كەلگەندە، ئۇچامدىكى ئېسىل كىيىملىرىم، ئۆزگەرگەن يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمغا باشقىلارنىڭ قايرىلىپ قارىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ يۈردۈم. راستىنى ئېيتسام، مەن يېزىغا ئاتا-ئانامنى كۆرگىلى ئەمەس، دوست-دۈشمەنلىرىمگە ئۆزۈمنىڭ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى كۆرسەتكىلى كېلەتتىم. ئالتە ئايدىن كېيىن، مەن نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشتا دەل ھازىرقى يولدىشىم ئۇستىلىق بىلەن قۇرغان تۇزاققا دەسسەپ ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ قالغاندىن كېيىنلا، كۆز

مەھەللەمنى ھەققىي سېغىنىپ يېزىغا بارىدىغان بولدۇم.

ئەمدى ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەندى. قەلبىمدىكى يولدىشىمغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ، زېمىن يۈزىگە يېيىلىۋاتقان كەلكۈن سۈيى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، بىردىنلا ئۆچۈشى ھەممىنى ئۆزگەرتكەنىدى. توۋا دەيمەن، كىشىدىكى ھېسسىيات، بولۇپمۇ مۇھەببەت ھېسسىياتى ئۆزۈلۈك قالمىغان دەھشەتلىك بىر زەربىگە ئۇچراپ ئۆلسە، تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزىلا بولىدىكەنسەن. مېنىڭ شۇندىن كېيىن ئىككى يىلىم ھەسرەتنى ئىچىمگە يۇتۇش، ئۈنسىز ياش تۆكۈش، يولدىشىمغا يالغان، ساختا كۈلۈمسىرەش ئاتا قىلىش بىلەن ئۆتتى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئىشلار ئاز كەلگەندەك، تۇغماس ئاتاق ئېلىپ قېيىن ئانامنىڭ تەنىسى بىلەن يولدىشىمنىڭ ئېچىلماس قاپىقىنىڭ دەردىنى تارتىشقا باشلىدىم. «ئۆيدىن چىق!» دەيدىغان بولدى يولدىشىم ئىككى گەپنىڭ بىرىدىلا ھېچ يۈز-خاتىرە قىلماي. ئۇنىڭ شۇنداق چاغلاردا ماڭا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە قارىغاندەك قارىشى، ئاۋۋالقى دەردلىرىمگە دەرد قوشۇپ يۈرىكىمنى لەختە-لەختە قان قىلاتتى.

— ئايال كىشىنىڭ ئايدەك چىرايى بولغان بىلەن تۇغمىسا بىكار، مېكىيان جېنىدا كۈنىگە بىر تۇخۇم تۇغىدۇ. مەرىيەمنىڭ قاپقارا زەڭگى كېلىنى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتىكەن، پۈتۈن بىر ئائىلە بېشىدا پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ، — دەيتتى قېيىن ئانام ماڭا دارىتىملاپ.

بىر كۈنى قوشنا ئايال بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىم. ئۇ غالىبلارچە ئىدىيىپ تۇرۇپ:

— ئۆتەپ بار، تۇغماس خوتۇن، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تۆت بالىنى ئالدىڭغا تىزىپ قويۇپ يوغان سۆزلە! . . . — دەپ تىللىدى.

مەن بۇ ئائىلىدە تۇغماسلىقنىڭ توكۇر، قارىغۇ قاتارلىق جىسمانىي ئەيىبلەردىنمۇ يامان ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان، شۇڭىمۇ خېلى بۇرۇنلا يوشۇرۇن ھالدا دوختۇرغا تەكشۈرۈتۈپ ئۇنىڭ «سىزدە ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال يوق، تۇغىسىز» دېگەن جاۋابىغىمۇ ئېرىشكەنىدىم. لېكىن بۇ گەپنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ نېمە قىلاي. . . تۇغۇت پەقەت ئىككى تەنگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھېسسىياتنى، روھنى ئىنكار قىلىدىغان بولسا مەنمۇ بۇ چاغقىچە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولار ئىدىم.

مەن ئۈچ يىللىق ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزگەن، ئازراق بولسىمۇ ياشلىق لەززىتىنى بېغىشلىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى بار بۇ كىچىك ھويلا، تار ھۇجرىمىز ماڭا بارغانسېرى گۆردەك قاراڭغۇ، سوغۇق تۇيۇلىدىغان بولدى. بۇ ھويلىدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ كېتىشىمنى تىلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، يولدىشىمنىڭ يوغان مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ «ئۆيدىن چىق» دېگەن بۇيرۇقىنى چۈشۈمدىمۇ ئاڭلايتتىم. پەقەت ئاتا-ئانامنىڭ «ياش تۇرۇپ ئەردىن چىقىپ يۈزىمىزنى تۆكمىدىغان بولساڭ، كۆزىمىزگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما! ئاجرىشىمەن دېسەڭ بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئاجراش!» دېگەن تەنبىھلىرىنىڭ كۈچىدىنلا بۇ ئۆيدىكى بەختسىز كۈنلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ياشاۋاتاتتىم. مېنىڭ ئاتا-ئانام قانۇننىڭ نىكاھنى چەكلىگىنى بىلەن ھېسسىياتنى چەكلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇر؟ ئاشۇ قىزىل رەڭلىك توي خېتى قىزىمىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئېرىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن دەپ ھېس قىلامدىغاندۇ؟ . . .

يولدىشىم تىل-مۇشتلىرى ماڭا كار قىلمىغاندىن كېيىن باشقىچە يولغا چۈشتى. ئۇنىڭ بەزى ئاياللار

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بىراق پەقەتلا پەرۋا قىلغۇم كەلمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ تەپتارتمايلا:

— مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى بىلسەڭ، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا خېتىمگىنى ئالمايسەن؟ ئەڭ ياخشىسى تولا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي ئۆيۈڭنى بىكارلا، قاپاقباش! — دەپ ھاقارەتلىدى.

ئايال كىشى «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن ئەرنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن «مەن ساڭا كۆڭۈلسىز» دېگەن ئەرنى ئۇنتۇمايدۇ. بۇ گەپنىڭ ئايال كىشى ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق سەت گەپتىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى مېنىڭ يولدىشىم بولغان ئادەم بىلىپ تۇرۇپ قەستەن دېدىمۇ ياكى بىلمەي دېدىمۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بىراق ماڭا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرقانداق گەپ بەربىر. مەن پەقەت ئاتا-ئانام ئۈچۈنلا ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ ياشىشىم كېرەك.

بۇنداق كۈنلەرمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. يولدىشىم ئاشۇ گەپنى قىلىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقى بۇزۇق ئايالنى باشلاپ كىرىپ «بىزگە ئورۇن سېلىپ بەر» دېگەندىلا، مەن ئۆينى بىكارلاپ يۈرەكلىك ھالدا ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم.

«سەن دۇنيانىڭ قايېرىدە بولساڭمۇ سېنى مەندىن باشقىسى ئالالمايدۇ.» مەن ھازىر دۇنيانىڭ بىرەر چېتىدە ئەمەس، شۇ سۆز ئېيتىلغان قومۇش كۆل بويىدا تۇرۇۋاتىمەن، مېنى سەن ئەمەس، باشقا بىرى ئېلىپ قويۇپ بەرگەن تول ئايالمەن. مەن ئۆزۈمگە پاك، دۇرۇس ئايال دەپ باھا بەرسەممۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق ئەمەسمەن. مېنىڭ كېيىنكى ھېسسىياتسىز، خۇددى تىرىك مۇردىدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىم ئۇلارغا نامەلۇم. ئاددىيسى مەھەللىنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بالىلىرىمۇ چاقچاق قىلغان بولۇپ «ئويناپ كەلمەيمىزمۇ زۇلپىيە ھەدە» دەپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرىدۇ. ئۇلار بۇ گەپنى ھەرگىز يولدىشى بار باشقا ئاياللارغا دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭغۇ لېنتىلىرىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن قايسىبىر ناخشىدىكى «سۆيگەنلىرىڭ سۇ بولدى، كىم ئۇسسىسا ئىچكىلى» دېگەن مىسرالاردەك، ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك سۇيۇق، ياش-قېرى دەپ ئايرىمايدۇ دەپ بىلىدۇ. ئۇلار نېمە ئويلىسا ئويلاپ، نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن، قەلبىمنىڭ قانداقتۇر پىنھان بوشلۇقىدا پەقەت سەنلا بار ئىدىڭ. ئەگەر سەن مېنىڭ ئېرىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ئەتراپتا بىر يەردە، مېنىڭ قانداق ياشاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر يەردە بولغان بولساڭ مەن بۇنداق تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەسمىدىمىكىن. دۇنيادا مېنى پەقەت بىر سەنلا بويسۇندۇرالايتتىڭ. بىرلىرى بوينۇمغا قولىنى سېلىپ زورلۇق قىلماقچى بولغانلىرىدا، خۇددى قوزىغا ئوخشاش تىپىرلاپ بوشىنىۋېلىپ، سېنىڭ تارتىنىپ تۇرۇپ قولۇمنى ئالقىنىڭغا ئالغان ھالىتىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. قانداق ئېسىل، غۇبارسىز چاغلار ئىدى شۇ-ھە؟! مۇنۇ قېلىن، قوپال ئەرلەر سەندىن شۇ تارتىنچاقلىقنى، پاكلىقنى، خىجىل بولۇشنى ئۆگەنسە بولاتتى. بەزى كېچىلىرى سېنىڭ ماڭا مەختەك قادالغان كۆزلىرىڭنى چۈشەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن. سېنىڭ چۈشۈمدىكى «بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزۈۋاتقانسەن زۇلپىيە» دېگەندەك ھېسداشلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىڭ بىر نەچچە ئاي مېنى ئۆلۈك تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ روھلاندۇرىدۇ. ئەسلى مەندىكى ھېسسىياتنىڭ ئۆلۈشى سېنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ باشقا بىرى بىلەن توي قىلغان شۇ كۈندىن باشلىنىپتىكەن.

«مەن ئۇنى كۆرمەي، ئۇنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ ئايالى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرماي» دەپتىكەنسەن، ھەربىي سەپتىن تۇغقان يوقلاپ كېلىپ، بولۇشىغا ئىچكەن بىر كۈنى دوستلىرىڭغا. مەن توي قىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ھېلىقى قارىغىش تەگكۈر خەتنىڭ ياسالما خەتلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئالدامچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلىپ قېلىپ يولدىشىم بىلەن جېدەللەشكىنىمدە ئۇ كۆزلىرىنى پىيالىدەك چوڭ ئېچىپ، پارقىرىتىپ تۇرۇپ: «شۇنداق قىلمىسام سېنى قولغا چۈشۈرەلەيتىممۇ؟» دېگەنىدى. مۇھەببەت ئويغاتقان يۈرەك ئەڭ ئاۋۋال سەممىي، ساپ يۈرەك بولۇشى كېرەكتىغۇ؟ مۇھەببەتكە سۇيىقەست ئارقىلىق ئېرىشىشتىمۇ يانمايدىغان، ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىيات بىلەن باشقىلاردىنمۇ شۇ ھېسسىياتنى تەلەپ قىلىدىغان شەخسىيەتچىلىكمۇ مۇھەببەت ئاتىلامدۇ؟

سېنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايالىڭ، بىر - بىرىدىن ئۇماق ئىككى بالاڭ بارلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. تۈنۈگۈن «دىلمۇرات ئايالىنى ئېلىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن يېزىغا تارالدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن باشلاپلا سېنى، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئۆز ئاپاڭدىنمۇ بەكرەك كۆرۈشكە ئىنتىزار بولدۇم. سەن بىر چاغلاردىكى دۈمبىسى ئۆڭۈپ كەتكەن خادانى چاپان، كىرلەشكەن شەپكە كىيىۋالىدىغان قارا قومچاق، ئاۋاق دىلمۇرات ئەمەس ئىدىڭ. قېنىق رەڭلىك كاستۇم - شىم، ئاق كۆڭلەك، قىزىل يوللۇق گالستۇك غوللۇق بەستىڭگە شۇنچىلىك ياراشقانىدى. ماڭا سېنىڭ ھەممىلا يېرىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. لەۋلىرى داۋاملىق كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، سۈزۈكلۈكتىن چېكە تومۇرلىرى كۆرۈنىدىغان، ئۇشۇقىغا كېلىدىغان ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان، چەت ئەللىككە ئوخشايدىغان ئايالىڭنى كۆرگەندە ئۈنسىز ئۇھ تارتتىم.

- دىلمۇراتنىڭ ئايالى بەك چىرايلىق ئىكەن، زۇلپىيە قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن.

- ياخشى زۇلپىيەنى ئالماپتىكەن، يا بالا يۈزى كۆرەلمەي، يا بۇ سۇيۇقنى باشقۇرالماي يۇمشاقباش بولۇپ ئۆتەتتىكەن.

- مۇشۇ زۇلپىيەنىڭ قىلغان ئەلىمىگە چىدىماي كەلمىگەنغۇ بۇ يەرگە، كەلمىگىنىمۇ قەۋەتلا ياخشى بوپتىكەن. بولمىسا سەھرادا توپىغا مىلىنىپ ئىشلەپ كۈنى ئۆتەرىدى.

ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى يوق. مېنى چىرايىغا لايىق كۆڭلى يوق دەپ چۈشىنىدىغان ئاياللارنىڭ ئاغزى شۇ كۈنى سېنى كۆرۈپلا بۆلەكچە ئېچىلدى.

- ياخشىمۇسەن؟- دېدىڭ كۆزلىرىمگە تىك قاراپ. مەن سېنىڭ ئاۋازىڭ، قاراشلىرىڭنىڭلا ئۆزگەرمىگىنىنى ھېس قىلدىم.

- ئۆيلەرگە كىرەرسەن ھە، زىننەتنى باشلاپ،- ئايالىڭنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئىسمىنى خۇددى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قويغاندەك ھودۇقۇپ كەتتىم.

- كىرىمىز، سەنمۇ ئۆي تەرەپلەرگە ئۆتەرسەن.

بىزنىڭ 19 يىلدىن بۇيان كۆرۈشمەي، قىلىشقان تۇنجى سۆھبىتىمىز ئاشۇنداق قىسقا بولدى.

قومۇش كۆلنىڭ سۈيى ھازىر بۇرۇنقىدەك سۈزۈك ئەمەس. بارا-بارا بۇلغىنىۋاتقان مۇھىت بۇ كۆلگىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئەخلەت-چاۋالار لەيلەپ يۈرگەن كۆل يۈزى، قىرغاققا يېقىن جايلاردىكى پاقا لەشلىرى، ئۇ تەرەپتىكى بوش يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قىغنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇ كۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى خۇنۇكلەشتۈرگە-

نىدى. كۆل بويىدىكى ياپراقلىرىغا توپا قونغان ئېگىز قومۇشلار قۇلىقىمغا ھازىرمۇ «مەن سەندىن باشقىسىنى ئالمايمەن، سېنىمۇ مەندىن باشقىسى ئالالمايدۇ!» دېگەنلەرنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

تۇيۇقسىز كۆلنىڭ ئاستىدىن بىر ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

«ئاللا خالىدىم ئاللا بوستان چاچ،
ئاللا خالىدىم، ئاللا قەلەمقاش.

... ... ...

بۇ ناخشىنى دىلمۇرات مەن بىر چاغلاردا ھۇجرامدا مۇڭغا چۆكۈپ، يېرىم ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتقان كېچىدە ئىشىك ئالدىمىزدىن ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋالغان بولسامۇ، ئەمما بۇ ھەسرەت بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قوشۇلۇپ ئېيتقانىدى. كېيىنكى كۆڭۈلسىز، ھېسسىياتسىز تۇرمۇشۇمدا بۇ ناخشا مىسرالىرى، يۈرىكىمنىڭ ئاللىقاندىق بىر جايلىرىدىن دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى بىلەن ياڭراپ چىقىپ مېنى تېخىمۇ ئازابلىغانىدى.

كۆل ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، قومۇشلار ئۇنىڭغا تەڭكەش بولۇۋاتىدۇ. ناخشىنى كىچىك چاغلىرىمدا تولا ئاڭلىغان چۆچەكتىكى پەرىزات ئەمەس، دىلمۇرات ئېيتىۋاتىدۇ.

ئاشۇ ئىت قوغلىغان كېچە ماڭا ھازىرقى ئىشتەكلا تۇيۇلىدۇ. لېكىن رەھىمسىز يىللار مېنى بىر چاغلاردىكى ئاشىقنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان قوش سېكىلەكلىك، نازۇك قىزدىن، ئۇستىخانلىرى يوغىناپ سەمرىگەن، جاۋغايلىرىغا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەگەر ھازىر 19 يىلدىن بۇرۇنقى چاغ بولغان بولسا ئىدى، مەن سېنىڭ ھېلىقى تولا تەكرارلاپ جاۋاب ئالالمىغان سوئالىڭغا: «مەنمۇ سەندىن باشقىسىغا تەگمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن



مېشېل خوست (فرانسىيە)

# ھوقۇقلىغان ئاۋاز

(ھېكايە)

ئىمپېرىيىنىڭ① چېگرىسى يوق. دۇنيانىڭ چېگرىسى ئۇنىڭ بىردىنبىر چېگرىسى ئىدى. ئىمپېرىيىنىڭ مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىشىلىك دۇنيانىڭ چېگرىسى ئىمپېرىيىنىڭ چېگرىسى، دېگۈم كېلىدۇ.

گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېنىق بايان قىلىش تەتۈرلۈك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئېنىق بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارايمەن. گەرچە كىشىلەر ئەزەلدىن سۆز مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۆز مەنىسىدە بىرەر ئورتاق تونۇش بولۇشى كېرەكتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەن ئىمپېرىيە يوقىلىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىمەيمەن. بۇمۇ ئۆز ئارا زىت. ئەگەر مەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىمنى ئىزاھلىيالىسام، كىشىلەر مېنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن. ئىنسانلار ھالاك بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە قايغۇرمايدىغانلىقىمدىن ئەمەس. ئاز-تولا ئىش ئۇقىدىغان كىتابخانلار مېنىڭ بۇنداق سوغۇق پوزىتسىيەمنى قوللايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېتىپ قالغان بولسا، مېنىڭ ئۇلارغا خەۋەر يېزىپ ئولتۇرۇشۇم ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالامدۇ؟

ئىمپېرىيىنىڭ يېشىنىمۇ چېكى يوق. ئۆزۈم گەرچە تارىخنى ئانچە كۆپ بىلمىسەممۇ، لېكىن ئادەملەر پاجىئەلىكتۇر، دېگەن يەكۈننى چىقارمىدىم. مەن قەدىمكى دەۋر توغرىسىدا ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. جاھالەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ يازما خاتىرە قالدۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرى يوقىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ غەلىتە يېزىق بەلگىلىرى كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ يېزىق بەلگىلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىز ئۇلارنى ۋاقىتنىڭ ئىزناسى، بوران-چاپقۇندا ۋەيران بولۇشنىڭ نەتىجىسى، تۈگىمەيدىغان، بىلىپ بولمايدىغان تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش دەپ قاراۋاتىمىز.

رىۋايەتلىرىمىزنىڭ قانچىلىك قەدىمكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملەرنى ئازابلاش، يوقىتىش ھوقۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىمپېرىيىنىڭ ئەزەلدىن قىلچىلىك ئىناۋىتى، قىلچىلىك ھوقۇقى بولۇپ باققىنى يوق.

ئىگىلىك ياراتقان ئەجدادلار، بويسۇندۇرغۇچىلار، پادىشاھلار، ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى، چوڭ-كىچىك كاروللار، كاتولىك دىنى پوپلىرى، ھەر خىل دىنغا ئىشىنىدىغان روھانىيلار، باش روھانىيلار، پوپلار، باش پوپلار، ھەر خىل ئىلاھنىڭ ئەلچىلىرى، ئىسپانىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلىرى،

---

① بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئىمپېرىيە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئەسەرگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

كىنەزلەر، ماركىزلار، گرافلار، گېرتسوگلار، بارونلار، ئاقسۆڭەكلەر ھەمدە بەزى يىراق جايلاردىكى ئەڭ رەزىل دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر، قايسى بىر نېمىلەرنىڭ پۇشتىلىرى، ئىسپانىيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلىرى، كاللىسى قۇرۇق خىيال بىلەن تولغان، جان تالىشىۋاتقان كىچىك ئاقسۆڭەكلەر... بۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان يۇمشاقباشلار، بەتخەجلەر، مۇناپىقلار، مۇتتەھەملەر، دېھقانلار، سەھرالىقلار، پادىچىلار، ئوقەتچىلەر، مەسۇملار، كىرىمى تۆۋەنلەر، قەلەندەرلەر، ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر ھەمدە ياش كادىرلاردىن ئىتتىپاقتا يېڭىدىن قاتناشقان پەس تەبىقىلەر گۇرۇھى، يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى ئىمپېرىيىنىڭ ئاھالىسى. بىر مەزگىل ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ھۆكۈمرانلار دەپ خاتا تۇيغۇدا بولغان. ئۇلار مۇشۇنداق خاتا تۇيغۇغا تايىنىپ ئۆزلىرىگە يول بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى دېھقانلار ۋە كىرىمى تۆۋەنلەر 1-خىلدىكى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا بىر خىل شەكىل بىلەن داۋاملاشماقتا. ئەمەلىيەتتە ئۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن يەنە بىر خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئازابتىن خالىي ئەمەس. ئالدىنقىلىرى ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىدىن ئازابلانسا، كېيىنكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ئازابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا تۇيغۇ ۋە نىقاب. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەيلى كۈچلۈكلەر بولسۇن ياكى ئاجىزلار بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارى، ھەتتا ھوقۇقىمۇ بولمىغان ھەم بولمايدۇ، ئەجەللىك توشقاندا ھەممىسى ئۆلىدۇ.

باش قايماقتا! «دەۋرنىڭ ئالمىشىشى كۆزدىكى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ». ① كىشىلەر كىتابلاردىن كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىسىم ئىزدىشىدۇ. ھالبۇكى بۈگۈنكى بىزنىڭ تۈنۈگۈنكى دۈشمەندىن ھېچقانداق پەرقىمىز قالمىغان. ئۇلار بىلەن قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدا پۇل ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقان تۇرساق، نېمە ئۈچۈن مەلۇم كېنىزاللار ئۆز بۇرادەرلىرىنى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشقا جېنىنىڭ بارىچە چاقىرىدۇ؟ كىشىلەر ھەرقانچە ئويلىسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. قەدىمكى ئارىلاشما تىل — قەدىمكى ئىنگلىز تىلىنىڭ قالدۇق قىسمى بىلەن ھەر خىل يەرلىك شىۋىلەر ئارىلاشمىسىنىڭ كۆرمىڭ خىل ئۆزگىرىشىنىڭ بىر خىلى.

ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزىمۇ، چېگرىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنى چەكسىز دېيىشكە بولىدۇ. ئاي شارى ئىمپېرىيىگە ئەڭ يېقىن ئاسمان جىسمى، ئىلگىرى بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ماڭغانلىقى ئەبەدىي نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئۇتۇق ھېسابلانغان.

ئىمپېرىيىنىڭ ئىلىم-پەن تەشكىلاتلىرى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئارىلىق قويۇپ ئاڭلاشنى قارار قىلىپ، ھېلىقى ئاسمان جىسمىغا ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەينەكلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىمىزغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەزگۈر پارابولا شەكىللىك قوبۇللىغۇچ ئەسۋابىمۇ ئاي شارىغا يۈزلىنىپ، ئىمپېرىيىنىڭ قىلچە دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمىغان غايەت زور ئاۋازىنى بىزگە يەتكۈزگەندە كىشىلەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان چىدىغۇسىز ھۇۋلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 3- سانىدىن)

ساتتار تەۋەككۇل تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

---

① ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدىكى مىسرا.

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئەدىبلىرىمىز پايتەختتە



ئاپتورلار سېپى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.



يېڭى پەللىگە قەدەم





ئىجادىيەت مۇساپىسىدە



بىرلىكتە ئىزدىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





《塔 里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅零售：各地邮局所

1995 ـ يىل 8 ـ سان (415 ـ سان)، 45 ـ يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002 — 9044
国内同一刊号：CN 65 — 1010／I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66 定价：2.40元
邮政编码：830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 — 9044
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1010／I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字01005419号